باش مۇھەررىرى: خالىق ساقى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
مۇھەررىرلىرى: ئىسمايىل ئەسقەرى (تەكلىپ قىلىنغان)
دىلدار ئېزىز
تۇرغۇن ئۆمەر
(مەسئۇل كوررېكتور: ئى. ئەسقەرى)

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

**(34)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى


شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ
ئۈلگىسى— روزى ھاجىم ............ شەرىپ خۇشتار 1


## ئىنقىلابىي كۈرەشلەر


تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد 14
قىلىنىشى ............ ئابدۇقادىر روزى
باندىتلارنى يوقىتىش جېڭىدىن ئەسلىمە
سۆزلەپ بەرگۈچى: تۇرسۇن ھەسەن، رەتلىگۈچى: شېرىۋاجى مۇسا 34


## سودا – ئىقتىساد


ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن روسىيىنىڭ دەسلەپكى
مەزگىللەردىكى سودىسى ............ ئابلەت نۇردۇن 40
ماناس ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئالتۇن
ئىشلەپچىقىرىشى ............ ۋاڭ گۇاڭرۇڭ
............ ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى 45

## قۇرۇلۇش ـ تەرەققىيات


ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى تەرەققىيات ...... خوجائەخمەت يۇنۇس 51

شىنجاڭدا تېلېفون ئىشلىتىشنىڭ باشلىنىشى ...... ئادالەت ھادى تەييارلىغان 72

شىنجاڭدا رادىئو ئاڭلىتىشنىڭ باشلىنىشى ...... ئادالەت ھادى تەييارلىغان 74

بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سەھىيە ئىشلىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى ...... ھامۇت ئەخمەت 76


## مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت


شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتىپى — ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىنى ...... ئىسلامجان سابىت 89

يېڭى مائارىپ تارىخىمىزدىكى شەخسلەر ...... ئادالەت ھادى تەييارلىغان 92


## تارىخىي ھۆججەت


خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپخان تۆرە جەسەتلىرىنىڭ تېپىلىش ئەھۋالى ...... ئادالەت ھادى تەييارلىغان 98




## ئۆمۈر خاتىرىلىرى


قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىم ...... سوپاخۇن سوۋۇرۇپ 101


## تارىخىي شەخسلەر


قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت توغرىسىدا ...... قۇددۇس ئابدۇسەمەت 136

قاسىم ئورغاقچى ...... جاڭ خوڭچېن ...... ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى

مەرىپەت يۇلتۇزى — مەرۇپ سەئىدى ...... ھاكىم جاپپار 215


## يۇرت تارىخىدىن


نۇروزقۇمنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى ...... ئىبراھىم ئەلقەم 230


## يوشۇرۇن فرونت


مەن ۋە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش تېلېگراف ئىستانسىسى ...... جاڭ مىڭجىڭ 235 ...... ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

خوتەن چېگرا ئىشلىرى ئىش بېجىرىش ئورنى توغرىسىدا ئەسلىمە ... ۋاڭ داۋجيەن ئالىمجان ياسىن تەرجىمىسى 247

1 ）辛核革命时期的民族团结模范肉孜 ·阿吉 ……………………………………………………………………西 ·胡西答尔
2 ）民族军解放塔城的经过 ……………………………阿 ·肉孜
3 ）忆在哈巢匪经过 ……口述：吐 ·艾山，整理：西 ·木沙
4 ）新疆与沙俄的初期贸易 ……………………………阿 ·努尔东
5 ）玛纳斯县的黄金生产 ………………………………王广荣
6 ）解放前的伊犁水利工程建设 ………………………胡 ·尤努斯
7 ）新疆电话业的创办 …………………………………阿达莱提整理
8 ）新疆广播业的创办 …………………………………阿达莱提整理
9 ）解放前后的仑台医药卫生事业 ……………………阿 ·艾合买提
10 ）《艾比布扎德》师范学校…………………………斯 ·沙比特
11 ）新式民族教育史上的供献者 ………………………阿达莱提整理
12 ）和加尼亚孜阿吉与西里甫汗尸体的发现 …………阿达莱提整理
13 ）哈密农民起义与马仲英……………………………苏 ·苏吾肉甫
14 ）哈密王夏马合苏提 …………………………………胡 ·阿布都赛买提
15 ）哈斯木镰刀 …………………………………………张宏思
16 ）教育家——买肉甫 ·赛依德 ………………………阿 ·加伯尔
17 ）诺肉孜古濮 …………………………………………伊 ·艾力哈木
18 ）我与边务处总电台 …………………………………张明敬
19 ）和田边务办事处的回忆 ……………………………王道建
20 ）1937年去星星峡接应西路军干部战士进疆经过 ……………宫自宽口述 ……………………………………………………
21 ）新疆中运会之我闻我见 ……………………………王得瑜
22 ）近代新疆大事记片断 ………………………………

## شەرقىي شىمال پىدائىيلىرى شىنجاڭدا

1937-يىلى ئارا يولتۇز (شىڭشىڭشيا)غا بېرىپ شىنجاڭغا كىرگەن غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ كادىر - جەڭچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش جەريانى ......
سۆزلەپ بەرگۈچى: گۇڭ زىكۇەن، رەتلىگۈچىلەر: جاڭ ۋەنيۈ، جۇ لىغاڭ ...... 253
ئىلھام ۋەلى تەرجىمىسى

## ئىستىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ياردىمى ۋە شىنجاڭ

شىنجاڭ «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىپى» ھەققىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم ...... ۋاڭ دېيۇ 260
كۈرەش مەھمۇت تەرجىمىسى ......

## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى ...... تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 283

# شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۈلگىسى — روزى ھاجىم

شېرىپ خۇشتار

روزى ھاجىم قەشقەر توققۇزاقلىق بولۇپ، ئاتىسى نەۋرەباي ئوقۇمۇشلۇق، ئادالەتپەرۋەر كىشى ئىدى. نەۋرەباينىڭ تۇنجى ئوغلى روزى ھاجىم 1870 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان؛ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان؛ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان؛ كۆپىنچە ھاللاردا ئاتىسى قاتناشقان ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پاراڭلارغا، جەمئىيەت ئەھۋالى، دىن ۋە تارىخ توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرگە قۇلاق سېلىپ، مەلۇم دەرىجىدە مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان.

ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، روزى ھاجىم ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ جامائەتچىلىككە قوشۇلغان. جامائەت ئۇنىڭ راستچىل ۋە ئادىل پىكىرلىك ئىكەنلىكىنى، سودا جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىززەت - ئابروينى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى سودا - سانائەتنىڭ باش ئاقساقىلى قىلىپ تەيىنلىگەن.

ئۇ، سودا ئاقساقلى بولغان مەزگىلدە، ھەر مىللەت سودا-سانائەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىم-سىتەم ئىشلىرىنى ۋە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر قانداق مەسىلىدە مىللەت ئايرىماي، ھەممە مىللەتكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە باشقا مەسىلىلەردە تۇتقان توغرا پوزىتسىيىسى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىمۇ قايىل قىلغان. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى مەسىلىلەردە ئۇنىڭدىن پىكىر ئېلىپ تۇرغان. مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىرى بەك ئۆكتەم ۋە زالىم بولغاچقا، خەلقنى خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدىغان، قىمارخانا، ئەپيۇنخانا، پاھىشەخانا ۋە باشقا سورۇنلاردا جېدەل چىقىرىدىغان، خەلقتىن نەرسە-كېرەك سېتىۋالسا، ھەتتا تاماق يېسىمۇ پۇل بەرمەيدىغان ئىشلارنى پات-پات تۇغدۇرۇپ تۇراتتى؛ بۇنىڭغا قارشى چىققانلارغا چامباشچىلىق ئۇسۇلى بىلەن زەربە بېرەتتى. لېكىن، مۇنداق ئۆكتەملىككە سودا-تىجارەتچىلەرمۇ بوش كەلمەيتتى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە، بەزىدە چىرىكلەر بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن ھۆكۈمەتمۇ ۋە خەلقمۇ ئوخشاشلا ئەندىشە قىلاتتى. روزى ھاجىم مۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاقىلانە چارە ئىزدەيتتى: ئاۋۋال ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلەرنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالاتتى؛ ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدىكى ئارازلىقلارنى پەند-نەسىھەت بىلەن تۈگىتەتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم قىزىل تاغ سەيلىسىدە چىرىكلەر جېدەل چىقىرىپ، سەيلە



گاھىتىكى بىر نەچچە مىللىي ئاشخانىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. تىجارەتچىلەر بۇنىڭغا قارشىلىق قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ سەپ تارتىشىپ، چوڭ ماجرا تۇغدۇرۇشقا ھازىرلىنىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان روزى ھاجىم دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋەقەنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ھەر ئىككى تەرەپكە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، چىرىكلەرگە: «سىلەرنىڭ سەيلە بايرىمىڭلارنى دەپ، كۆپلىگەن ئوقەتچىلەر بۇ يەرگە چىقىپ ئاممىغا خىزمەت قىلىۋاتسا، سىلەر ئۇلارغا رەھمەت ئېيتماق تۇرماق، بۇنداق ئەھۋالنى پەيدا قىلساڭلار، كەلگۈسىدىكى سەيلىگە ئۇلار چىقىپ تاماق ئەتمىسە سەيلە قانداق قىزسىدۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن تىجارەتچىلەرگە: تىجارەتچى دېگەن ياۋاش، مۇلايىم بولۇپ خېرىدارلارنى ئوبدان كۈتسە، ئاندىن تىجارەت قىلالايدۇ. سىلەر خېرىدارلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار، كىم بىلەن تىجارەت قىلىسىلەر؟ — دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇغۇلغۇسى چوڭ ماجرانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ ئۆتمۈشى كەمبەغەللەر ئۈچۈن دوزاخ ئىدى. ھادىسىگە ئۇچراپ مېيىپ بولغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن كان ئىشچىلىرىغا ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمايتتى. كېسەللەر ۋە ئىگە چاقىسىز قېرى يوقسۇللار ياز كۈنلىرى سېپىل تۈۋىدە ياكى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ بويىدا يېتىپ، بەدەنلىرى تېشىلىپ يىرىڭداپ كېسەل ئازابىدىن ياكى ئاشلىقتىن ئۆلسە، قىش كۈنلىرى قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئازابىدىن توڭلاپ ئۆلەتتى. بۇلارغىمۇ ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمايتتى. ئەگەر بىرەر مانجۇ ئەمەلدارى ياكى پۇقراسى ئۆلسە، شەھەر ئاھالىسىگە 500 دىن 1000 غىچە، بىرەر خەنزۇ ئەمەلدار ئۆلسە 300 دىن 600 گىچە، بىرەر ئاددىي خەنزۇ ئۆلسە 100 دىن 200 گىچە ماتەم ئالۋان قوياتتى. ئۇلار بۇ ئالۋاننى ئالدىغا قايسى سودىگەر ئۇچرىسا شۇنىڭدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا «پۇلنى ھۆكۈمەت بېرىدۇ» دېگەن قۇرۇق قەغەزنى

ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە پۇقرا بۇ يولنى ھېچ كىشىدىن ئالالمايتتى. مۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، تىجارەتچىلەر دۇكانلىرىنى تاقاپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەمما، چېرىكلەر ماتالارنى سارايلاردىن تاي - تايلاپ بۇلاپ ئېلىپ كېتەتتى. سودىگەرلەر بۇنىڭغا پىچاق - كالتەك كۆتۈرۈپ قارشىلىق قىلاتتى. ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار بولسا، ئۆزئارا ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى راست قىلىشاتتى. نەتىجىدە، زىيان سودىگەرگە بولاتتى. چېرىكلەر ئالغان ماتالاردا چوڭ قارىلىق مەيدانى ياسايتتى، مېيىت چىققان ئائىلە كىشىلىرى ۋە ئۇزاتقۇچىلار ماتادىن قارىلىق كىيەتتى. گۆھنەسەي (ئۆلۈك ساندۇقى) نىڭ ئەتراپى ئاق ماتا بىلەن ئورىلاتتى، ماتادىن ئۇزۇن ئارغامچا تەييارلاپ، گۆھنەسەينىڭ ئالدى - ئارقىسىدىن باغلاپ، ئون كىشى ئالدىدىن، 20 كىشى كەينىدىن تارتىپ ماڭاتتى، ھەتتا نەچچە يۈزلىگەن ئاق گۈلمۇ ماتادىن ياسىلاتتى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەر، مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا خېلى ئېغىر ئازارلىقلار مەۋجۇت ئىدى. روزى ھاجىم بىرىنچى قەدەمدە ئەڭ ئاۋۋال كېسەل، مېيىپ، ئىگە چاقىسىز قېرى كىشىلەر ۋە يېتىم ئوغۇللارغا خەيرى خاھلىق قىلىشنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ھەرقايسى مەسچىتلەرگە خەيرى - ئېھسان ساندۇقى ئورنىتىپ، بۇنىڭغا چۈشكەن پۇللارنى يېتىم - يېسىرلەرگە خىراجەت قىلدى. ئاندىن ساقىئاخۇن باي، تۇردى ئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ پىكرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ بولاق بېشى كوچىسىدا بىر دارىلئاجىزىن قۇرۇپ، ئۇ يەرگە يېتىم - يېسىر، مېيىپلارنى يىغىپ، خەيرى - ئېھسانغا چۈشكەن پۇللار ۋە بايلارنىڭ ئىئانىلىرىنى شۇ يوقسۇللارغا ئىشلىتىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن چوڭ ياخشى ئىش قىلدى. ئىككىنچى قەدەمدە، ماتا ئالۋىنى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە سودىگەرلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، ھەربىر سودىگەردىن بىرقانچە ئون دانىدىن ماتا يىغىپ ساقلىدى؛ ھاكىمدارلار دائىرىسىدە ئۆلۈم ئىشلىرى يۈز بېرىپ ماتا تەلەپ قىلغاندا، ماتا ئالغىلى كەلگۈچىگە ھۆججەت بىلەن ماتا بەردى؛ كېيىن بۇ ماتانى ھۆججەت بويىچە ساق قايتۇرۇپ ئالدى. مۇشۇنداق تەدبىر بىلەن، سودىگەرلەر ئۈستىدىكى ماتا ئالۋىنىنى توختىتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى توسۇپ قالدى.



مانجۇ ئىستىبداتلىرىدا مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان نەنمېڭ دەرۋازىسى سىرتىدىكى كونا مال بازىرىغا چوڭ بىر چوشقا قوتىنى سالغان. قوتاندىن قاچقان چوشقىلار ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنىڭ ھويلىلىرىغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بۇنىڭدىن نارازى بولغان. ئۇلار پىچاق - كالتەك كۆتۈرۈپ، چوشقا قوتىنىنى بۇزۇپ تاشلاش قارارىغا كەلگەن ۋە بۇ ھەقتە روزى ھاجىمدىن مەسلىھەت سورىغان. روزى ھاجىم ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى تەنقىد قىلغان، ئاندىن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئىشنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، زور ماجىرانىڭ ئالدىنى ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھۆكۈمەتكە تەكلىپنامە يېزىپ، ئۇ يەردىكى چوشقا قوتىنىنى يۆتكىتىۋەتكەن (كونىلارنىڭ ئۇ يەرنى «توڭگۇزخانا» دېيىشى شۇنىڭدىن قالغان). روزى ھاجىم مىللىي مەسىلىگە ئادەمگەرچىلىك نۇقتىسىدىن توغرا قارىغان: ھەر يىلى زاكات بەرگەندە مىللەت ئايرىمىغان، ھەتتا بىر بۆلۈم زاكاتنى يوقسۇل خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق غەيرىي دىندىكى

مىللەتلەرگىمۇ بەرگەن. باشقىلار ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسىز؟» دەپ سورىسا، ئۇ «خۇدا ھەممە كىشىنى ئوخشاش ياراتقان، ھەممىسى ئادەم، نەزىر - زاكات كىمگىلا بېرىلسە قوبۇل بولۇۋېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

شىنجاڭدا 1905 - يىلدىن باشلاپ ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەدرىجىي كەسكىنلەشكەن. شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سۇن فۇزسى لىيەنكۈي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى تونۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن. ئۇ، تۈرلۈك باج - سېلىقلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە يېڭى ئالۋان-ياساقلارنى كۆپەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە بولغان نارازىلىقى ۋە غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ ئاشقان. لىيەنكۈي ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان يۈەن داخۇا ئالۋان - ياساقنى ئۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن كۆپەيتكەن ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتنى باستۇرۇپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن. بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار روزى ھاجىمغا قاتتىق ساۋاق بولغان. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەزگۈچىلەرگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق قارشى تۇرۇش ئېڭى شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، سودا ۋە جامائەت ساھەسىدىن سىياسىي ساھەگە ئاتلانغان. «گېلاۋخۇيچىلار» بىلەن ۋاستىلىك ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئۆز پىكرىنى ئېيتقان. گېلاۋخۇيچىلار: «بىز - بىر مەخپىي تەشكىلات، مۇبادا ھەرقايسى مىللەتلەر بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى قوللىسا، بىز ئۇلار ئۈچۈن سەممىي ھەرىكەتتە بولىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن روزى ھاجىم ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ چىرىك سىياسىتى ئۈستىدىن نۇرغۇن سورۇنلاردا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن شىكايەت



قىلىپ، خەلقنى ئويغاتقان. ئۇزاق ئۆتمەي، روزى ھاجىم ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىدىن ليۇ شەنجۇن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن شۈيمۇگۇ، شىچىخو (ئۈرۈمچى كونا ئايرودرومىدىكى ئۆزىنىڭ جاڭزىسى)، نەنسەن قاتارلىق جايلاردا ئۇچرىشىپ، ئىنقىلابىي قوزغىلاڭنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشكەن. مۇزاكىرە نەتىجىسىدە، روزى ھاجىم سانجى، ماناس، ئۈرۈمچى، مىچۈەن قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئويغىتىش ۋە ئىنقىلاب ئۈچۈن ئىئانە توپلاشقا مەسئۇل بولغان. ئاندىن ئۈرۈمچىدىكى ھاللىق ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلەردىن: مۇھەممەت قارى، ھاجى نەمەت ئاخۇن، ئابلا ئاخۇن تۆگە، ئابلا ئاخۇن ئىشان، خوتەنلىك مەقسۇت ئاخۇن، قارقاشلىق ساقى ئاخۇن باي، پالتاخۇن باي، مەنسۇرجان باي، تۇرسۇن بابا، ھۈسەيىن باي، سەپەر ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن (كېيىن شاگىرتى بولغان) قاتارلىقلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلاردىن 25 مىڭ سەر پۇل (بۇ پۇلنىڭ ئۆلكە پۇلى ياكى كۈمۈش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگۈچى ئېنىق بىلمەيدۇ)، نۇرغۇن ئاشلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئەشيالارنى يىغقان؛ ليۇ شەنجۇن ئارقىلىق ئىلى ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىدىن ياڭ زەنشۈي بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىلىدىكى ۋەتەنپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەر ۋە خەلقپەرۋەر زاتلاردىن ھۈسەن باي ھاجىم، ھاكىم بەگخوجا، ياقۇپ باي، ۋاڭ قادىرلارنى ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغان. بۇلاردىن ھاكىم بەگخوجا سەكسەن يۈزدىكى دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەن ۋە ئاشلىق ياردەم قىلغان؛ ھۈسەن باي ھاجى ئات ئىگىرى، يۈگەن، سومكا، پاگون، قىلىچ قىنى (غىلاپ) ۋە باشقىلارنى تەييارلاشنى، ياقۇپ باي قىشلىق كىيىم - كېچەك تەييارلاشنى، ۋاڭ قادىر نەق پۇل ياردەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان ۋە بۇنى ئەمەلىيەتتە

ئۇرۇندىغان. ليۇ شەنجۇن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى ۋە «گېلاۋخۇي» چىلار ئۈرۈمچىدىكى «گۇەن يېڭگى» ناملىق قەدىمكى بۇتخانىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئەكسىيەتچىلەر تەرەپ - تەرەپكە پايلاقچى قويۇپ، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاماقتىن قىينالغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان روزى ھاجىم نەنگۇەن ئەتراپىدىكى ناۋايلارنىڭ نانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى نان ساتقۇچى قىياپەتتە بۇ نانلارنى بۇتخانىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرىغان، شۇنىڭ بىلەن، «گۇەن يېڭگى» بۇتخانىسىدىكى ئىنقىلابچىلارغا نان يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1911 - يىلى 28 - دېكابىر كۈنى ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن قىلىنىدىغان ھەربىي ھەرىكەتكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ليۇشەنجۇن ۋە روزى ھاجىملار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قوزغىلاڭنىڭ قوماندانلىق شتابىنى خۇيزۇ ليۇ جىنسەي ھاجىنىڭ تۈگمىنىگە قۇرغان. ئەمما بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەت دۈشمەنگە سېزىلىپ قېلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، ئىنقىلابچىلار قانلىق باستۇرۇلغان. ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلمەكچى بولغان قوراللىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلىدىكى پىدائىيلار قوشۇنى 1912 - يىلى 1 - ئايدا ياڭ زەڭشىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىپ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇنىڭدىن ئۈرۈمچىدىكى روزى ھاجىم باشلىق ھەر مىللەت خەلقى تەسىرلىنىپ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە تەبرىكنامە يېزىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە مىللەت قاتناشقان بىرلىكسەپ قۇرۇپ ئىنقىلاب-



مى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە يۇقىرىدا ئىسمى بايان قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلەردىن ئىئانە توپلاپ، ئىلى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن. ئەمما بۇ سوۋغا شىخۇغا بارغاندا يۈەن داخۇانىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن توسۇپ قېلىنغان. دەل شۇ كۈنلەردە يۈەن داخۇا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئوت - ئۇچقۇنلىرىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن، شاھ مەخسۇت ۋاڭغا تايىنىپ قۇمۇلدىن ئەسكەر ئالدۇ. بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدىن تۆمۈر خەلىپە دېگەن كىشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاڭ ئوردىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردۇ. بۇ خەۋەر تارقالغاندا، روزى ھاجىم ئىنىسى ئەمەتخان لۈيجاڭ («ئەمەتخان دارىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى تۆمۈر خەلىپىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىنى قوللايدۇ ۋە ئۇلارنى نۇرغۇن ئىچكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۆلكىنىڭ دۇدۇلىقىغا ياڭ زېڭشىن تەيىنلىنىپ ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى» يۈرگۈزۈلگەندە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، روزى ھاجىم 1913 - يىلى 9 - ئايدا ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (فۇيجاڭ) بولىدۇ. ئۇ، مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ياڭ زېڭشىننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، خۇيزۇ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى ما فۇشىڭ (ماتىتەي) تۆمۈر خەلىپىنى «قوزغىلاڭ قىلماقچى» دېگەن بەدنام بىلەن، تۇرپان ئاستانىلىق ئىنقىلابچى مۆيدىن خەلىپىنى «خىيانەت قىلدى» دېگەن بەدنام بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردۇ، بۇ ئىشقا روزى ھاجىم قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن: «بۇ — ھەربىيلەرنىڭ ئىشى، ئۇلار ۋاقتىدا تەدبىر قوللانغان، مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. روزى ھاجىم پۈتۈن ئۈرۈمچى خەلقىگە باش بولۇپ، بۇ ئىككى ئىنقىلابىي قۇربانىنى قايغۇلۇق ماتەم بىلەن خۇاڭ چىڭ كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ

يېڭىغا دەپىن قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار سىياسىي ۋەقەلەر روزى ھاجىمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇپ، ئەزگۈچىلەرگە قارشى بىرلىكتە كۆرەش قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ۋاقىتتا شىنجاڭدا مىللەتلەر ئارا ئېغىر زىتلىق ۋە سۈركىلىش مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىش شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ بىرقەدەر ئېغىر ھالدا ساقلانغان.

1916 - يىلى روزى ھاجىم بۇ خىل مىللىي زىتلىقنى تۈگىتىپ مىللەتلەر ئارا ئىناقلىقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەيدۇ. ئۇ، خەنزۇ سودىگەرلەر ئاقساقىلى ياڭ شياۋجۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ نەنمىنىڭ (جەنۇبىي دەرۋازا) سىرتىدا، مىللەتلەر سودا بازىرى قۇرۇشنى پىلانلايدۇ - دە، ھەر مىللەت سودىگەرلىرىدىن ئىئانە توپلاپ، ھازىرقى نەنمىنىڭ گۈللۈكى ئەتراپىدا ئۇزۇنلۇقى 120 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى 8 مېتىر كەلگەن بىر لاپاس سالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىنى بورا بىلەن يېپىپ، لاي بىلەن سۇۋاپ، ئەتراپىنى سىرلاپ زامانىۋى بازار قىلىدۇ. بۇ بازارنى رەستە دەپ ئاتىشىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇلار دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت سودىگەرلىرى بىلەن بىللە سودا قىلىدۇ، ئۆز ئارا تونۇشىدۇ، سىردىشىدۇ، ئىناق ئۆتۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ رەستە بازىرى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. روزى ھاجىم خەلق ئۈچۈن ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى - ئى-



ناقلىقى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرى بەدىلىگە ھەر مىللەت خەلقىنىڭلا ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ قالماي، بەلكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەت «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى» دەپ ۋىۋىسكا يېزىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىگە ئاسىدۇ (بۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئىنئامى ئىدى) ھەمدە ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ياڭ زېڭشىن مەركەزنىڭ بۇ «مەرھەمىتى» دىن پايدىلىنىپ، روزى ھاجىمنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن، روزى ھاجىم يەنىلا ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى چەت ئەل چېركاۋلىرى جاھانگىرلارنىڭ خەلقىمىزگە مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى يۈرگۈزىدىغان ۋاستىسى بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئاخبارات توپلاش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قارشى ئېلىناتتى. چەت ئەل چېركاۋلىرى ئامبۇلاتورىيە ئېچىش، كېسەل داۋالاشنى نىقاب قىلىپ، ھەر خىل تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتاتتى؛ ئىشپىيونلۇق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى. لېكىن، ۋەتەنپەرۋەر روزى ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ بۇ زېمىندا ئۆز خاھىشى بويىچە ئەسكى ئىشلارنى قىلىشى ۋە دىن تارقىتىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلمىشلىرىنى چەكلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئاۋۋال ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەرنى چېركاۋغا ھەرقانداق سەۋەب بىلەن كىرىشتىن توسۇغان، چېركاۋنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقۇچىلارنى نەسىھەت بىلەن قايتۇرغان ۋە جايلاردىكى نوپۇزلۇق زاتلارغا خەت يېزىپ ئۇلارغىمۇ مۇنداق

ھەردىگەتلەرنى چەكلەشنى ھاۋالە قىلغان،

ياكۇزىكشىن ئىزچىل تۈردە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىدارە قىلىش» دېگەن ئەكسىيەتچىل سىياسەت قوللىنىپ، مىللەتلەرنىڭ دوستانە ئالاقىسىغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ كەلگەنىدى. روزى ھاجىم مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، ھەرقانداق سورۇندا سۆز قىلغاندا، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ساقلاشنى، بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشماسلىقنى تەكىتلىدى؛ ھەر يىلى خەنزۇلارنىڭ چاغان بايرىمىدا چوكلار ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ھەر قايسىغا ئۆز يارىشىغىدا سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ھېيتلىدى؛ كەمبەغەل خەنزۇ ئائىلىلىرىگە گۆش، ماي، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ تۇردى. كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بىر ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ دۇكىنىغا ئوت كېتىپ، شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇلار تەشكىللىگەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئەتىسى روزى ھاجىم ئۆز ئۆيىدىن تۆت قوي، گۈرۈچ ۋە سەي ئېلىپ كېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىن ھال سورايدۇ ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى خەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا دوستانە رەھمەت ئېيتىدۇ. بۇ روزى ھاجىمنىڭ ئادىمىگەرچىلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن كۆرسەتكەن يەنە بىر تۆھپىسى.

ياكۇزىكشىن يەنە خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش، ئېشىكىنى تاقىۋېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە بىر - ئىككى خەنزۇ مەكتەپتىن باشقا، دىنىدىكى بىر نەچچە مەكتەپلا بار ئىدى، شۇڭا، ساۋاتلىقلار ناھايىتى ئاز ئىدى؛ ساۋات چىقىرىش ئۈچۈن، ئالاھىدە موللا تەكلىپ قىلىپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. روزى ھاجىم قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ھۆكۈمەتكە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش



تەكلىپىنى قويغان بولسىمۇ، ياكۇزىكشىن ھۆكۈمىتى رۇخسەت قىلمىغان، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارمۇ بۇ تەلەپتىن زادى يانمىغان. ئۇزاق مۇددەت تالاش - تارتىش قىلىنىپ، 1921 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنغان. روزى ھاجىملار نەنگۇەندىكى مەسچىتتە (ھازىرقى خانتەڭرى مەسچىتى ئورنىدا) يېڭىچە يەنى پەننىي مەكتەپ ئاچقان، بۇ مەكتەپ دەسلەپ «تۇرانى» دەپ، كېيىن «ئەختەربىيە» دەپ ئاتالغان. بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىرى: گراماتىكا، ئىلمى تەجۋىد، ئىلمى ھېساب، جۇغراپىيە، ئانا تىلى، تارىخ، رۇس تىلى، رەسىم، تەنتەربىيە ۋە ناخشا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. مۇئەللىملىرى: ئابدۇ خالىق زادە، نۇردۇن ئەپەندى، شەمشىدىن، پەرىدىن ئەپەندى قاتارلىقلار بولغان. دېمەك، روزى ھاجىمنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇنجى پەننىي مەكتەپ بىنا بولغان. روزى ھاجىم مەكتەپ سېلىش بىلەنلا قالماي، ئاممىنى كورلا، ماناس دەريالىرىغا كۆۋرۈك سېلىشقا قوزغاپ، ئۆزىمۇ بىر بۆلۈم پۇل چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ سادىق كاسسىرى ھېزىمئاخۇننى ئىش ئۈستىدە قويۇپ، كۆۋرۈك ياساپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرغان.

روزى ھاجىم 1927 - يىلى يەنى ياكۇزىكشىن ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھەج تاۋاپ قىلغان، ياكۇزىكشىن ئۆلۈپ، جىڭ شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋەرگەن. روزى ھاجىم 1932 - يىلى 62 يېشىدا ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا جەمئىيەت تەرتىپى، ئىجتىمائىي تۈزۈم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە باشقا ساھەلەردە ياراتقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى ھېلىغىچە كىشىلەر ئاغزىدا سۆزلەنمەكتە.

× × ×

بۇ ئەسلىمە پېشقەدەم زىيالى باقى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۇزۇن يىللىق خاتىرىسى ئاساسىدا ۋە ئۇ كىشى كۆرسىتىپ بەرگەن ناسىر بەگ، بەكرى پۇگەن، جاۋجەنفېڭلاردىن ئەھۋال ئۇقۇش ئارقىلىق يېزىلدى.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق كىنو - فىلىم شىركىتىدىن)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئەزىزى**

# تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىشى

ئابدۇقادىر روزى

1945 - يىل «1 - ئاۋغۇست» كۈنى تارباغاتاي خەلقى تارىختا تۇنجى قېتىم دېموكراتىك ئىنقىلاب ئارقىلىق ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت زۇلمىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلغان كۈن.

تارباغاتاي ۋىلايىتى ئازاد قىلىنىش ھارپىسىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاخىرقى جان تالىشىش باسقۇچىغا كىرىپ، بارلىق قەبىھ ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالدى: ھەر مىللەت خەلقىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىرغىن قىلدى؛ نۇرغۇن كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلىدى؛ نۇرغۇن كىشىلەرنى «سوۋېتپەرەس» دېگەن قالپاق بىلەن تۇتقۇن قىلدى. ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىدارىلەرنىڭ دىققىتى پۈتۈنلەي مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان بولۇپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرى جىددىي ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. تەشۋىش ۋە ئەندىشە ئىچىدە قالغان پۇقرالار كېچىلىرى تاڭنى ئۇخلىماي ئاتقۇزاتتى.

1944 - يىلى 5 - ئايدا، يۇرتىمىزدا قىممەت باھالىق سېرىق فورما كىيگەن بىرنەچچە ژاندارمىلار پەيدا



بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى پومېشچىك مېيىك دېخاۋنىڭ تۇغقىنى ئىكەن. ئۇ، مېيىك دېخاۋنىڭكىگە قويۇق كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار چۆچەكتە بىر مەزگىل تۇرۇپ، 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كېتىپ قېلىشتى. كېيىن ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھەربىي سىستېمىسىنىڭ ئىشپىيونلىرى بولۇپ، شۇ چاغدا تۈرمىدە ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەنلەر ئىكەن. ئۇلار ئىلى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچكە، شۇنىڭدەك قىزبىيت يېزىلىق شۆبە ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ئابدۇرېھىمنى «پارتىزانلارغا ھېسداشلىق قىلدى» دەپ ئېتىۋەتكەچكە①، يۈز بېرىشى ئېھتىمالى بولغان توپىلاڭدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىشكەن.

## ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا كېرەكلىك خىراجەت ۋىلايىتىمىزدىكى تۈرلۈك باج ۋە بانكا پۇل ئوبوروتىدىن كېلىدىغان كىرىمدىن ئاجرىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشقا ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ياكى ئىگىلىكى يوق ئىدى. ئادەتتىكى خۇمدان، پىيماكات، ئۇچەي ۋە ھاراق زاۋۇتلىرى، كۆنچىلىك قاتارلىقلار شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمايتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى»

① ئابدۇرېھىمنىڭ جەسىتى چۆچەكتىكى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى غەزەپلىنىپ كۆپ غوۋغا كۆتۈردى ۋە شۇ سەۋەب بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر قوزغىلىپ كېتىشكە ئازلا قېلىپ، بېسىلىپ قالدى. ئەگەر قوزغىلاڭ يۈز بەرگەن بولسا، ئەڭ ئاۋۋال ھۇجۇم ساقچى ئىدارىسىگە قارىتىلغان بولاتتى.

(سوۋسىن تورگ) بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكتىن، زاۋۇت-فابرىكا ماللىرى ئازلاپ، ھەتتا تۈگەپ كەتكەن. خەلق ھەدىگەندىلا سەرەڭگە، كىرسىن قىيىنچىلىقىغا ئۇچراپ، تاشچاقماق، مايشام، ساپال قاچىلارنى ئىشلىتىشكە، ماتا - چەكمەندىن كىيىم كىيىشكە مەجبۇر بولدى. ئالدىنقى سەپكە ياردەم دىگەن باھانە بىلەن خەلقتىن ئېلىنغان ئات-كالا ھەققىگە پۇل بېرىلگەن ھامان پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، بۇرۇنقى بەش نانىنىڭ پۇلىغا بىر نان كەلمەيدىغان، بىر قويغا بىر دانە تاشچاي ئالغىلى بولمايدىغان ھالەت ئومۇملاشتى. بازار سودا - سېتىقچىلىقىدا باج ئىدارىسى باج ئېلىشنى ئېغىرلاتقاندىن باشقا، سېتىلغان نەرسىگە ماركا چاپلانماي قالسا، مارىلاپ تۇتۇپ ئېغىر جەرىمانە ئېلىش ۋە «تەكسى باھاسى» بەلگىلەش يولى بىلەن سودىگەرلەرنى تالان - تاراج قىلدى. ئەدلىيە ئىدارىسى بانكا قەرزىنى تۆلىيەلمىگەن سودىگەرلەرنى جازاغا تارتىش، ئېغىرلىتىپ جەرىمانە ئېلىش يولى بىلەن ئۇلارنى خانىۋەيران قىلدى. سودىگەرلەر ھەرقانچە غەيرەت قىلسىمۇ، تىجارىتى ئىلگىرى باسماي، دۇكانلىرىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇششاق سودىگەرلەر سۇنۇپ، ئاساسىي سودىگەرچىلىك گومىنداڭ ئورگانلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار بىرنەچچە چوڭ پومېشچىك① سودىگەرلەرنىڭلا مونوپولىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ھاجىتى چۈشكەندە شۇلاردىن پايدىلاندى. بانكا خەزىنىسى ۋالىي دەرىجىلىكلەرنىڭ خۇسۇسىي نەرسىسىگە ئايلىنىپ، ئۇلار بانكىدىكى پۇل ھېسابىغا

① چۆچەك مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، چوڭ پومېشچىك مىڭ دېخاۋنىڭ ئىسكىلاتىنى تەكشۈرگەندە، ئۇ يەردىن دېكتار پىلىموت، مىلتىق، تاپانچا ۋە قىلىچلار چىققان.



قىمار ئويناشتى①. ئىقتىسادىي بوھران تۈپەيلىدىن، مال باھاسى ئۆرلەپ، بازارلاردا قىممەتچىلىك ۋە كاساتچىلىق پەيدا بولدى. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئەزەلدىن قالاق بولۇپ، ئاشلىق كۆپىنچە بېسىمدارلارنىڭ ئامبارلىرىدا بېسىلىپ تۇراتتى. ئۇلار «پۇل ساقلىغىچە ئاشلىق ساقلاش كېرەك» دەپ، بازارغا ئاشلىق چىقارماي، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېغىرلاتتى. شەھەر ۋە يېزىلاردا باللىرىنى يېتىلەپ تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار كۆپىيىپ، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. بۇ ئەھۋاللار پۇقرانى ئۆز ئالدىغا چارا ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغانلىقتىن، بەزىلەر ئامال قىلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، چەت ئەلدىن ئىقتىسادىي ياردەم سوراشقا ھەرىكەتلەندى. ئۇلار ئۆزىنىڭ خام ماللىرىنى چەت ئەلگە ئاپىرىپ، زاۋۇت ماللىرىغا ئالماشتۇرۇپ ئەكىلىپ، مال قىس بولۇش قىيىنچىلىقىنى قىسمەن بولسىمۇ ھەل قىلدى②. بىراق، بۇنداق ئىشنى ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن يوشۇرۇن قىلمىغاندا، گومىنداڭ چېگرىچىلىرى سېزىپ قالسا، دەرھال قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايتتى. بۇنىڭدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي قىسىملىرى، ساقچى ئىدارىسى ۋە جاسۇسلىرى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئاددىي پۇقرا ئىچىدىن بىرمۇنچە كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە تاشلىغان. قىسقىسى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تارباغاتاي خەلقىنىڭ كۈن كۆرۈش — ياشاش ئۈمىدىنى

① چۆچەك مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، بانكىنى تەكشۈرگەندە، زالىي فېڭنىڭ قىماردا ئۇتتۇرغان پۇلى ھېسابىغا كەسكەن بىرمۇنچە چەكلىرى چىققان.

② كىشىلەر سوۋېت چېگرىسىدىكى بىرنەچچە يەردىن ئۆتۈپ، خام مالغا پىششىق مال ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. 1928 - يىلى جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، «جۇڭگو پۇقرالىرى قولىدا دوجەنتى بولمىسىمۇ سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، يەرمەنكىلەردە سودا قىلىپ قايتسا بولىدۇ» دېگەن توختام بويىچە مال ئالماشتۇرۇشلار بولغان.

ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشىنىڭ ھەممە تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى.

## گومىنداڭنىڭ ۋىلايەتتىكى ھەربىي كۈچى

تارباغاتاي — چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخۇ، ساۋەن، قوبۇقسار، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋىلايەت بولۇپ، بۇ ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچلىرى بار ئىدى. بۇلاردىن شىخۇ ناھىيىسىنى گومىنداڭ «يېمىرىلمەس قورغان» دەپ ئاتاپ، ئۇ يەرگە كۆپ كۈچ توپلىغان. بۇ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەغلۇپ قىلىشقا قاراتقان ئالاھىدە پوزىتسىيىسى①؛ قوبۇقسارغا توپلىغان كۈچلىرى② بولسا، ئالتاي ۋە تارباغاتاي ئىككى ۋىلايەتتىكى گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىشقا قاراتقان پوزىتسىيىسى ئىدى. ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى شىخۇنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي جەھەتتىن باشقۇرالمايتتى. دۆربىلجىندىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى قوبۇقساردىكى قوشۇنغا ئۆتسىمۇ، ئۇ يەردىن ئېلىپ كەلگۈدەك ھەربىي كۈچ يوق ئىدى. شۇڭا، چۆچەك ۋە دۆربىلجىنلەردىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى پەقەت ئۆزلىرىدە بار كۈچلەرگىلا

① شىخۇنىڭ ئۆزىگە كۈچلۈك قوراللاندۇرۇلغان بىر تۇەن، چىگىشۇرغا بىر تۇەن، چېپەيزىگە بىر ئاتلىق تۇەن، يەنىخەي، مايتاغ، بايىنگولارغا ئىككى يىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

② قوبۇقساردا بىر تۇەن ئەسكەر ۋە ئەكسىيەتچىل يەرلىك قوغدىنىش دۈيىنىڭ 200 ئادىمى بار ئىدى. ئۇلار جىمۇنەي پارتىزانلىرىنىڭ زەربىسىگە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرغان، ئۆز ئىچىدە گۇمانلىق دەپ ھېسابلانغانلارغا ۋەھشىيانە تېررورلۇق يۈرگۈزگەن، ھەتتا بىر نەچچە ئەسكەرنى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرگەن.



يۆلىنەتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچى ئاساسەن دۆربىلجىندە بولۇپ، چۆچەكتە بىر تۇەنلا بار ئىدى. قىزىلبېيت، چىپار ئاغاچ، قىرىقئۇچاق قاتارلىق بىر نەچچە يەردە ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ئەسكەرلەرمۇ (چاغانتوقايمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) شۇ تۇەننىڭ تەركىبىدە بولۇپ، بۇ كۈچلەر ئاتاقتا تۇەن، يىڭ، لىيەنلەرگە بۆلۈنگەن بولسىمۇ، سان جەھەتتىن تولۇق ئەمەس ئىدى. دۆربىلجىندىكى قوشۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ماش رەڭ كىيىملىك مۇنتىزىم تۇەن بولۇپ، ئۇلار دۆربىلجىن كىنوخانا بىناسىغا جايلاشقان. بۇ قىسىمنىڭ ئەمەلدارلىرى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە مەمۇرىي ئىدارىلەر بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلاپ، خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە خەلققە سېلىق سېلىپ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. مەسىلەن، دۆربىلجىننىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، شەھەر ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ خەندەك كولاپ تانكا ئۆتەلمەيدىغان قىلىش، پوتەي ياساش ئۈچۈن كېسەك تۆكتۈرۈش، ياغاچ ماتېرىياللار يىغىش، بارلىق ئۆي - ئىمارەت تاملىرىنى قارا رەڭدە بوياپ ئايروپىلانغا كۆرۈنمەيدىغان قىلىش، ئالتاي تەرەپتىكى ھەربىي قوشۇنلارغا نان ۋە باشقا ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى تەييارلاتقۇزۇش ھەمدە ئۇلارنى توشۇشقا ترانسپورت ھازىرلاش، ئالدىنقى سەپكە ئات - كالا ياردەم قىلىشنى تېزلەشتۈرۈش قاتارلىق ئالۋان - ياساقلارنى سالدى. بۇنىڭغا كىمىكى سۇسلۇق قىلسا، باۋجاڭ ۋە مىڭ بەگلىرى ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇلارنى دەرھال ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلاپ، شەرتسىز بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. يەنە مەسىلەن، ھاسىغا تايىنىپ ناۋايلىق قىلىدىغان بىر تۇكۇر ناۋايىنى، شۇ چاغدىكى شىيەنجاڭ ×× ھېبلىقى ھەربىيلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، «ناننى ياخشى پىشۇرمىدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن قاتتىق ئۇرغان. تۇكۇر

ناۋاي يىقىلغاندىن كېيىن، ناننى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىققان.

گومىنداڭ دۆرىۋىلجىنىدە پەيدا بولغاندىن كېيىنلا خەلقنى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈشنىڭ ھەر خىل تەدبىرلىرىنى قوللاندى: ئەپيۇن - نەشە چېكىشكە، پاھىشىخانا ئېچىشقا ۋە قىمار ئويناشقا يول قويۇپ، دۆرىۋىلجىن بازىرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا قىمار ئويناشنى ئوچۇق - ئاشكارا ئەۋج ئالدۇردى. خالىق ئاخۇن دېگەن كىشىگە قوشنا كىچىك بىر خەنزۇ سودىگەرنىڭ ئۆيىدە ماش رەڭ كىيىملىك ھەربىي ئەمەلدار بىلەن ئوينالغان قىماردا جېدەل چىقىپ، ئەمەلدار ئۆي ئىگىسىنى ئېتىپ تاشلىغان. ئۆلگۈچىنىڭ قېرى دادىسى ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلىپ بېرىپ، ئەرزىنى ھېچ يەردە ئاقتۇرالمىدى. 1944 - يىلى گومىنداڭ يەنە، ئالتاي تەرەپتىن بىر تۈەن ھەربىي قوشۇن (تۈەنجاڭنىڭ فامىلىسى شۇ) يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى دۆرىۋىلجىن قازاق مەكتىپى ۋە موڭغۇل مەكتەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى (ئوقۇغۇچىلارنى تارقىتىۋەتتى). بۇ قوشۇن جېمىنەي ناھىيىسىدە تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ تۈەنجاڭىدا ئۆلكە تەرەپتىن قوماندانلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن ئىكەن. شۇڭا، ئۇ «شۇجىرخۇي»① دەپ ئاتىلىپ، كوچىغا چىقسا ئۈچ - تۆت كانىۋوي بىلەن چىقىدىغان. ھاكاۋۇر ۋە ياۋۇز بىر مەخلۇق ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى قوشۇن 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۆرىۋىلجىنىدە ھەر بىرى

① شۇ ئالتاي ئۇرۇشىدا بىر كۈنى تاغ چوققىسىدىن دۇربۇن بىلەن يىراققا قاراپ تۇرسا، بىر پاي ئوق كېلىپ ئىشتىنىنىڭ گەلىپىسىگە تېگىپتۇ. شۇ «خەي!» دەپلا، ئوق تەگكەن ئىشتاننى قولى بىلەن قېقىپتۇ - دە، چاندۇرماي چېدىرغا كىرىپ كېتىپتۇ. لېكىن، قورقۇپ كەتكەن شۇ چېدىرغا كىرىپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭ «خەي!» دەپ ئىشتىنىنى قېقىپ قويغىنىنى كۆرۈپ قالغانلار: «شۇ تۈەنجاڭ ئوق تەگسىمۇ ئىلىڭ قىلماي، بارمىقى بىلەن چېكىپ قويدى» دەپ داۋراڭ قىلىپ بۇ داۋراڭنى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپتۇ. كۆپ ئۆتمەي، شۇڭگە «جېرخۇي» لۇق ئۇنۋان كەپتۇ.



ئۇن مىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق گېمەك بىلەن پۈتىدىغان چوڭ - كىچىك ۋە قوش قەۋەتلىك پوتەيدىن 30 — 40 نى ياسىدى. بازار كوچىسىغا، مەھەللىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ياسالغان پوتەيلەرنىڭ ھەممىسىدە قوراللىق ئەسكەرلەر① ئەتراپقا قاراپ، ئاھالىلەرنىڭ قوروللىرىدىكى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنىمۇ كۆزىتىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ پوتەيلە بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش يوللىرى بولمىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ سىرتتىن كىرگەن دۈشمەنىنىلا ئەمەس، بەلكى پۇقرالارنىمۇ باستۇرۇش ئۈچۈن ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇ پوتەيلەرنىڭ بىر قىسمى ئېمىل دەرياسى بويىغا ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىستىھكاملارنىڭ جىرخۇيىۋ شتابىغا يېقىن بولغانلىقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇراتتى. پوتەي ياساش ئىشى چۆچەكتىمۇ ئەنە شۇنداق ئېلىپ بېرىلىپ، خەلققە كۆپ ئېغىرچىلىقلارنى كەلتۈردى.

يەنە بىر ئەھۋال: چۆچەكتە گومىنداڭ تەشكىللىگەن «ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى» شەھەر ۋە يېزىلاردىن يىغىۋېلىنغان 300 نەپەردەك تەمبەل ياشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار چۆچەك قازاق مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ھەربىي مەشىق بويىچە تەربىيىلەندى. مەسىلەن، ئۇلار ھەربىيچە كوماندا بىلەن مېڭىش - تۇرۇش، بىرنەچچە كېرەكسىز مىلتىق بىلەن قارىغا ئېلىشنى ئۆگىنىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇلدى. ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى قوغداش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى قاراڭغۇ ۋە خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى، بۇنداق ئەترەت قۇرۇش گومىنداڭنىڭ ياشلاردىن گۇمان قىلىپ، ئۇلارنى بىر ئورۇنغا توپلاپ

① ئەسكەرلەرنىڭ ياتىقى، تاماقخانىسى ۋە ئىسكىلاتى شۇ پوتەيىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى بىر توشقۇزۇۋالسا، خېلى كۈنلەرگىچە سىرتقا ئېھتىياجى چۈشمەيتتى.

باشقۇرۇش، پەيتى كەلگەندە يوقىتىشنى كۆزلىگەن نىيىتىدىن كېلىپ چىققان. گومىنداڭ غۇلجىدا تەشكىللىگەن ئاشۇنداق ئەترەتنى كۆرە سېپىلى ئىچىگە ئەكىرىۋېلىپ، گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب ھەر تەرەپتىن قوزغالغان جىددىي پەيتتە، بۇ ئەترەتنىڭ ياشلىرىنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن يوقىتىشقا باشلىغان. مەسىلەن، «كېچىلىك چارلاشقا چىقىپ كەتتى» دېگەن باھانە بىلەن، ھەر كۈنى كېچىسى بىر نەچچە ياشنى پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، كۈندۈزى شۇلارنىڭ ئۆزىگە كولات- قان ئورىلارغا تىرىك كۆمگەن ياكى نەيزە - قىلىچلار بىلەن ئۆلتۈرگەن①. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى CC چىلار گۇرۇپپىسىنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ تېررورلۇق شىڭ شىسەينىڭ ياشلاردىن گۇمان قىلىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەر- دە يەر ئاستى خەندەكلىرىنى كولاتقۇزۇپ، پەيتى كەلگەندە ئوقۇغۇچىلارنى شۇ خەندەككە سولاپ يوقاتماقچى بولغان قارا نىيىتىدىن قىلچە پەرقسىز ئىدى. شۇڭا، بۇ قورالسىز «ئۆ- زىنى قوغداش ئەترىتى»نى گومىنداڭ ھەربىيلىرى تاكى ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتىگە قەدەر قاتتىق باشقۇرۇپ، سىرتقا چىقىشقا، ھەتتا ئۆيلىرىگە بېرىپ - كېلىشكىمۇ رۇخسەت قىلماي، قورۇغا قامىۋالدى. لېكىن، ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئوتى يېقىنلاشقانسېرى دەككە - دۈككە ئىچىدە قالغان گومىن- داڭچىلارنىڭ كۈچى ئۆز ئىچىدىن يىمىرىلىپ، بىر چەتتىن ئاجىزلاشقا باشلىغاندا، ئۇلار بۇ ئەترەتكە قاراتقان قارا نىيەت- لىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئەترەتتىكى ياشلار پۇرسەت تاپسىلا قېچىپ كېتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قارا نىيىتىگە پۇرسەت بەرمىدى؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

① كۈرەدە باشلانغان بۇ تېررورلۇق تازا ئەۋج ئېلىپ ئىنتايىن خەتەر- لىك باسقۇچقا يەتكەندە، يولداش تۇرغانوپ ئوسمان ئەنە شۇ «ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى» دىن قېچىپ چىقىپ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا قوشۇلغان.



## مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ دۆربىلجىنگە كېلىشى

ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ غەلىبە ساداسى دۆربىلجىنگە 1945 - يىلى ئەتىياز پەسلىدىن باشلاپلا تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. «جايىر ۋە مايلى تاغلىرىدا قوللىرىغا قورال ئالغان ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ھەرىكەت قىلىشىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرلەر تارقىلىپ تۇردى. بۇنداق خەۋەرلەر كۆپىنچە جايىر، مايلى قىشلاقلىرىدىن ئارباغاتاي تاغلىرىغا مال كۆچۈرگەن چارۋىچىلار ئارقىلىق تارقىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى شۇ تەرەپلەرگە قوراللىق قىسىملىرىنى ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى تاغ ئارىسىدىكى «تارتاش» دېگەن يەرگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇلار بىر ليەن ئاتلىق ئەسكەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالىقاچان چۆچەك، دۆربىلجىنلەردىكى يەر ئاستى ئىنقىلاب- چىلىرى ئەۋەتكەن تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كۆرگەن ۋە ئىلغارلار- نىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن ئىلى ئىنقىلابىي تەرەپكە مايىل بولغان① ئەسكەرلەر بولغاچقا، تارتاشقا بارغان ھامان پارتىزانلار بىلەن ناھايىتى تېزلا بىرلىشىپ كەتتى②. بۇ ئەھ- ۋال دۆربىلجىندىكى گومىنداڭ قوشۇنىغا قاتتىق چۈشكۈنلۈك ئېلىپ كەلدى. مىللىي ئارمىيە كەڭساي ئاتلىق 3 - پولكىنىڭ بىر قىسمى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا تاغلارنى ئېشىپ ئۆتۈپ، دۆربىلجىن تەرەپكە يۈزلەنگەندىن كېيىن، تولى ناھىيىسىگە جايلاشقان گومىنداڭ قىسىملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمگە

① دۆربىلجىندىكى بۇ قىسىم ئىچىدە مۇھەممەتجان مۇسابايوپ ۋە ئابدۇجېلىل ئىسىملىك ئات دوختۇرلىرىنىڭ ئەسكەرلەرگە تەشۋىقى تەسىرى ئىن- تايىن كۈچلۈك بولغان.

② بۇلار روزىيوپ ھادى باشچىلىقىدىكى قىسىم بولۇپ، روزىيوپ ھادى ھازىر غۇلجا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىدا.

ئەۋەتىلگەن تۆت ماشىنا ئەسكەرنى تارمار قىلىۋەتتى. ئۇلاردىن دۆربىلجىنگە قېچىپ كەلگەن بىر ماشىنا ئەسكەرنىڭ ئالاق-زادىلىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى چۆچۈتىۋەتتى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۆربىل-جىنگە 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان كۈرتى يېزىسىنى ئىش-غال قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا دۆربىلجىننىڭ ئېمىل دەرياسىغا يېقىن جايدىكى ئاقسۇ يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. گومىنداڭ بارلىق كۈچىنى ئېمىل دەرياسى بويىغا ۋە ئىككىنچى ئىستىھكام قىلىنغان قازاق مەكتىپى ئەتراپىدىكى كونا سېپىل دۆڭلۈكىگە جايلاش-تۇرغانىدى. مۇنداق پەيتتىكى مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ھالاكەتلىك بولۇشى شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە. ھۇجۇمغا ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى يۈكسەك جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن ئاقسۇ يېزىسىدىن ئىلگىرىلەپ، دەريا بويىغا يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى گومىنداڭ پوتەيلىرىنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ، گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. سان - ساناقسىز ئوقلارنىڭ پوتەي تۆشۈكچىلىرىگىمۇ كىرىپ كەتكىنىنى شۇ تۆشۈكلەردىن ئوق چىقماي قالغىنىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى. گراناتامىيوت①تىن ئېتىلغان ئوقلار بىر نەچچە پوتەينىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، پوتەينى پارتلىتىۋەتتى، ئېمىل كۆۋرۈكىنىڭ ئاستى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن بورىتالالىق بارات باتۇر باشچىلىقىدىكى بىر يەن جەڭچى ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتتى. بارات چاققانلىق بىلەن پوتەينىڭ تۆۋىگە كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىرلەشتۈرۈپ چىگىلگەن بومبا تاشلىغان. پوتەي گۇمران بولۇپ، دۈشمەننىڭ تىرىك قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن. ئۇرۇش دەھشىتى دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتكەچكە، ئۇلار بىرىنچى سەپتىن چېكىنىپ ئىككىنچى سەپكە تىرىلاش-

① گراناتامىيوت — كىچىك بومبا ئاتىدىغان مىلتىق.



قان بولسىمۇ، بەربىر بەرداشلىق بېرەلمىگەن①. ئۇرۇش ئۆتىدا قازاق مەكتىپى كۆيۈپ كەتتى. كىنوخانا بىناسىدىكى چېرىكلەر بىنا ئۈستىگە چۈشكەن بىرلا مىنامىيوت بومبىسىنىڭ زەربىسى بىلەن تىرە-پىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئېمىل دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە قاچقان بولسىمۇ، قوغلاپ يوقىتىش قىسىملىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى، ئۇلارنىڭ ئېغىر - يېنىك قوراللىرىنىڭ ھەممىسى غەنىيمەت ئېلىندى. ئالتاي تەرەپتىن كەلگەن 60 نەچچە ماشىنا يۈك-تاقلىرى بىلەن قولغا چۈشتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 10 دا دۆربىلجىن بازار ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ھەممە ئاھالە ۋە ياشلار ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدى. ناھىيە بازىرى-نىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۇقرالار ئۆيلىرىدىن چىقىپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن قېرىنداشلارچە سەمىمىي كۆرۈشتى ۋە جەڭچىلەرنى ئۆيلىرىگە باشلىدى. ھەممىلا كىشى ئۇلارغا يەرلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ، خەتەرلىك تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. خۇشاللىق تەنتەنىسى بىردەمدىلا ناھىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، خەلق تۇنجى قېتىم ئازادلىق ھاۋاسىدىن نەپەس ئالدى.

## چۆچەكتىكى ئەھۋاللار

شۇنىڭدىن يېرىم ئاي ئىلگىرىلا، چۆچەكتە ياشىغۇچىلار چەك - چېگرىسى ئېنىق ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى ۋە ئۇلارنى ياقىلايدىغانلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يامۇل سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ

① مۇشۇ بەندىنىڭ ئۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشقان يولداش ماخمۇت ھازىر غۇلجا ناھىيىسىدە، دەم ئېلىشقا چىقتى.

كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ چاغدا چۆچەك ۋە دۆربىلجىندىكى ھەربىي دائىرىلەر ئەندىشىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار گومىنداڭنىڭ شىخۇدىكى «يېمىرىلمەس قورغانى» دىن كۆپ ئۈمىد كۈتۈپ، «ئىلى ئىنقىلابچىلىرى يېتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇرۇش بولۇپ قالسا، شىخۇدىكىلەر كېلىپ قۇتقۇزۇپ ئالىدۇ» دەپ قارايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، مابۇفاڭنىڭ قولىغا زىرە سالغان ئەسكەرلىرىنى داڭلاپ: «ئۇلار كېلىپ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى باستۇرىدۇ» دەپ داۋراڭ سېلىشاتتى①. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ھەربىي قوشۇنى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىياسىي ۋە قوراللىق خادىملىرى، مەمۇرىي ئىدارە ۋە جەمئىيەتلەردىكى گومىنداڭچى پەرەسلەر، شۇنىڭدەك گومىنداڭ تەرىپىدىن قوراللاندۇرۇلغان باي پومېشچىكلار بولۇپ، ئۇلار يامۇلنىڭ سېپىلى ئۈستىگە پىلتىلىك زەمبىرەك② ۋە مىنامىيوتلارنى قۇرۇپ، ۋاقتى كەلگەندە سىرتتىن كەلگەنلەرنى توپقا تۇتۇشنى مەخسەت قىلغان. سېپىلنىڭ ئىچى گومىنداڭچىلار بىلەن لىق تولغاچقا، ئۆي - ئىمارەتكە پاتمىغانلار ئۇچۇقچىلىقتا چېدىر - كەپىلەرنى تىكىپ ئولتۇرۇشتى. بۇنداق بىكىنىش قارىماققا خاتىرجەملىكتەك قىلىنسىمۇ، لېكىن دۆربىلجىن ئەتراپىدا بولۇۋاتقان جەڭنىڭ ساداسى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەتتى. شۇڭا، يامۇل ئىچىدە تۇرالماي قايتىپ چىقىپ، پاتىپاراق بولۇشقانلارمۇ بولدى. دۆربىلجىندە ئۇرۇش باشلىنىپ، شىددەتلىك

① ئېيتىلىشىچە، ئۇرۇمچى دائىرىلىرى تارباغاتاي دائىرىلىرىگە شۇنداق مەزمۇندا خەت ئەۋەتىپ، «بىز مابۇفاڭ بىلەن كېلىشتۇق. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىدىغان بولدى» دەپ داۋراڭ سالغانىكەن.

② كونا زاماندىن قالغان ئوقيا، نەيزە ۋە پىلتىلىك زەمبىرەكلەر بار بولۇپ، 33 - يىلى چۆچەكتە ماخېيىمىڭ باشلاپ كەلگەن قوشۇن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا (كىشىلەر بۇ ئۇرۇشنى «تۈزگەن ئۇرۇشى» دەپ ئاتايدۇ) سېپىل ئىچىدىگە كىرىۋالغانلار پىلتىلىك زەمبىرەكنى ئېتىپ ئىشلەتكەن. كېيىن ئۇنىڭ چويۇن ئوقىنى تېپىۋالغانلار تارازىغا تاش قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.



باسقۇچقا كىرىشى بىلەن، گومىنداڭنىڭ ناھىيىدىكى ئىدارە باشلىقلىرى تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. قوماندان شۇ قېچىپ چۆچەككە بېرىۋالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن، چۆچەكتىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە ئەۋەتكەن دۆربىلجىن شيەنجاڭى جاۋ نەيچىڭ ماشىنا بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەسلىم بولۇش توغرىسىدىكى شەرتنامە① ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقان ئالاقىزادىلىك ھەممىنى قورقۇتۇۋەتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىشنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھوقۇقلۇق دائىرىلەر جاھىللىق قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش تەرىپىدە چىڭ تۇردى؛ ھەربىي قوشۇن باشلىقى لىي جىينشىڭ (لىي تۇەنجاڭ دەپ ئاتىلاتتى) ياۋۇز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چۆچەك شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىنى توپقا تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرمەكچى بولدى②. شۇ ئەسنادا، جاۋ نەيچىڭ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سوۋېت چېگرىسى تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكتىن، بۇنى ئاڭلىغان مەمۇرىي باشلىقلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. ھېلىقى لىي تۇەنجاڭ سوۋېت چېگرىسى تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان ۋالىي فىڭنىڭ يېنىك ماشىنىسىغا كىرىۋېلىپ، چېگرىغا جاۋ نەيچىڭدىن بالدۇر يېتىپ بېرىپ، پاناھلىق تىلىدى. يامۇل ئىچىدىكى ھەربىي قوشۇننىڭ بىر قىسمى (ئىككى لىيەن ئاتلىق ئەسكەر) چۆچەك شەھىرىنىڭ سىرتىغا چېقىۋېلىپ، مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇپ كېتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى③. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكلىرى

① گومىنداڭچىلار تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرسىلا ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى شەرتنامە ئىدى.

② بۇ چاغدا چۆچەكنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يامۇلدىن قايتىپ چىققانلار ھارۋىلىرىنى بىر - بىرىگە تاقاشتۇرۇپ چېگرا تەرەپكە قېچىشىۋاتاتتى.

③ بۇلارنىڭ باشلىقى مايور ئابلاخان مەخمۇتوپ بولۇپ، مىللىي ئارمىيە بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ قوراللارنى تاپشۇرغانلىقى ۋە قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ يولىيورۇق ئالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

بولسا، تۇرمىلەرنى تاقاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى، تۇرمىدىكىلەر تاماقسىز قالدى (ئازادلىقتىن كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەشەددىي جاسۇسلار ئاخىرقى كۈنلەرگىچە قولىغا پىلىموت ئېلىپ، تۇرمىدىكىلەرنى ئوققا تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق كۈتۈپ، تۇرمە ئۆگزىسىدە تۇرغان). بۇ، 7 - ئاينىڭ 30 - ۋە 31 - كۈنلىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار.

## مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ چۆچەككە كېلىشى

دۆربىلجىندىكى ئۇرۇش پەيتىدە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، دۆربىلجىننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئېمىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چۆچەك - دۆربىلجىن تاشيولىنى كېسىش بىلەن، بۇ ئىككى شەھەردىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇلار دۆربىلجىندىن قاچقان گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ئالدىنى توستى. قوماندانلىق شتاب چۆچەك تەرەپنى كۆزىتىپ، دۆربىلجىندىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا يوليورۇق بېرىپ تۇردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ كۆپرەكىنى چۆچەككە يۈزلەندۈرۈپ، تېز يېتىپ بېرىشقا بۇيرۇدى①. بۇ قىسىم 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېچىسى چۆچەككە يېقىنلىشىپ، ئەتراپىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ئاھالە بىلەن ئالاقە باغلىدى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەر مىللەت خەلقى تاڭ يورۇشى بىلەنلا يامۇل سېپىلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن تەڭ دېگۈدەك مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى؛ ئۇلارنىڭ ئالدى قارىڭغۇر دېگەن يەردىن ئۆتۈپ، مىللىي

① شۇ چاغدا قوماندانلىق باش شتابىنىڭ كاماندانت قىسمىغا قاتناشقان يولداش قوزەم تەمىنلىگەن ماتېرىيالدىن.



ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى. مىللىي ئارمىيىنى قارشى ئېلىشقا چىققان خەلقنىڭ قوللىرىدا تۈرلۈك يىپەكلىكلەر، ئۇسسۇلۇقلار، دەستە - دەستە گۈللەر بار ئىدى. خەلق ئاممىسى ئازادلىق ئۈچۈن جاپالىق جەڭ قىلغان، ئۇستىبېشىنى چاڭ - توپا باسقان، لېكىن روھىي ئۇستۈن ۋە جۇشقۇن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى. پۈتكۈل چۆچەك شەھىرى زىلزىلىگە كەلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى سەپ - سەپ بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن شەھەرگە كىردى، شەھەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانىدى. تۈرمىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىم تۈرمە دەرۋازىسىنى ۋە ئىشىكلىرىنى چېقىپ، نەچچە يۈزلىگەن مەھبۇسنى يورۇقلۇققا چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرى كېلىپ، ئۇلار بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى. تۈرمىدە يوقلىرىنى ئەتراپتىكى ئازگال ۋە قۇدۇقلاردىن ئىزدەشتى. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، يامۇلنىڭ شەھەر تەرەپكە قارىغان دەرۋازىسىدىن چۆچەك ئىنقىلابچىلىرىنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان بىر ماشىنا چىقىپ كەلدى، ماشىنىغا پاتمىغانلار پىيادە كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلارنى يۈزلىگەن، مىڭلىغان كىشىلەر ئورىۋالغان بولۇپ، كۈلۈشۈپ ياكى يىغلىشىپ كۆرۈشمەكتە ئىدى. تۈرمىدىن چىققانلارنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن دەرھال قوراللاندۇرۇلغان، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن كىشىلەردىن ئابدۇرېشىت تۇردىيوپ، باھاۋۇدۇن نۇرى، ئەخمەتقالى بىتىمبايېپ، قالدىباي، باتىرقان، ئابلىمىت ئىسمايىل، ئابدۇرېھىم روزى قاتارلىق ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، تاتار يىگىتلىرى بار ئىدى. ئۇلار باش شتابقا بارغاندا، ۋاقىتلىق

ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۇلاردىن قىزغىن ھال سورىدى.

شەھەرگە كىرگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گىمنازىيە مەكتىپى ۋە ئىدارە - جەمئىيەت بىنالىرىغا ئورۇنلاشتى. مىللىي ئارمىيە سېپىگە ئەسكەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا تېخى ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا، نۇرغۇن ئوغۇل - قىز ياشلار مىللىي ئارمىيە سېپىگە ئۆزلۈكىدىن قاتناشتى. ئىككى ئوغلى بىلەن ئاتا - بالا ئۈچەيلەن، ئاكا - ئىنى ئىككى ياكى ئۈچەيلەن ئىختىيارىي پىدائىي بولۇپ قاتناشقانلارمۇ بولدى. گازارمىلارنىڭ ھەممىسىدە چۆچەكلىك يېڭى جەڭچىلەر پەيدا بولدى. قىزلار ياردارلارنى داۋالاش دوختۇرخانىسىنىڭ سېستىرا، سانىتاركىلىرىدىن بولۇپ كەتتى. باش شتاب ۋىلايەت بويىچە ھەربىي مۇداپىئە ئىشلىرىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇردى، قوماندانلار شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. شۇ ئەسنادا، مەمۇرىي ئىدارىلەرنى تەسىس قىلىش ئىشىمۇ جىددىي تۇتۇش قىلىندى. گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى تەرەپتە بىر مەزگىل ۋاقىتلىق تۇرۇپ قايتقان يولداشلار① بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى، ھاكىم ئىدارىسى، «خەلق ئاۋازى» گېزىتى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، بانكا، ئاياللار جەمئىيىتى ۋە دىنىي نازارەت قاتارلىق ئىدارە - جەمئىيەتلەر تەسىس قىلىندى. مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى.

① بۇ يولداشلار ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئارۇپ نەسىبىي قاتارلىقلار بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىدە.



يېڭى قۇرۇلغان ۋالىي مەھكىمىسى ئىنقىلاب ۋە ھەربىي ئىشلار ھەققىدىكى بىرمۇنچە ئۇقتۇرۇشلارنى، جۈملىدىن مىللىي ئارمىيە سېپىگە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئېلانىنى چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر، قازاق، رۇس، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ، خەنزۇ①، موڭغۇل، داغۇر، شىبە ياشلىرى ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ھەربىي سەپكە كىردى. بۇ خىزمەت بىرنەچچە كۈندىلا ئورۇنلىنىپ بولدى. ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي سەپكە ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرى بىلەن كىرىشتى. قولىغا قورال ئالغان بۇ يېڭى جەڭچىلەر مەشىققە كىرىشىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئۇرۇشقا قاتنىشالىغۇدەك سەۋىيىگە يەتتى ۋە فرونتقا ئاتلىنىش تەييارلىقىنى قىلدى.

ئىنقىلاب رەھبەرلىرى چۆچەك خەلق كۇلۇبىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ نىشانىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى. كېيىن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى خەلق كۇلۇبىدا ئالاھىدە ئاياللار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ۋە شۇ چاغدىكى ئېھتىياج توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، ئىئانە توپلاش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، يىغىن مەيدانىدىلا سەھنىگە ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق بۇيۇملار دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇنى تىزىملىغۇچى خادىملار يېتىشمەي، دەسلەپتىكى بىر - ئىككى خادىم دەرھال 6 — 7 گە كۆپەيتىلدى. ئاياللار ئالدىنقى سەپكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش بىلەنلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي ساھەگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان باللىرىنىمۇ ئالدىنقى سەپكە تەقدىم قىلدى. بۇ

① ھەربىي سەپكە كىرگەن بۇ خەنزۇ ياشلىرى بىلەن فرونتلاردا بىللە بولغانىدۇق. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دادىسى خەنزۇ، ئانىسى ئورۇس خەنزۇلار ئىدى.

ئەھۋاللار شۇ چاغدىكى گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ تۇردى.

يېڭى قۇرۇلغان ئاياللار بىرلەشمىسى مىللىي ئارمىيە ئۈچۈن كىيىم تىكىش ئىشىنى باشلاپ، ئەتىگەنلىكى ھارۋىلاردا ئېلىپ كېلىنگەن كىيىم تىكىش ماتېرىياللىرىنى ئۆي - ئۆيلەرگە تارقاتسا، چۈشتىن كېيىن پۈتكەن كىيىملەرنى يىغىۋېلىپ ھەربىي تەمىنات ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ، فرونتنىڭ كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىنى قامدىدى. ئۇلار كوللېكتىپ كىيىم تىكىش ئىشخانىلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا كىيىم تىكىش قابىلىيىتى بار قىزلارنى ئورۇنلاشتۇردى. دېمەك، ئالدىنقى سەپنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇنداق ئىشلارنى يولغا قويۇشتا ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى. بىرلەشمىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مۇقەددەس ئاپپاي، مەريەم تۇردىيېۋا، باغىيزا قاتارلىق يولداشلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇلار ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

چۆچەك ۋالىي مەھكىمىسى ئاياغ كىيىم تىكىدىغان ۋاقىتلىق كارخانا تەشكىللەش توغرىسىدا يوليورۇق چىقارغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تېز تۇتۇش قىلىپ، بالتابايېپ باغچىسىدىكى ئىمارەت ۋە باشقا چوڭ ئىمارەتلىك قورۇلاردا ۋاقىتلىق كارخانىلار قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتى. بۇنىڭدا بولۇپمۇ خەنزۇ موزدۇزلار ئارمىيىنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق ئاياغ كىيىم ئېھتىياجىنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن يېتەرلىك تەمىن ئېتىپ، كۆپ ھەسسە قوشتى①. ئاياغ كىيىمنىڭ چەم ۋە خۇرۇم ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قىسمى ئەلىي مۇسابايېپ زاۋۇتىدىن كەلتۈرۈلدى. يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە مۆتىۋەرلەر

① موزدۇزلار بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىشخانىلىرىدا شەخسىي كەسپىنى داۋاملاشتۇردى.



ئالدىنقى سەپكە يۈك توشۇيدىغان ھارۋىلارنى تەييارلاش، بۇزۇلغان ھارۋىلارنى رېمونت قىلدۇرۇش، شۇنىڭدەك مايلىق تېغىدا گومىنداڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي ھەربىي بازىسى بولغان شىخۇ ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىدا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيە پىيادە پولكىغا يېتەرلىك ئات - ئۇلاغ يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ھارۋىلارنى ئادەمى بىلەن، ئات - ئۇلاغلارنى ئېگەر - توقۇمى بىلەن تەييارلاپ، ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىشى بىلەن، ئات - ئۇلاغ، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، گۆش - ماي ۋە باشقا يېمەكلىك ۋە لازىمەتلىكلەر يېتەرلىك دەرىجىدە تەييارلىنىپ تۇردى. تارباغاتاي ۋىلايىتى ئازاد قىلىنىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، كونا - يېڭى جەڭچىلەردىن تەركىب تاپقان مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى يەنى چۆچەك 6 - ئاتلىق پولك ۋە موڭغۇل دىۋىزىيونى شىخۇ تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى يەنى كەگساي 3 - ئاتلىق پولك، دۆربىلجىن 4 - ئاتلىق پولك ۋە مۇستەقىل ئاتلىق پولكلار قوبۇقسار ئارقىلىق شىمال تەرەپكە ئىلگىرىلەپ، ئالتاينى ئازاد قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندى. چۆچەك ۋە دۆربىلجىندە ئىككى روتا چۆچەكتىكى ھەربىي شتاب رەھبەرلىكىدە گارنىزون قاراۋۇللۇقىغا قالدۇرۇلۇپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئالدىنقى سەپكە يۆتكەلدى.

(ئاپتورى: غۇلجا ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# باندىتلارنى يوقىتىش جېڭىدىن ئەسلىمە

بۇ جەڭ 1957 - يىلى قىش پەسلىدە بولغان. مەن 1956 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ئەسكەر بولدۇم. 1957 - يىلىنىڭ بېشىدا قۇمۇل تەۋەسىدىكى قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئالتىتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانىكەن. يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئورۇننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، لىيەنىمىز تەركىبىدىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلار ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا بېرىپ، قۇمۇل رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتىگە قاتناشتۇق. خەلق ئاممىسى ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان شەھەر چېتىدىكى كونا ئايرودرومغا ئورۇنلاشتۇق.

لىيەن رەھبەرلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاپ كەلگەندىن كېيىن، لىيەن تەركىبىدىكى بارلىق كادىر جەڭچىلەرنى دەرھال سەپەرۋەر قىلىپ، بىزدىن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، قۇمۇل رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. سەپەرۋەرلىكتىن كېيىن، ھەممىمىز دۈشمەنگە غەزەپ-نەپرىتىمىزنى بىلدۈرۈپ ۋەدىنامىلەر يازدۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە،



شۇ چاغدا لىيەندىكى كادىر - جەڭچىلەر يۈز پارچىدىن ئارتۇق ۋەدىنامە يازغان.

جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، مەن بىر پەيگە ۋاقىتلىق پەيجاڭ بولدۇم. بۇ پەي كۆپەيتىلگەن ئاتلىق پەي بولغاچقا، پەي تەركىبىدە 60 تەك قوراللىق جەڭچى بار ئىدى. باندىتلار شەھەر ئىچىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈشتە كونا ئايرودرومدىن پايدىلانماقچى بولغان. شۇڭا، بىزنىڭ پەيىمىز دەسلەپتە كونا ئايرودرومنى قوغداشقا مەسئۇل بولدى. بىز كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى كۈچەيتتۇق. جۈملىدىن ئەتراپقا قويۇلىدىغان پوستلارنى كۆپەيتتۇق، نۆۋەتلىشىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويدۇق. باندىتلار بىزنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئاماللارنى قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەمەلگە ئاشماي، ئەكسىچە ئۆزلىرى مەغلۇپ بولدى. مەسىلەن، ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ تەلىپى بويىچە، بىز بىر قېتىم تەشۋىقات يۈزىسىدىن ئويۇن قويغانىدۇق. ئويۇنىمىزنى ئامما ناھايىتى قىزغىن ئالقىشلىدى. ئويۇن ئاياغلاشقان مەزگىلدە، 20 دىن ئارتۇق باندىت بىز تۇرغان ئورۇنغا ئوق ئېتىپ، توپىلاڭ كۆتۈردى. باندىتلارنىڭ بۇ سۇيىقەستىگە جاۋابەن بىزمۇ ئوق چىقىرىپ، ئۇلارنى ۋاقتىدا چېكىندۈردۇق. باندىتلار پاتىپاراق بولۇپ قاچتى، ئۇلاردىن تۆتى قولىمىزغا چۈشتى. نەتىجىدە، ئايرودروم قوغداپ قېلىنىپ، خەلقلەر خاتىرجەم بولدى.

1957 - يىلىنىڭ ئاخىرى، باندىتلار قۇمۇل شەھىرىدىن 100 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى نىرىنكىر يېزىسىدا (بۇ تاغلىق يېزا بىر دادۈي بولۇپ، 150 ئائىلىلىك ئادىمى بار ئىكەن) تويۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سېلىپ، خەلق تۇرمۇشىدا خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلغان؛ دادۈي كادىرلىرى بىلەن خەلقلەرنى ئۆزلىرى بىلەن تاغقا بىللە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان، ھەتتا دادۈي شۇجىسىنى

(خۇيزۇ) بىرقانچە دادۇي كادىرى بىلەن بىللە تاغقا مەجبۇرىي
ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ باندىتلارنى يوقىتىپ يۇرتنى خاتىر-
جەم قىلىش ۋەزىپىسىنى لىيەن رەھبەرلىكى بىزنىڭ پەيگە تاپ-
شۇردى. بىز لىيەن باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ھاۋانىڭ
قاتتىق سوغۇقلۇقىغا قارىماي، ئاپتوموبىل ۋە ئاتلار بىلەن تاغ-
قا يۈرۈش قىلدۇق. تاغ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، رازۋېتكا
قىلىپ، باندىتلار ئەھۋالىنى ئىگىلىدۇق: ئېلىنى باشچىلىقىدىكى
30 دىن ئارتۇق قوراللىق باندىت تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ،
پۇرسەت تاپسىلا ئەتراپتىكى خەلقلەرگە پاراكەندىچىلىك سالغان؛
بىر قېتىم كېچىدە دادۇي ئاشخانىسىغا قوراللىق بېسىپ كىرىپ،
كوللېكتىپنىڭ ئاشلىق، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلىرىنى بۇلاپ
كەتكەن. بىزنىڭ لىيەن بىلەن ئالاقىسىز ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ،
باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، تاغ ئىچىدە باندىتلار بىلەن
كەسكىن ئېلىشتۇق. بۇ ئېلىشىش بەزىدە يۈزمۇ يۈز بولدى. بۇ
قېتىمقى جەڭدە، باندىتلاردىن بەش كىشىنى ئەسىرگە ئالدۇق؛
بەش تۇياق قوي، بىر يان قورال، بەش دانە قىلىچ، بىر تا-
غار نان غەنىيمەت ئالدۇق. بۇ باندىتلارنىڭ باشلىقى ئېلى قۇ-
مۇل ئاستانىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋال-
غان يېرىدىن قولغا ئېلىندى. بۇ بىر ئوچۇم باندىتلار يوقىتىل-
غاندىن كېيىن، خەلقلەر غەلىبىنى تەبرىكلەپ، خاتىرجەملىك
بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ غەلىبە جەڭچىلى-
رىمىزنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماي، جۇشقۇن روھتا بولۇپ، باتۇر-
لۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، بەزى ئاممىنىڭمۇ بىزگە جاسارەت
بىلەن ماسلاشقانلىقىدىن قازىنىلدى. شۇ چاغدا بولغان مۇنداق
بىر ئىش تېخىچە ئېسىمدە: دادۇيدە بەكرى ئىسىملىك بىر پوچ-
تا خادىمى بار ئىكەن. باشقا كادىرلار بىلەن بىللە ئۇمۇ بان-
دىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، قاماپ قويۇلغان
يېرىدىن باندىتلارنىڭ سامانىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويغان ئىككى



گراناتنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان دادۇي
شۇجىسىغا بەرگەن، يەنە بىرىنى ئۆزى ساقلىغان. ئاندىن شۇجى
بىلەن بىللە كېچىدە قېچىپ چىقىپ، جىغانلىققا يوشۇرۇنۇۋېلىپ،
باندىتلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغان. ئۇ، قېچىپ كەلگەندىن كېيىن،
يېنىدىكى گراناتنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى؛ قېچىپ كەلگىچە
تارتقان جەبىر - جاپاسىنى سۆزلەپ كېلىپ: «شۇجى بىلەن
ئىككىمىز جىغانلىق ئارىسىدا ناھايىتى جىق مېڭىپ كەتتۇق،
پۇتلىرىمىز تېشىلىپ كەتتى» دەپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.
بىز شۇ قېتىم تاغ - چۆللەردە 45 كۈن يۈرۈش قىلىپ،
باندىتلارغا قارشى توختىماي جەڭ قىلغان-
دىن كېيىن، ئىرىنكىر يېزىسىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى.
1958 - يىلى 8 - ئايدا بىز يەنە يۇقىرى ئورۇننىڭ بۇي-
رۇقى بويىچە، باركۆل، چىڭگىل، بەيتىك قاتارلىق جايلار-
دا باندىتلارنى رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدۇق. شۇ
ۋاقىتتا باركۆلنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىمۇ تىنچ ئەمەسكەن.
باندىت ئوسماننىڭ تۈرمىدىكى ئوغلى نۇرغالى تۈرمىدىكى بە-
زى جىنايەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تۈرمىدىن قاچماق-
چى بولغانىكەن. بىز ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدا-
رىسىگە ماسلىشىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى كۈچەيت-
تۇق. شۇنىڭ بىلەن، جىنايەتچىلەرنىڭ تۈرمىدىن قېچىش
پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. پەقەت نۇرغالىلا قېچىپ كەتتى.
ئۇنى قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە ئالتاينىڭ چىڭ-
گىل ناھىيىسى، بەيتىك تاغلىرىنىڭ كۆك سەركە، قارا
سەركە قاتارلىق چوققىلىرىغىچە قوغلاپ باردۇق. لېكىن ئۇ
تەسلىم بولمىغاچقا، ئېتىپ تاشلاندى. يەنە يورايباي دېگەن
باندىت تاغدىن تاغقا قېچىپ يۈرۈپ، چارۋىچىلارنى ھۆكۈمەت-
كە قارشى چىقىشقا قۇتراتقان. ئۇنىڭغا خەلقنىڭ غەزىپى
كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ، تاشقى موڭغۇلىيىگە قېچىپ كېتىشكە

ئۇرۇنغان بولسىمۇ، قېچىپ كېتەلمىگەن. بىز يۇقىرى ئورۇننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، ئۇنى قولغا تېزلىك چۈشۈرۈشكە يۈرۈش قىلدۇق. ئۇ يەرنىڭ هاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئاسماننى دائىم تۇمان قاپلاپ تۇرىدىكەن، ئالدىمىزدىكى (بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى) ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئاشۇنداق قىيىن شارائىتتا، تاغدىن تاغقا ئېشىپ، بورانبايدىنى ئىزمۇ ئىز قوغلاپ، ئائىلىسىدىن تېزلىك تۇتۇۋالدۇق؛ ئۇنىڭ ئۈچ دانە قورالى ۋە توققۇز تۆگىسىنى غەنىيمەت ئالدۇق.

بۇ قېتىمقى جەڭ داۋامىدا، دۈشمەن ئۈستىدىن ئاخىر غەلىبە قىلغان بولساقمۇ، تارتقان جاپايىمىز ۋە قىيىنچىلىقلار ئاز بولمىدى: بىرىنچىدىن، ۋاقتىدا تاماق يېيەلمىدۇق. ئارقا سەپتىن يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىمۇ، هاۋا سوغۇق بولغاچقا، جىگمومىلار قېتىپ قالاتتى - دە، ئۇنى تاش بىلەن سوقۇپ يۇمشىتىپ يېدۇق؛ ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن، بەزىدە ئۇنىڭ ئۇنىدا ئوماچ قىلىپ ئىچتۇق. سۇيوق يەرلەردە قارنى ئېرىتىپ ئىچتۇق. ئىككىنچىدىن، هاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغانىنىڭ ئۈستىگە توختىماي قار يېغىپ تۇرغان يەردە زادى ئۇخلىغىلى بولمايدىكەن. بولۇپمۇ قولۇنچېر دېگەن يەرگە بارغاندا، كېچىسى بەك قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتكەچكە، پەي بويىچە ھەممىمىز ئۇخلىيالماي، كېچىچە سىرتتا مېڭىپ يۈردۇق. شۇنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ئىككى پۇتۇم هازىرغىچە ئىسسىماي، قىشىمۇ ياز سىرغۇق تۇرىدۇ. بىر قېتىم يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئادەمنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك قاتتىق بوران چىقتى، ئارقىدىن يامغۇر يېغىپ، يامغۇر بىردەمدە قارغا ئايلىنىپ، قار ئاستىدا قالدۇق. كىيىملىرىمىز هۆل بولۇپ كەتتى (قۇرۇتۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى). ئۈچ كۈنگىچە توختىماي يول يۈرۈش جەريانىدا، بەدىنىمىزدىن



چىققان ئىسسىقنىڭ تەسىرى بىلەن بىرئاز قۇرۇدى. ئۈچىنچىدىن، كىيىملىرىمىزنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرالمايتتۇق، بەدىنىمىز كىرلىشىپ كەتتى، يۇيۇنالمايتتۇق. بىر قېتىم 40 كۈن بولغاندا كىيىم ئالماشتۇردۇق. ھەممىمىز قولىمىزغا بىردىن تاياق ئېلىۋالغان، دۈمبىمىز قىچىشسا ئاشۇ تاياق بىلەن قاشلايتتۇق. بىر - بىرىمىزدىن 50 مېتر يىراقلاپ كەتسەكلا، تۇماندا كۆرەلمەي ئادىشىپ قالاتتۇق. كېچىسى قورالىمىزنى مەيدىمىزگە قويۇپ يېتىپ، بىردەم - بىردەم قوپۇپ ئولتۇرۇپ، يەنە ئۇخلاپ، دەم ئالاتتۇق؛ يەنە تېخى نۆۋەت بىلەن پوستتا تۇراتتۇق. تۆتىنچىدىن، يولىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئېگىز تاغ - داۋانلار بولغاچقا، بىر تاغقا ئاخشىمى يۈرۈش قىلساق، ئۇنىڭ چوققىسىغا تاڭ ئاتقاندا ئاران چىقىپ بولاتتۇق. بەزى تاغلار يەر يۈزىدىن 600 مېترچە ئېگىز ئىدى. تاغقا چىقىشتا ھېرىپ قالساق، ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالاتتۇق؛ ئات ھېرىپ قالسا، بىز يېتىلەپ ماڭاتتۇق.

دېمەك، بىز شۇ قېتىمقى باندىت يوقىتىش جېڭىدە، دۈشمەن بىلەنمۇ ۋە تەبىئەت بىلەنمۇ كۆرەش قىلىپ، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جەڭگىۋار ۋەزىپىمىزنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدۇق. بارىكۆل بىلەن مورى ئارىلىقىدىكى قولانچېر دېگەن جايغا ئورۇنلاشقان قېرىنداش قىسىم (بىر لىيەن) بىزنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشىمىزگە ياردەم بەردى، كۆپ مىننەتدار بولدۇق. بۇ نەتىجىمىز ئۈچۈن، لىيەنىمىزنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەقدىرلىگەنىنىڭ ئۈستىگە، بارىكۆل ناھىيىسىمۇ لەۋھە بىلەن تەقدىرلىدى ۋە يېمەكلىك تارقىتىپ بەردى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: پېشقەدەم جەڭچى **تۇرسۇن ھەسەن**

رەتلىگۈچى: **شېرىۋاجى مۇسا**

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى**

# ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن روسىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى سودىسى

ئابلەت نۇردۇن

مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان شىنجاڭ بىلەن روسىيىنىڭ سودىسى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان بولۇپ، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ يىللىق سودا سوممىسى 12 مىليون رۇبلىدىن ئاشتى. ئىككى تەرەپنىڭ سودا مىقدارى ئاساسەن روسىيە تەرەپنىڭ تەلىپى ۋە كۈچىيىشى بىلەن كۆپەيگەن بولۇپ، بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل سەۋەب بولغان:

بىرىنچى، روسىيە تەرەپ ئىككى تەرەپنىڭ سودىسىنى ئارقىلىق زور پايدا ۋە باج كىرىمىگە ئېرىشىشنى كۆزلىگەن؛

ئىككىنچى، روسىيىنىڭ چايغا بولغان ئېھتىياجى كۆپەيگەن؛

ئۈچىنچى، كاپىتالىستىك سانائىتى خېلى راۋاجلانغان روسىيە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ساتىدىغان بازارنى كېڭەيتمەكچى بولغان.



ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ روسىيىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقى، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇبتىكى دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ تىل، دىن، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولۇشى روسىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1851 - يىلى 8 - ئايدا روسىيىلىك شاڭشياۋ (گېنېرال پودپولكوۋنىك) كوۋالېۋسكى ئىلىدا ئىلى جياڭجۈنى يى شەن (奕山) بىلەن «سودا نىزامى» ئىمزالىغاندىن كېيىن، روسىيە شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىدا قانۇنلۇق سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى.

«نىزام» نىڭ 13 - ماددىسىغا ئاساسەن، روسىيە سودىگەرلىرى ئىلى ۋە تارباغاتايلارنىڭ بەزى جايلىرىدا ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىپ، ئۇلارنى ئولتۇراق ئۆي، مال ئىسكىلاتى ۋە سودا قىلىش سورۇنى قىلدى. روسىيە سودىگەرلىرى ئۆي - ئىمارەت سالغان دائىرە «سودا چەمبىرىكى» (贸易圈) دەپ ئاتالدى.

1851 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ روسىيە سودىگەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كەلدى. روسىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ سودىسىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. 1851 - يىلى روسىيە شىنجاڭغا كىرگۈزگەن ماللارنىڭ قىممىتى 228 مىڭ 700 رۇبلى بولغان بولسا، 1853 - يىلغا كەلگەندە 675 مىڭ 700 رۇبلىغا يېتىپ، 1851 - يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. بۇ مەزگىلدە ئېلىمىزنىڭ روسىيىگە ئېكسپورت قىلغان ماللىرىنىڭ

سوممىسىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى. مەسىلەن، 1851 - يىلى 605 مىڭ 800 رۇبلى بولغان بولسا، 1854 - يىلىغا كەلگەندە 1 مىليون 601 مىڭ 400 رۇبلىغا يېتىپ، 1851 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئىككى يېرىم ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى تېز راۋاجلىنىۋاتقان چاغدا، 1855 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېچىسى تارباغاتايدىكى ئالتۇن قازغۇچىلاردىن نەچچە يۈز كىشى روسىيىنىڭ «سودا چەمبىرىكى» نى كۆيدۈرۈۋەتتى. روسىيە سودىگەرلىرى دۆلىتىگە قېچىپ كەتتى، تارباغاتايدىكى سودا ئىشلىرى توختاپ قالدى.

بۇ ۋەقەگە روسىيىنىڭ جۇڭگولۇق ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ يارخۇتۇ كېنىدا ئالتۇن قېزىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇلارنى كان رايونىدىن قوراللىق قوغلاپ چىقارغانلىقى ۋە «11 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، ياردار قىلغانلىقى» سەۋەب بولدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چار روسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، 1858 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «تۆلەم تۆلەش شەرتنامىسى» غا ئىمزا قويدى. بۇ شەرتنامىگە بىنائەن، ئېلىمىز روسىيىگە 135 مىڭ 682 سەر كۈمۈش قىممىتىدە 5 مىڭ 500 تاختا چاي تۆلەشكە قوشۇلدى.

1881 - يىلى 2 - ئايدا چار روسىيە جۇڭگونى تەڭ ھوقۇقسىز «ئىلى شەرتنامىسى» غا ئىمزا قويغۇزدى. بۇ شەرتنامىنىڭ 12 - ماددىسىدا: «روسىيە گراژدانلىرى ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە سودا قىلسا ۋاقىتىنچە باج تاپشۇرمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن روسىيە سودىگەرلىرى بەس - بەس بىلەن



شىنجاڭغا كەلدى، روسىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا سوممىسى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1884 - يىلى ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى 2 مىليون 100 مىڭ رۇبلىغا، 1893 - يىلى 5 مىليون 828 مىڭ 600 رۇبلىغا، 1895 - يىلى 7 مىليون 593 مىڭ رۇبلىغا، 1914 - يىلى 25 مىليون 258 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. 1914 - يىلدىكى سودا سوممىسى 1884 - يىلدىكىگە قارىغاندا 12 ھەسسە كۆپەيدى.

شىنجاڭ روسىيىگە ئاساسەن كۆن - خۇرۇم، يۇڭ، پاختا، چارۋا، تېرە، مېۋە - چېۋە ۋە ئىچكىرىدىن كەلتۈرۈلگەن چاي قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلدى؛ 1893 - يىلنى مىسال ئالساق، شۇ يىلى شىنجاڭ روسىيىگە ئېكسپورت قىلغان قوي يۇڭىنىڭ قىممىتى 422 مىڭ 384 رۇبلىغا، چارۋىنىڭ قىممىتى 406 مىڭ 857 رۇبلىغا، تېرىنىڭ قىممىتى 179 مىڭ 430 رۇبلىغا؛ چاينىڭ قىممىتى 57 مىڭ 720 رۇبلىغا يەتتى. روسىيە شىنجاڭغا ئاساسەن توقۇلما بۇيۇملار، مېتال بۇيۇملار، نېفىت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلدى. 1895 - يىلنى مىسال ئالساق، شۇ يىلى روسىيە شىنجاڭغا ئېكسپورت قىلغان پاختا رەخت 7 مىليون 222 مىڭ مېترغا، يۇڭ رەخت 27 مىڭ مېترغا، مېتال بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 105 مىڭ رۇبلىغا .... يەتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى ھەر ئىككى تەرەپكە، بولۇپمۇ روسىيە تەرەپكە زور پايدا يەتكۈزدى.

ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، روسىيە شىنجاڭدىن چاي، مېۋە - چېۋە، يىپەك، گىلەم ۋە قاچا - قۇچىلارنى كىرگۈزۈپ، روسىيىنىڭ بازارلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى جانلاندۇردى. ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە روسىيە سودا ئارقىلىق نۇرغۇن سانائەت خام ئەشيالىرىغا، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى خام ئەشيالىرى

(ئاساسەن، پاختا، قوي يۇڭى) غا ئىگە بولدى، بۇ روسىيە سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى روسىيىنىڭ سانائەت ماللىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. مەسىلەن، 1895 - يىلى روسىيە شىنجاڭغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 3 مىليون 724 مىڭ رۇبلىغا يېتىپ، روسىيە جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 74.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى شىنجاڭغىمۇ خېلى پايدىلىق بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى روسىيىدىن نۇرغۇن سانائەت بۇيۇملىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا: پاختا رەخت، مېتال بۇيۇملار، كىرسىن، سەرەڭگە، شام، خۇرۇم، بوياق ماتېرىياللىرى، ئىسپىرت، شېكەر قاتارلىقلارغا ئىگە بولدى، بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى يەنە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ دوستانە ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ ئاشكارا ۋە ئىچكى سانلىرىدىن، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئۇچۇرلىرى» دىن ۋە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# ماناس ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشى

ۋاڭ گۇاڭرۇڭ

## ئالتۇننىڭ بايقىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى

قەدىمكى دەۋردىكى ئالتۇن ئومۇمەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىستىن ئىبارەت ئۈچ خىل مېتالنى كۆرسىتىدۇ. ئالتۇن سېرىق ئالتۇن، كۈمۈش ئاق ئالتۇن، مىس قىزىل ئالتۇن دەپ ئاتىلاتتى. ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئۈچ خىل ئالتۇن بۇيۇم» دەپ ئاتىلاتتى.

ئېلىمىز ئالتۇننى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ۋە ئىشلەتكەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 4 مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. ئالتۇن تەبىئەت دۇنياسىدا كۆچمە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دەل «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: ماناسنىڭ ئالتۇن كانلىرىدا «ئالتۇنلار تارقاق، مۇقىم بولمىغاچقا، بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە كۆرۈنمەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەندەك. ئالتۇن كۆزنى چاقنىتىدىغان يالتىراقلىققا ئىگە بولغاچقا، قىيانسۇنىڭ چايقىشىغا ئۇچرىغاندا ناھايىتى

ئاسانلا يەر ئۈستىگە چىقىپ قېلىپ، كىشىلەر ئاسانلا بايقىۋالغان. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تاسادىپىي تېپىۋالغان ئالتۇنلىرىدىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ چىققان. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالتۇن قېزىش ئۇسۇلى ۋە ئالتۇننى ئىشلىتىشى ئىدى. كېيىنچە ئالتۇندىن پۇل قۇيۇپ چىقتى، بۇ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە ئالتۇن كىشىلەر ئۈچۈن بايلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىپ كەلمەكتە. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ماناسنىڭ ئالتۇنى بىلەن قاشتېشى سودىگەرلەرنىڭ سودا سېتىق ئىشلىرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلغان.

## ماناسنىڭ ئالتۇن زاپىسى

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، ناھايىتى مول ئالتۇن زاپىسى بار. تولۇقسىز ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 83 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 59 ىدا ئالتۇن كان بايلىقلىرى بار ئىكەن.

«شىنجاڭ خەرىتە ــ جەدۋەللەر تەپسىراتى» دا، ماناس دەرياسى ئەتراپى ئالتۇن چىقىپلا قالماي، يەنە «ئاشلىق، مېۋە ــ چېۋە، قاشتېشى، ماي، تېرە ــ خۇرۇم، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق ھەممە نەرسە چىقىدىغان جاي» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى لۇغىتى» دە: ماناسنىڭ شەھەر ــ يېزىلىرى باي، ئاۋات بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى چىقىدۇ، «ئالتۇن ماناس، كۈمۈش گوچۇڭ» دېگەن ماقالە بار، دېيىلگەن. يەنە بەزى كىشىلەر ماناسنى «ئالتۇن ۋە قاشتېشى ماكانى» دەپ تەرىپلىگەن. قەدىمكى دەۋردە بۇ ناھىيىنىڭ ئاز بولمىغان يەر



ناملىرى «ئالتۇن» بىلەن ئاتالغان.

ماناستا چىقىدىغان ئالتۇن ئاساسەن كېپەك ئالتۇن ۋە ئاق ئالتۇندىن ئىبارەت ئىككى خىل. شەكلى «كېپەك، يوپۇرماق» قا ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتە 0·3 مىللىمېتر، ئەڭ چوڭلىرى ئىككى مىللىمېتر كېلىدۇ ھەمدە ئاق ۋولفرام، قىزىل تۆمۈر، فوسفورلۇق مىنېرال قاتارلىق كانلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالتۇن نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، بىر تونىنا قۇمدا 0·01 گرامدىن 0·41 گرامغىچە ئالتۇن بولىدۇ.

ماناستا ئالتۇننىڭ تارقىلىشى كەڭ، كان نۇقتىلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن ماناس دەرياسى ۋە شۇ ئەتراپتىكى يېزا ــ كەنتلەردىن چىقىدۇ. چىڭ دەۋرىدە ئۆرۈمچىدە ئۆتكەن ئەدىب جى يۈن ماناسنىڭ ئالتۇن كانلىرىنى تەسۋىرلەپ گۈزەل مىسرالار قالدۇرغانىكەن.

## ئالتۇن قېزىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش

ماناس 200 يىلدىن كۆپرەك ئالتۇن قېزىش تارىخىغا ئىگە. «چىڭ سۇلالىسىغا ئائىت ماتېرىياللار»، «شىنجاڭ خەرىتە ــ جەدۋەللەر تەپسىراتى» دا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 2 ــ يىلى (1737 ــ يىلى) ماناس، كۈيتۇڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن كانلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن قېزىلغان. شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ماناستا ئالتۇن ئەڭ بۇرۇن قېزىلغان. «غەربىي يۇرت خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، «تيانشاننىڭ شىمالىي يولىدىكى ئالتۇن قېزىش ماناستىن باشلانغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرى ماناسنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشى تازا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ

دەسلەپكى مەزگىلىدە، فېئودال ھۆكۈمرانلار كۆپلىگەن جاي-
لاردا كان ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى كۆزدە
تۇتۇپ، ئالتۇن كانلىرىنى ئاچماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق
چۈشۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ «ئوزۇق - تۈلۈك،
مال - مۈلۈك تەزكىرىسى»، «كاڭشىنىڭ 22 - يىلى
(1683 - يىلى) دىكى پەرمانى»دا، «كان ئېچىش (ئالتۇن،
كۈمۈش كانلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ) جايلارغا پايدىسىز، كان
ئېچىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا بىردەك رۇخسەت قىلىنمايدۇ»
دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلارنى تىنچلان-
دۇرغاندىن كېيىن، بايلىق مەنبەسىنى ئېچىپ، مالىيىدىكى
يېتىشمەسلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ھەربىي قوشۇن-
نىڭ بوز يەر ۋە كان ئېچىش تەدبىرىنى قوللاندى. بۇ
چاغدا ماناستا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتۇن، قاشتېشى
زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ھۆكۈمەت
تەرەپ باشچىلىق قىلدى.

ئالتۇن ئېلىش «قۇمدىن ئالتۇن چايقاش» بولۇپ، بىر
جاپالىق ئەمگەك. ماناسنىڭ ئالتۇن كانلىرى ماناس دەر-
ياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنىغا تارقالغان بولۇپ، ئەڭ
ئېگىز يېرى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز
بۇ يەرلەر ھاڭ ۋە چوڭقۇر غار بولۇپ، ئالتۇنچىلار-
نىڭ بۇ يەرلەرگە قويغان ئىسىملىرىنى ئاڭلىسا كىشىنى سۈر
باسىدۇ. ئالتۇنچىلار ئالتۇن چايقىغاندا ھەمىشە ھاياتىدىن
ئەندىشە قىلاتتى. ئالتۇن زاۋۇتىدىكى ئالتۇنچىلار جاپا چەك-
كەننىڭ ئۈستىگە، ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ زاۋۇتتىن
قېچىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ
زاۋۇتى كاساتلىشىپ كەتكەن، ئەكسىچە شەخسىي ئالتۇن چاي-
قايدىغانلار كۈنسېرى كۆپىيىپ، ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ئالتۇن
چايقاشنى تالىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولى-



دۇكى، ئۆز ۋاقتىدىكى ماناس ئەتراپىدىكى ئالتۇن ئېلىش ئەڭ
يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن جىياچىڭ يىللىرىغىچە،
شەخسىي ئالتۇن ئالىدىغانلار كۈنسايىن كۆپىيىپ، ئېلىنغان
ئالتۇن مىقدارى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن.
خەلقنىڭ ئالتۇن ئېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شەخسلەرنىڭ ئالتۇن چايقىشىنى قاتتىق
توسقان. يەنە بېشبالىقتا (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى) ئال-
تۇندىن باج ئالىدىغان ئىدارە تەسىس قىلىپ، ئالتۇن قېزىش
بېجى ئالغان. ھەر ئايدا ھەربىر ئالتۇنچىدىن ئۈچ ئۆلۈش
ئالتۇن تاپشۇرۇشنى بەلگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئال-
تۇنچىلار يەنە قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ۋە
ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى،
يېنىكلىرى جازالىنىپ قول بولاتتى، ئېغىرلىرى ھاياتىدىن
ئايرىلاتتى. چيەنلۇڭنىڭ 57 - يىلى (1792 - يىلى)
8 - ئايدا: «ماناسنىڭ شىمالىي تاغ ئىچىدە خۇسۇسىي ئالتۇن
قازغان پۇقرالاردىن ۋاڭيۇكچۈن قاتارلىق 47 كىشىنى ھەمدە
ئىچكىرى ئۆلكىدىن كەلگەنلەرنى تاغقا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن
قانۇنسىز كىرىپ ئالتۇن قازغان» دەپ قولغا ئېلىشقا پەرمان
چۈشۈرگەن.

تۇڭجى يىللىرىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن جەمئىيەت
تىنچ بولماي، ئالتۇن ئېلىش ئىشلىرى بارا - بارا ئارقىغا
چېكىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ماناستىكى
ئالتۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسى تاقىلىپ ئىشتىن توختاپ
قېلىشى بىلەن، بىر مەھەل گۈللەنگەن ئالتۇنچىلىقمۇ خاراب
بولدى. مىنگو دەۋرىدە، پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى شەخس-
لەر تەۋەككۈل قىلىپ ئالتۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپ-
چىقىرىش مىقدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ماناسنىڭ ئالتۇن

ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى گاسات ئىدى. پۈتۈن مەملىكەتنى ئالساق، گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى (1888 - يىلى) مەملىكەت بويىچە ئىشلەپ چىقىرىلغان ئالتۇن 430 مىڭ سەر بولۇپ، ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگەندە ئاران 190 مىڭ سەرگە چۈشۈپ قالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئالتۇنغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. مەركىزىي مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى ماناستىكى ئالتۇن كان نۇقتىلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مېتاللورگىيە ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيە شىركىتىنى ماناسنىڭ ئالتۇن زاپىسىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، كان زاپىسىنى ئېنىقلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ماناس ناھىيىسىدە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى يېڭىباشتىن كۆتۈرۈلدى. يىللىق ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 300 سەر ئەتراپىدا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

(«سانجى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 10 - سانىدىن ئېلىندى).

ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى تەرەققىيات

**غوجا ئەخمەت يۇنۇس**

ئىلى ۋادىسىنىڭ گۈزەل تەبىئىي شارائىتى بۇ ۋادىدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە باشقا كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى مۇھىم ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئەنە شۇ ماددىي ئاساسلارنىڭ بىرى.

ھازىر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۇ ئىنشائاتى تورلىرى خۇددى شاھمات تاختىسىدەك ئورۇنلاشقان، سۇ ئىنشائاتى تورلىرى بۇرۇنقى نوقۇل ئادەتتىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن يۈرۈشلەشكەن، ئاستىغا ۋە ئىككى يېنىغا بېتون تاش ياتقۇزۇلغان، سۇ باشلاش ئۈسكۈنىلىرى زامانىۋىلاشقان ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان چوڭ سۇ ئامبارلىرىغا، پۈركۈپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە تەرەققىي قىلدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بولغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىلەن يېزا ئىگىلىكىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. ئىلى ۋىلايىتىدە دۆلەتنى يىلىغا 50 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىن ئېتىدىغان غۇلجا ناھىيىسىگە

ئوخشاش جايلار دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپىلەر قوشماقتا.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلگەن ئەمەس. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تارىخىنى مىلادىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئىلىدا ياشىغان ۋە بۇ ۋادىنى گۈللەندۈرگەن ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، زىرائەت تېرىغان، مېۋە يېتىشتۈرگەن، چۆپلۈكلەرنى سۇغارغان. دوكتور رىزا نۇر «تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كونا زامانلاردىن بېرى تۈرك تارانچىلىرى سارىسۇ ①، ئىلى، تارىم، سىر دەريا، ئامۇ دەريالىرى كانارلىرىدا ② ۋە ئارىلىرىدا چۆپلۈكلەرنى سۇغارماق ئۈچۈن مۇھىم قاناللار ياپىشلەر، ھوبۇبات ③ ئەكمىشلەر، مېۋە باغاچلىرى يېتىشتۈرمىشلەردۇر» (3 - قىسىم 26 - بەت). ئىلى ۋىلايىتىدە ھازىرغىچە خارابىسى ياكى ئىزى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەردىنمۇ ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان غۇلجا ناھىيىسىدىكى تۇرپانيۈزى قەدىمكى شەھىرى — ئايىپۇرۇق («ئالتۇنلۇق»، «قويلۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سۈي سۇلالىسى (مىلادى 581 — 618 - يىللار)، تاڭ سۇلالىسى (مىلادى 618 - 907 - يىللار) دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودا ئىشلىرىدىكى

① سارىسۇ — ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جاي نامى، بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا توققۇز ئوغۇزلار ماكانلاشقان.

② كانار — قىرغاق، چەت، گىرۋەك.

③ ھوبۇبات — ئاشلىق، زىرائەت.



مۇھىم جاي، تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يولىدىكى مۇھىم شەھەر بولغان. بۇ شەھەر ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بىر بىرىم مېتىرچە كەڭلىكتە ئېرىق بولۇپ، ياز كۈنلىرى سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن.

يەنە بىر قەدىمكى شەھەر — ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالمىلىق ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىنمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىغا دائىر ئاساسلارنى تاپالايمىز. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەرنىڭ تارىخىنى مىلادى V ئەسىردىن ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئايلانمىسى 25 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئىچىنى ئالمىلىق باغلار، ئۈزۈمزارلىقلار قاپلىغان، ئېتىزلىرىغا تۈرلۈك زىرائەتلەر تېرىلغان، مېۋە ۋە زىرائەت ئۈچۈن سۇ بولمىسا بولمايدۇ، شۇڭا مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا ئالمىلىقتا ئۆز زامانىسىغا يارىشا سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالغانلىقىدا شەك يوق. پىكرىمىزگە تارىخىي خاتىرىلەردىن ئاساس كۆرسىتەيلى: غەربىي لياۋ دەۋرىدە (XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) «ھازىرقى ئىلى ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدا ‹ھەر تەرەپكە ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر بار›... ئىدى؛ دېھقانلار يەر تېرىسا، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ سۇنى سۇغىرىشقا تايىناتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى... جەھەتتە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكىگە ئوخشايتتى». «بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى مۆتىدىل بولسىمۇ، لېكىن ھۆل يېغىنى ئاز ئىدى، شۇڭا سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرغاندىلا، زىرائەتتىن مەھسۇلات ئالغىلى بولاتتى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» بىرىنچى كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى 265 -

266 - بەتلەر). بۇ هال ئەينى ۋاقىتتىكى ئالمىلىق شەھىرىنىڭمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. XIII ئەسىردە ئۆتكەن جۇڭگو ساياھەتچىسى چاڭ دې «غەرب خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، سايرام كۆلى بويىدىكى سىمپىتوزىدىن ئۆتكەن چاغدىكى ئەھۋالىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالمىلىق شەھىرىگە باردۇق، شەھەر ئىچىدە سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ». («ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 67 - بەت). ئالمىلىق شەھىرى XIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن يەنى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي زامانىدىن باشلاپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئەمما ئۇنىڭ باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تارىخىي خاتىرىلەردە ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلىندى. مەسىلەن: مىلادى 1414 — 1416 - يىللىرى غەربىي يۇرتقا بارغان چىن چېڭنىڭ ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، مۇشۇ مەزگىلدە «ئالمىلىقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىلا بازار، مەھەللە، باغ - ۋاران، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن». ساياھەتچى چاڭ دې «غەرب خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە يەنە، ئەينى ۋاقىتتا ئىلى تەۋەسىدە ئالمىلىق شەھىرىدىن باشقا، سۇ ئىنشائاتلىرى راۋاجلانغان يەنە بىرمۇنچە جايلارنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. چاڭ دې يەنە مۇنداق دەيدۇ: يەنە غەربكە ماڭسىڭىز، چۇ دەريا ۋادىسىغا بارسىز، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئېتىزلارنى سۇغىرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر گىرەلىشىپ كەتكەن» («تارىخى رەشىدىيە» 1 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى 70 - بەت).

دېمەك، ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن باشلانغان ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا چۆپلۈكلەرنى سۇغىرىش، زىرائەت تېرىش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كەلگەن.



XVIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي قىسىملارنىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويغان. ئەينى ۋاقىتتا بوز يەر ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىلى قاتارلىق جايلار بولغان. «چىڭ سۇلالىسى ئىلى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بوز يەر ئېچىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىلى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەسكەر تۇرىدىغان جايلار ئىدى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى 443 - بەت). چىڭ سۇلالىسى ئىلىدا يولغا قويغان بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش ۋە بوز يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن سۇ ئىنشائاتلىرى ياساش ئىشى، ئاساسەن، 1762 — يىلى 10 - ئايدا ئىلى جياڭجۈنى (تولۇق ئىسمى ئىلى ۋە باشقا جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان جياڭجۈن) تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلەندى، ئەمما ئىلى جاڭجۈنى تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ بۇ جەھەتتە بەزى ئىشلار ئىشلەندى «1760 - يىلى... ئاقسۇدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ئاگۈي 300 تۈتۈن ئۇيغۇرنى باشلاپ ئىلىغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چۇلۇقاي (ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسى دائىرىسىدە) غا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ، بوز يەر ئاچقۇزدى». (ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى 1000 - بەت). ئاگۈي ئىلىدا بوز يەر ئاچقاندا، «دەسلىپىدە بوز يەر ئاچقان ھەربىيلەرنىڭ سانى 800 ئىدى. ھەر بىر ئادەم 10 مو يەر تېرىيتتى، كېيىن بۇ داۋاملىق كۆپىيىپ 2500 ئادەمگە يەتتى؛ بۇلاردىن 2000 ئادەم تېرىقچىلىق قىلدى، 500 ئادەم ھەربىي مەشىق قىلدى، بەش يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىپ تۇردى». («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، بىرىنچى

كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى 444 - بەت). ئىلىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلۇپ چىڭ تۇتۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كەڭ كۆلەملىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تەبىئىي ھالدا جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىلى جاڭجۈنى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش بولدى. ئىلىدىكى قاش دەرياسى سۇغىرىش رايونى ئەنە شۇ مەزگىلدە بەرپا قىلىنغان قەدىمكى سۇغىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۇغىرىش رايونىدىكى ئاساسىي ئۆستەڭ بولغان ئاقئۆستەڭ (بۇرۇنقى نامى «تاش ئۆستەڭ») چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا چېپىلىشقا باشلىغان. «1765 - يىلى قاش دەرياسىدىن سۇ باشلىنىدىغان ئاقئۆستەڭ چېپىلدى»، («ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 509 - بەت). ئاقئۆستەڭنىڭ تەكتى بولغان تاشئۆستەڭنى ئۇرانزىب بەگ ئىلىغا ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە (1766 — 1805 يىللار) شەرقتىكى ھېيدىلىيۈزى (ئەسلى «ھېيت ئېلى يۈزى»)، خۇدا قۇل يۈزى (ھازىر «ئالتە ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ)، ئويناتىيۈزى (ھازىر «ئوينار يۈزى» دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە ئىسلامىيۈزى قاتارلىق يېزىلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن يۈزلۈكلەردىن ھاشار ئېلىپ چاپتۇرغان (ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ ئەتراپتا «تاشئۆستەڭ» دېگەن جاي بولۇپ، XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئىلىغا كۆچۈرۈلگەندە، بۇ يەرگە 400 ئائىلە ئۇيغۇر دېھقان ئورۇنلاشقان). ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆزى لايىھىلەپ چاپقان بۇ ئۆستەڭ (ئاقئۆستەڭ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكىنىڭ ئۆچمەس سىمۋولى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئىلىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىدا غايەت زور رول ئوينىدى. تارىخچى



يۈزىشياۋ ئاقئۆستەڭنىڭ چېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلى رايونىنىڭ گۈللىنىشىدە ئوينىغان رولى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق يازىدۇ: «ئاقئۆستەڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى پىلىچى جىلغىسىنىڭ تاغ بۇلاقلىرىغا تۇتاشتۇرۇلغانىدى، كېيىن جىرغىلاڭ جىلغىسىغا ئۇزارتىلدى، ئاخىردا ئىلى دەرياسىنىڭ يەنە بىر مەنبەسى بولغان قاش دەرياسىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىلى دەرياسى بىلەن پاراللېل يۆنىلىش ھاسىل قىلغان غايەت زور سۇ ئىنشائاتىغا ئايلاندۇرۇلدى». «ئاقئۆستەڭنىڭ قېزىلغانلىقى ئىلى رايونىنىڭ گۈللىنىشىدە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە». («ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى 1056 - بەت). بۇ قاراش «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (بىرىنچى كىتاب) دىمۇ قەيت قىلىنىدۇ: «بۇرۇنقى تارانچى (ئۇيغۇر) لار تەرىپىدىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا «ئاقئۆستەڭ» دېگەن چوڭ بىر ئۆستەڭ قېزىلغان بولۇپ، بۇ، يەرلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى» (ئۇيغۇرچە نەشرى 448 - بەت). «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»دا بايان قىلىنىشىچە، ئاقئۆستەڭ 1820 - يىلىدىن كېيىن كېڭەيتىپ چېپىلغان، 1843 - يىلى رېمونت قىلدۇرۇلۇپ، توما ياسالغان. جيا چىڭ (1796 — 1820)، داۋگۇاڭ (1821 — 1850) يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىردىن ئاشقان. ئاقئۆستەڭنى كېڭەيتىپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ چېپىش ئىشى ئۇزاق ۋاقىتلار داۋام قىلغان، 1818 - يىلى ئىلى ھاكىمبەگ خوجا ئەۋلادلىرىدىن خۇشنىزات بەگنىڭ يالغۇز ئوغلى خالزاتخان تەيجى (تاجى ھېكىم) دادىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىم بەگلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپلەپ ئېچىش مەقسىتى بىلەن ئاقئۆستەڭنىڭ تەكتى بولغان تاشئۆستەڭنى ئاساس قىلغان ئاقئۆستەڭ

قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش خالزاتخان تەيجىگە تاپشۇرۇلغان. سۇچىلىق ئىشلىرىدىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان خالزاتخان بەگ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنىغا خەلققە جەبىر - زۇلۇمنى كۈچەيتكەنلىكتىن، دېھقانلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ نەزىرىدىن قالغان. شۇنىڭ بىلەن 1820 - يىلى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى خالزاتخان بەگنى شاغبەگ (مۇئاۋىن ھاكىمبەگ) لىككە چۈشۈرۈپ، ئورنىغا باقى ئاخۇننى ئورلاڭ (ۋاقىتلىق) ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىگەن. باقى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم بولغان دۆلەت ھېكىم زامانىسىدا ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشى تازا راۋاج تاپالمىغان، چورۇق ھېكىم (مەھەممەت ئىمىن) ئىلىغا ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدىلا ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشى تېز ئىلگىرىلىگەن. «چورۇق ھېكىم خەلقپەرۋەر، ئادىل، سۇ ۋە ئۆستەڭ ئىشلىرىنى پۇختا بىلىدىغان زات بولۇپ، سۇ ۋە ئۆستەڭ ئىشلىرى بۇ كىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن تېز ئىلگىرىلىگەن. 1825 - يىلى ئۆستەڭ پۈتۈپ، بايانداي قەلئەسىنىڭ جەنۇبىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئۆستەڭگە سۇ باغلاش مەزگىلىدە، شاغبەگ خالزاتخان ‹ئۆستەڭگە سۇ چىقمايدۇ› دەپ جاڭجۈن مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان»، «چورۇق ھېكىم سۇنىڭ راۋان ئاقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ‹دار› ياساپ، ئەمەلدارلارنى قايىل قىلىش بىلەن، ئۆستەڭ سۈيىدە بىللە ئېقىپ، ‹ئاقئۆستىكىم، ئاق!› دەپ پالاق ئۇرۇپ، بايانداي قەلئەسى سىرتىغا ياسالغان شىتەيگە بېرىپ، مۇراسىمنى كۆرۈۋاتقان جاڭجۈنلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن». (تېيىپجان ھادى: «ئىلى گۆك — بەگلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى»). تاش ئۆستەڭنىڭ نامى شۇنىڭ بىلەن «ئاقئۆستەڭ» دەپ ئاتالغان، ئىلىدا يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن تىلشۇناس، تارىخچى ۋە شائىر تېيىپزات خەلپەت تاھىري (1901 — 1974) «ئۇيغۇر تىلى



ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق ئەسىرىدە، ئاقئۆستەڭ ۋە چورۇق ھېكىم ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئاقئۆستەڭ ــ ئىلى ۋىلايىتىدىكى بىر قانچە ئۆستەڭلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە ئۇزۇنراقىدۇر، بۇ ئۆستەڭنىڭ بېشى قاش دەرياسىدىن ئېلىنغان، بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىلگىرىكى ئېتى ‹تاشئۆستەڭ› بولۇپ، جاڭجۇڭ ۋاقتىدا غاڭ بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئۆستەڭگە لاتقا تىنىپ قالغانلىقتىنمۇ سۈيى ئازىيىپ، كونا كورەدىكى جاڭجۈننىڭ بېغىغا سۇ يەتمەي قالغان. جاڭجۈن ئۆستەڭنى يوغىنىتىش ۋە چوڭقۇرلىتىشنى شۇ چاغنىڭ ھاكىمى چورۇق ھاكىمغا بۇيرۇغان. ئۆستەڭ چېپىلىپ سۇ قويۇپ بېرىلگەندە، چورۇق ھاكىم بىر قولۋاققا چۈشۈپ ئېقىپ، ‹ئاق ئۆستىكىم، ئاق› دەپ بېرىپتۇ، ئاندىن كېيىن ‹تاشئۆستۈك› دېگەن نام ‹ئاقئۆستەڭ› دېگەن نامغا ئالماشقانىكەن». چورۇق ھېكىمنىڭ ئاقئۆستەڭنى چېپىش داۋامىدا كۆرسەتكەن ئۈچمەس خىزمىتى ئىلى خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ 1837 - يىلى ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ نامىزىغا غۇلجا شەھىرى ۋە ھەممە يۇرتنىڭ دېھقانلىرى قاتناشقان ھەم ئۇنىڭ جەسىتى گارا مۇھەممەت خەلپەم دەپن قىلىنغان خەلپەم بۇزرۇكۋارغا دەپن قىلىنغان. ئاقئۆستەڭنىڭ تومۇسى 1843 — 1844 - يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان لىن زېشۈ (1785— 1850) تەرىپىدىن يابىستىلغان، ئۆستەڭ بېشىدا لاتقا تازىلاش ۋە تومما ياساش قۇرۇلۇشىدا ھەر كۈنى 700 دىن ئارتۇق كىشى ئىشلىگەن، تۆت ئاي داۋام قىلغان بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 100 مىڭ ئەمگەك كۈچى كەتكەن.

ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا چېپىلغان ئۆستەڭلەرنىڭ ئىچىدە تارىخىي ئۇزۇنراق ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى چوڭراق ئۆستەڭلەردىن يەنە «ھېكىم ئۆستەڭ» بىلەن «شاغىلىق

ئۆستەڭ» بار. بۇ ئۆستەڭلەر ئىلى هاكىمبەگ غوجا ئەۋلادلىرىدىن ئورانزىب بەگ ئىلىغا هاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە چېپىلغان. ئورانزىب — ئىلى هاكىمبەگ غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ هاكىمبەگ ئاتالغان بىرىنچى ئاتىسى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «لۈكچۈن ۋاڭى» ئۇنۋانىنى ئالغان قاراغوجىلىق ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى. ئورانزىب غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئىلى هاكىم بەگكە تەۋە بولغان جىرغىلاڭ سۈيى قۇيۇلىدىغان هازىرقى ناغرىچى مەھەللىسىنىڭ ئاستىغىچە بولغان كەڭ مۇنبەت يەرلەرنى ئىلى دەرياسىنىڭ لېۋىگىچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە، لەڭزە بېشى سۈيىدىن ئىككى ئۆستەڭ ئېلىشنى پىلانلىغان. بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ بىرى — لەڭزە بېشى سۈيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز ئاق توپىلىق يار بويىنى ئايلاندۇرۇپ، قارا دۆڭ قاپتىلى ئارقىلىق گۈلشەنباغ تەرەپكە ئاققان ئۆستەڭ بولۇپ، «هېكىم ئۆستەڭ» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن ئورانزىبنىڭ خۇسۇسىغا ئايرىلغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى — جىرغىلاڭدىن تاش كۆۋرۈككىچە بولغان، هازىرغىچە «تۈرك» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان 5000 خولۇق ① يەر سۇغىرىلغان. ئورانزىب بۇ يەردە يېقىنقى يىللارغىچە خارابىسى ساقلانغان «هېكىم ساڭ» (كېيىن «كونا ساڭ» دەپ ئاتالغان) نى سالدۇرغان. ئۆستەڭنىڭ يەنە بىرى — لەڭزە بېشى سۈيىنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن هازىرقى خەنزۇ بازىرىدىن ئۆتكىچە بىر پۈتۈن بولۇپ ئېقىپ، ئايدۆڭ تاش كۆۋرۈك، ناغرىچى تەرەپلەرگە تارماق بولۇپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن شاغىبەگكە تەۋە بولغان، تاش كۆۋرۈكتىن ئايدۆڭنىڭ ئاستىغىچە (دەريا لېۋىگىچە) بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەر سۇغىرىلىپ، تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، «شاغىلىق ئۆستەڭ» دەپ ئاتالغان. «شاغىلىق ئۆستەڭ» دىن ئۈچ تارماق ئۆستەڭ

① بىر خو يەر — 10 موغا باراۋەر كېلىدۇ.



(ئېرىق) ئېلىنغان. بۇنىڭ بىرىنچىسىگە «بەگ ئېرىق» دەپ نام بېرىلگەن، بۇ سۇ بىلەن شۇ دەۋردىكى بەگلەرگە بېرىلگەن يەرلەر كۆكەرتىلگەن؛ ئىككىنچىسىگە «ئاخۇن ئېرىق» دەپ نام بېرىلگەن، بۇ سۇ بىلەن ئاخۇنلارغا بېرىلگەن يەرلەر كۆكەرتىلگەن؛ ئۈچىنچى ئېرىق سۈيى بىلەن هازىرقى قازانچى تەۋەسىدە قۇرۇلغان روزى يۈزى يېزىسىغا قاراشلىق يەرلەر كۆكەرتىلگەن. «هېكىم ئۆستەڭ» بىلەن «شاغىلىق ئۆستەڭ» لەڭزە بېشى سۈيى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى يەرلەرنى تېرىلغۇ مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتى بىلەن چېپىلغان. يۇقىرىقى ئىككى ئۆستەڭ ۋە ئۈچ تارماق ئۆستەڭ (ئېرىق) هازىرقى كۈندىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئېلىنغان ئىزى بىلەن ئېقىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىنى كۆكەرتىشتە مۇهىم رول ئويناۋاتقان سۇ ئىنشائاتلىرى بولۇپ كەلمەكتە.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئىلى ۋادىسىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا هەر يىلى ئۆستەڭ چېپىش، ئۆستەڭ رېمونت قىلىش ئىشلىرى ئەۋج ئېلىپ، سۇ ئىنشائاتلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1800 - يىلدىن 1864 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى تەۋەسىدە 40 تىن ئارتۇق غول ئۆستەڭ چېپىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاق ئۆستەڭ، هېكىم ئۆستەڭ، شاغىلىق ئۆستەڭدىن باشقا، ئارا ئۆستەڭ ① كۆكسۇن ئۆستەڭ، بايتوقاي، ئارابۇز، ئونيار، سادىقبۇرى، قاش قاراباغ، سۇلتان شاه بۇرى، سامبۇزى، قاش قاراياغاچ، دودى ئۆستەڭلىرى، توققۇز تارادىكى ئۇيغۇر ئۆستىڭى، شىبە ئۆستىڭى ② ، چاپچالدىكى چاپچال، دولاتو، غاپپار

① بۇ ئۆستەڭ ئاق ئۆستەڭ بىلەن بايتوقاي ئۆستىڭىنىڭ ئارىسىدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

② شىبە ئۆستىڭى 1896 - يىلى چېپىلغان. ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن، چاپچالدىكى هەر قايسى سۇمۇللار-

(ھازىر «ئاپسار» دەپ ئاتىلىدۇ)، ئاندۇساتتار، سادىق، چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا ئۆستەڭلىرى، كورەدىكى جاڭجۈن ئۆستىڭى① قاتارلىقلار بار. جۈملىدىن ئورانزىب بەگنىڭ ئوغلى مىلىكزات مىلادى 1806 - يىلى ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بولغاندىن كېيىن، بورۇسۇن غوللىدىكى تار مەھەللىسىدىن ئېدىر قاپتاللىرىنى كېسىپ، سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىنىڭ ئالدى بىلەن كۈنگەيدىكى ئېدىر ئۈستىنى ئايلاندۇرۇپ بۆلۈكەيگە كەلگىچە ئۆستەڭ ئېلىشنى پىلانلىغان ۋە بۇنى چاپتۇرۇپ، بۆلۈكەي يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىقىنى خېلىلا ئىلگىرى سۈرگەن. ھەم يېزىنىڭ باغ - ۋارانلىق بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. مىلىكزات بەگنىڭ چوڭ ئوغلى خۇشنىزات بەگ 1814 - يىلى ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بولغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى جاڭجۈنى سۇڭجۈن ھەربىي قوشۇنلار بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىللە پايدىلىنىپ كەلگەن پىلىچى قارا سۈيىنى (بۇسۇدىن يۇقىرىقى ۋە تۆۋەندىكى پەنجىم دېھقانلىرى ھەم بايانداي قەلئەسىدىكى قوشۇنلار پايدىلىناتتى) چېرىكلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇپ، خۇشنىزات ھېكىمگە باشقا ئورۇندىن ئۆستەڭ چېپىشنى بۇيرۇغان. خۇشنىزات ھېكىم پەنجىم يۈز بەگلىرى ۋە مىرابلىرى بىلەن ئىزدىنىپ، جىرغىلاڭ غولى (جىلىلىيۇزى غولى) دىكى قارا سۈنى تۆرپانيۇزى ئۈستىدىكى ئېدىر قاپتاللار بويلاپ ئاققۇزىدىغان ئۆستەڭ ئېلىپ، پىلىچى ئاغزىدىكى 150 ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق قىلىشىغا سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قان-

دىن 250 شىبە ئەسكەرنى توققۇزتارادىكى تاشتۆپە قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتكەن. شىبە ئۆستىڭىنى ئەنە شۇ ئەسكەرلەر چاپقان. تاشتۆپە قەلئەسىمۇ شۇ چاغدا بىنا قىلىنغان.

① دودى ئۆستىڭىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن كورە لامىساڭغا بىر ئۆستەڭ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنى كورەدىكى ئىلى جاڭجۈنى چاپتۇرغانلىقتىن، «جاڭجۈن ئۆستىڭى» دەپ ئاتالغان. بىراق دەريا ياقىسىدىن ئىلان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن پۈتمەي تاشلىۋېتىلگەن.



دۇرغان، ئاۋابوز ئۆستىڭى ئىككى يىلدا پۈتكەن، ھەر يىلى ئۆستەڭ چېپىشقا بىر نەچچە يۈز كىشى قاتناشقان. چېپىلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كۆپەيگەن سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە، ئەينى ۋاقىتتا چېپىلغان چاپچال ئۆستىڭى ئىلىدىكى مۇھىم سۇ ئىنشائاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆستەڭنى چېپىشقا شىبە غوجىدارى توبۇت (1755 — 1823) رەھبەرلىك قىلغان. چاپچال ئۆستىڭى 1802 - يىلى 10 - ئايدا رەسمىي باشلانغان. ئۆستەڭ چېپىشقا جەمئىي 400 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى قاتناشقان، بۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئەسكەرلەر تەشكىل قىلغان. ئۆستەڭ يەتتە يىل چېپىلغاندىن كېيىن، 1808 - يىلى ئۆز قەرەلىدە پۈتكەن. ئۆستەڭنىڭ شەرقتىن غەرب ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن 78 مىڭ 704 مو بوز يەر ئېچىلغان. «چاپچال» شىبەچە سۆز بولۇپ، «ئاشلىق كانى» دېگەن مەنىدە. شۇسۇڭ يازغان «غەرب ئەللىرىنىڭ دەريا ئېقىنلىرى» دېگەن كىتابتا، چاپچال ئۆستىڭى «شىبە ئۆستىڭى» دەپ ئاتالغان. ھازىرقى «چاپچال» دېگەن نام ئەنە شۇ ئۆستەڭنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (بىرىنچى كىتاب) دا، بۇ ئۆستەڭنىڭ چېپىلىش ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «شىبەلەر ياشايدىغان ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەردە، دەريادىن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا بىر ئۆستەڭ بار①، بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى غەربتىن شەرققە 200 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلار تار بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئاز ئىدى؛ جەنۇبىي قىرغاقتىكى يەرلەر كەڭ بولۇپ، تاغ قىيالىرى بىلەن توسۇلغان. شۇڭا، بۇ يەردە سۇ كەمچىل ئىدى».

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۆستەڭ — چوقۇر ئۆستىڭى. بۇ ئۆستەڭ چاپچال ئۆستىڭىدىن بۇرۇن چېپىلغان.

«جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىنىڭ 1802 - يىلى) شىبە يىڭىنىڭ باشلىقى تومۇت① شىبە خەلقىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، چاپچال تېغىنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئېلىپ چۈشۈپ، قىيانىڭ ئۈستىگە ئۆستەڭ چېپىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شىبە خەلقىنىڭ ئالتە يىل تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشى نەتىجىسىدە، مىلادىنىڭ 1808- يىلىغا كەلگەندە ئۇزۇنلۇقى 200 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يەنە بىر يېڭى ئۆستەڭ پۈتكۈزۈلدى.»

ئىلىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى بۇ نەتىجىلەر دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈردى، «ئىلى ۋىلايىتى شۇ چاغدا شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ھەممىدىن تەرەققىي قىلغان ۋىلايەت بولدى». («ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ئۇيغۇرچە نەشرى 85 - بەت). شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلدار - بەگلەرنىڭ زالىملىقى ۋە تەدبىرسىزلىكى ئىلى خەلقىگە، بولۇپمۇ دېھقانلارغا چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈردى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۈرەك - باغرىنى خۇن قىلغان «ۋاڭخېلىيۇ ئالۋىڭى②» ئەنە شۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن بىرى. بۇ ئالۋاڭنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى مۇنداق: ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بارغانسېرى شىمالغا سۈرۈلۈپ، ئىلى جاڭجۈنى مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان چوڭ كورە③ سېپىلىغا يېقىنلاپ كەلگەن. سېپىلغا يېقىن دەريا بويلىرى توپا، شېغىللىق بولۇپ، دەريا سۈيى ئۇرۇلغاندا يار تۆۋى-

① كىتابتا شۇنداق دەپ ئېلىنغان.
② بۇ، خەنزۇچە سۆز بولۇپ، «دەريانى قاچۇرۇش» دېگەن مەنىدە.
③ چوڭ كورە ھازىرقى چۆرەنىڭ جەنۇب تەرىپىگە، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئېگىز ياز بويىغا جايلاشقان. چوڭ كورە ھازىر يوق، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى دەريا چىقىپ كەتكەن. قالغىنى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ۋەيران بولغان.



نى كولاپ، ئېگىز يارنى گۈمۈرۈپ چۈشەتتى. بولۇپمۇ ئەتىياز مەزگىلىدە قىيان سۇ كەلگەندە، چوڭ كورە شەھىرىگە پۈتۈنلەي سۇ چىقىپ كېتىش خەۋپى تېخىمۇ ئاشاتتى. كورەدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى دەريانى قاچۇرۇپ، شەھەر سېپىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چوقۇر①نىڭ تىنىپ كەتكەن ئىككى قىنىنى كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرلىتىپ قېزىپ، ئېقىننى شۇ تەرەپكە باشلاش؛ توسما ياساپ، دەريا ئېقىنىنى جەنۇبقا سۈرۈش، شۇنداقلا چوڭ كورە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىنى بويلىتىپ توسما ياسىتىپ، سېپىلنى قوغداپ قېلىش ھەققىدە خانلىققا دوكلات سۇنغان. مىلادىي 1820 - يىلى 9- ئايدا، خانلىقتىن دوكلات ماقۇل كۆرۈلۈپ پەرمان چۈشۈرۈلگەن ۋە بۇنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 14 مىڭ سەر كۈمۈش قەرز بېرىلگەن. بۇنىڭغا سېلىنغان ئەڭ چوڭ ھاشار — «ۋاڭخېلىيۇ ئالۋىڭى» بىر قېتىملىق، بىر پەسىللىك ياكى بىر يىللىق ئالۋاڭ بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان ئالۋاڭ ئىدى، بۇ ئالۋاڭ 1820 - يىلدىن 1864 - يىلدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغىچە 44 يىل داۋام قىلغان. بۇ ئالۋاڭ ئەتىيازدا يەنى تېرىلغۇ ئىشلىرى تازا ئالدىراش مەزگىلدە باشلىناتتى. شەھەر، يېزىلاردىن ئېلىنغان ھاشارچىلار ئات - ھارۋىلىرىغا شاخ - پاخال، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى بېسىپ، تەرەپ - تەرەپتىن چوڭ كورەگە يىغىلاتتى. ئىلىدا ئۆتكەن موللا ناسىر ئەئلەم «ۋاڭخېلىيۇ ئالۋىڭى» توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «ۋاڭخېلىيۇ»دا ئىككىنچى ئايدىن تارتىپ بەشىنچى ئايغىچە بىرمىڭ بەش يۈز كىشى، يەتتىنچى ئايدا دەرياغا سۇ كىرگەندىن كېيىن ئونىنچى ئايغىچە② بەش يۈز كىشى قوشۇلۇپ ئالبان قىلادۇرغان ئىدى. ھاشارچىلار قاپاق، كۆپتۈرۈلگەن تۇلۇملار بىلەن ئىلى دەرياسىغا چۈشۈپ، بۇقا ۋە تۇرمەل

① ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تارمىقى.
② كونىچە ئاي ھېسابى.

باغلاپ، كۆشۈكلەرگە تاش تولدۇرۇپ، ئېگىز يار ئاستىدا قۇتـ
راپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى قاچۇرماقچى بولغان.
ئەمەلىيەتتە، مۇنداق قىلىش بىھۇدە ئۇرۇنۇش، ئۇچىغا چىققان
ھاماقەتلىك ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئارىسىدا بارلىققا
كەلگەن خەلق قوشاقلىرىدا بۇ ئەھۋاللار ئوبرازلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن:

ياز بولسا بولۇر غەمكىن،
ۋاڭخېلىيۇنىڭ ئالۋىڭى.
ھاشارلارغا باش بولغان،
زالىملارنىڭ يامىنى.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز - نادان بەگلەر،
ھاشار بىلەن توسماقچى.

دەرياسۈيى ئادەتتىكىچە ئېقىۋاتقاندا، ھاشارچىلارنىڭ جاپالىق
ئەجرى بىلەن دەريا سۈيىنى قاچۇرۇشتا مەلۇم نەتىجە ھا-
سىل قىلىنغان بولسىمۇ، كەلكۈن كەلگەندە، ئىلگىرى قىلىنغان
ھەممە ئەجرىنى دەھشەتلىك كەلكۈن يىتجىت قىلىۋېتىپ،
ھاشارچىلارغا ئىشنى يەنە باشقىدىن باشلاشقا توغرا كەلگەن.
ھاشارچىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس ئاۋارىچى-
لىقلارنى ئاز كۆرگەندەك، زالىم ئەمەلدارلار دەريانى قاچۇرۇشتا
ئىلاجىسىز قېلىپ، كۆزگە يېقىن موللىلارنىڭ «دەرياغا توختى
ئاتلىقنى تاشلىسا سۇ توختايدۇ» دېگەن پەتىۋاسى بىلەن،
ھاشارچىلار ئارىسىدىن «توختى» ئاتلىق بىرىنى تۇرمەل بىلەن
قوشۇپ دەرياغا تاشلايتتى، شۇ يىللىق ئالۋاڭ شۇنىڭ بىلەن



ئاخىرلىشاتتى؛ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا ئالۋاڭ يەنە باشلىناتـ
تى. بۇ جەرياندا «توختى» ئىسىملىك ئادەملەردىن نۇرغۇنى
دەرياغا تاشلىنىپ، بېلىقلارغا يەم بولغان، خەلق بۇ زۇلۇمـ
دىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە
باللىرىغا «توختى» دېگەن ئاتنى قويمىغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىدا چېپىلغان چوڭراق
ئۆستەڭلەردىن بىرى — توققۇز تارادىكى ئۇيغۇر ئۆستىڭى (بۇ
ئۆستەڭ «مانجۇ ئۆستىڭى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ ئۆستەڭنىڭ
سۈيى تېكەس دەرياسىدىن باشلانغان. بۇ ئۆستەڭ 1834- يىلـ
دىن 1836 - يىلغىچە چېپىلغان. روسىيىلىك شەرقشۇناس،
ئاكادېمىك ۋ.ۋ. رادلوپ (1837 — 1918) «سىبىردىن» ناملىق
ئەسىرىنىڭ 6 - بابى «ئىلى ۋادىسى» دا، بۇ ئۆستەڭنىڭ چې-
پىلغانلىقىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.
رادلوپنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى جاڭجۈنى
ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى نوپۇسىنىڭ 8000 غا يەتكەن-
لىكىنى ئىگىلىگەن ۋە ئارتۇق دېھقانلارغا يەر بېرىپ
ئۇلاردىنمۇ قانۇنسىي باج ئېلىش ئۈچۈن، 1834 - يىلى توققۇز تارا
ئۆستىڭىنى چاپقۇزغان. بۇ ئۆستەڭ قىيالىقلار ئارىسىدىن ئۆتكەچكە،
ئۆستەڭ چېپىش قىيىنغا توختاپ، ئىككى يىل ۋاقىت كەتكەن.
1836 - يىلى توققۇز تارا ئۆستىڭىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە
چوڭقۇر قېزىلمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سۈيى يېڭى ئېچىلغان يەرلەر-
گە يېتىشمەيدىغانلىقى بىلىنگەن. شۇنىڭ بىلەن توققۇز تاراغا
يېڭىدىن يەرلەشكەنلەرنىڭ ئېتىزلىرى قۇرۇپ كېتىپ، بۇ بىچارى-
لەر باجمۇ تۆلىيەلمىگەن ۋە قورسىقىنىمۇ تويغۇزالمىغان. بۇ
ئېغىر نامراتلىق ئۈچ يىل داۋام قىلغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە
قارىغاندا، شۇ مەزگىلدە توققۇز تاراغا 600 ئۆيلۈك ئۇيغۇر
دېھقان كۆچۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ ماكان-
لىشىشىغا كونا يۇرتلىرى يەنى بۇرۇن قۇرۇلغان يېزىلىكلەر ئات،

كالا، ئۆرۈك قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم بەرگەن. شۇ مەزگىلدە يەنى مىلادى 1841 - يىلى توققۇز تارادىكى تاش تۆپىدە ئۇزۇنلۇقى 30 چاقىرىم، كەڭلىكى بەش چاقىرىمدىن يەتتە چاقىرىمغىچە كېلىدىغان يەرلەرگە دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلغان.

ئىلىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆزگە ئالاھىدە چېلىققۇدەك باشقا چوڭ سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالمىغان. بۇ مەزگىلدە، ئاساسەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاقئۆستەڭ قاتارلىق ئىلگىرى چېپىلغان ئېرىق ئۆستەڭلەر كېڭەيتىلگەن، رېمونت قىلىنغان ۋە پۇختىلانغان. ئەمما يېڭىدىن چېپىلغان كىچىكرەك ئۆستەڭلەرمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: تېكەس ناھىيىسىنىڭ چىلۆزەك يېزىسى تەۋەسىدىكى «ناۋا» ئۆستىڭى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا چېپىلغان. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، سۈيى قوبى دەرياسىدىن باشلانغان بۇ ئۆستەڭ ئازادلىقتىن كېيىن قايتا - قايتا رېمونت قىلىنىش، كېڭەيتىپ چېپىلىش ئارقىلىق سۇ باشلاش ئىقتىدارى تۆت كۇبمېتر - سېكۇنت، نورمال ئېقىن مىقدارى 2.2 كۇبمېتر - سېكۇنت، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 21 مىڭ موغا يەتكەن ھازىرقى ھالەتكە كەلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە 40 يىلدىن بېرى چېپىلغان 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16 مىڭ 740 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ جەريانىدا ئورۇنلانغان ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ تاش - تۇپا كۆلىمى 142 مىليون كۇبمېتىرغا يېتىدۇ؛ 40 يىل ئىچىدە



ۋىلايەت بويىچە 96 سۇ ئامبىرى ياسالدى، يېڭىدىن چېپىلغان، كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالغان، ھەربىرى 10 مىڭ مودىن يۇقىرى ئېتىزنى سۇغىرالايدىغان چوڭ، ئوتتۇرا ئۆستەڭدىن 118 ى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2042 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى بەش مىليون 530 مىڭ موغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون مو يەردە ئورمان، ئېرىق - ئۆستەڭ، يول قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 580 مىڭ مو يەردە سۇ ئىنشائاتى بار. قاش دەريا سۇغىرىش رايونى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ سۇغىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۇغىرىش رايونىدا تومىدىن كىرىدىغان ئېقىن مىقدارى 1200 كۇبمېتر - سېكۇنتقا، سۇغىرىش كۆلىمى بىر مىليون 400 مىڭ موغا يېتىدۇ. بۇ سۇغىرىش رايونىدىكى ئاساسىي ئۆستەڭ — ئاقئۆستەڭ سۈيىنىڭ ھازىرقى ئېقىن مىقدارى 50 كۇبمېتر - سېكۇنتقا يېتىدۇ. ئاقئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 92 كىلومېتر بولۇپ، قاش دەرياسىدىن باشلىنىپ، كۆرەگىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجا ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، قورغاس ناھىيىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى سۇغىرىش كۆلىمى 660 مىڭ موغا يېتىدۇ. ئاقئۆستەڭنىڭ غۇلجا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىسمى 40 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 315 مىڭ 200 مو كېلىدۇ؛ غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىكى قىسمى 24.8 كىلومېتر بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 113 مىڭ 200 مو كېلىدۇ؛ قالغان قىسمى قورغاس ناھىيىسى ۋە يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ «66» تۇەن مەيدانى تەۋەسىدە. غۇلجا ناھىيىسى تەۋەسىدە يەنە 1957 - يىلى پۈتكەن، ئۇزۇنلۇقى 50 نەچچە كىلومېتر، سۇغىرىش كۆلىمى 224 مىڭ 500 مو كېلىدىغان «ياشلار ئۆستىڭى»، ئۇزۇنلۇقى 38.5 كىلومېتر، سۇغىرىش كولىمى 247 مىڭ مو

كېلىدىغان «ئىنتىپاق» ئۆستىڭى بار. توققۇز تارادىكى «ئىنتىپاق» ئۆستىڭىنىڭ ئۇمۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىر، تېرىگىنلىنىدىغان سۇغىرىش كۆلىمى بىر مىليون 200 مىڭ مو، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 320 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇ ناھىيىدىكى «ئىنتىپاق»، موخۇر، جىرغىلاڭ سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ يىللىق سۇ باشلاش مىقدارى 540 مىليون كۇبمېتىرغا يېتىدۇ. كۈنەس ناھىيىسىدە 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى 1100 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، بۇ سۇ بىلەن 796 مىڭ 600 مو ئېتىز، 186 مىڭ 800 مو ئوتلاق سۇغىرىلىدۇ. قورغاس ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 624 مىڭ موغا يېتىدۇ. چاپچال ناھىيىسىدىكى چاپچال ئۆستىڭىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۇغىرىش كۆلىمى 121 مىڭ موغا يېتىدۇ. بۇ سۇ ئىنشائاتلىرى ئىلى ۋىلايىتىدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغان يېزا ئىگىلىكىنىڭ چوڭ قەدەملەر بىلەن راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلى خەلقىنى باياشاتلىققا ئىگە قىلغان مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى.

«سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دېگەندەك، سۇ ئىنشائاتى تورلىرى ھەممە ياققا يېيىلىپ، ئىلى ۋادىسى گۈل - چىمەن، باغۇ - بوستانلىققا پۈركەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئەقىل - پاراسەت، چۆللەرنى بوستان قىلغان كۈچ - جاسارەت بىلەن قىلغان مول ئەجىرلىرى، بۇ جەرياندا ئەۋلادلارغا بەخت ئاتا قىلىش يولىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن چوروق



ھېكىمدەك ئەل ئوغلانلىرى مەڭگۈ ياد ئېتىشكە، ئۇلارنىڭ شەنىگە قەلب تۆرىدىن مەڭگۈ ئۆزۈلمەس ھەيكەل تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# شىنجاڭدا تېلېفون ئىشلىتىشنىڭ باشلىنىشى

شىنجاڭدا تېلېفون ئالاقىسىنىڭ بىخ سۈيىتىدە پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى 1930 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى» قورۇسىدىكى «تېلېگرافخانا» ئۆيىنىڭ بىر بۆلۈكىگە 20 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون باش ئاپپاراتىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن باشلانغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئۆي «ئۈرۈمچى تېلېفون ئىدارىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىدارىدا 12 لا تېلېفون بولغان. بۇنى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان تېلېفون ۋە «تېلېفون ئىدارىسى» دېيىشكە بولاتتى.

1933 - يىلى شېڭ شىسەي جىن شۇرېندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىدارىنى «دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قاتناش باشقارمىسى تارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پەقەت «ھاكىمىيەت قورالى» سۈپىتىدىلا پايدىلانغان. 1937 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە 100 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون باش ئاپپاراتى بىلەن 100 توچكىلىق ئېلېكترلىك تېلېفون باش ئاپپاراتى ئورناتقان «تېلېفون ئىدارىسى» قۇرۇلغان ھەم بۇ ئىدارە سودىگەرلەر ئارىسىدىن ئابونت قوبۇل قىلغان. بۇ، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان «ئابونتلىق تېلېفون» يەنى جەمئىيەتكە قويۇپ بېرىلگەن ئاممىۋى تېلېفون ھېسابلىناتتى. 1940 - يىلى چۆچەكتە 22 توچكىلىق ئاپتوماتىك



تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلغان. 1942 - يىلى 3 - ئايدا «ئۈرۈمچى تېلېفون ئىدارىسى» شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم 200 نومۇرلۇق «تېلېفون قوللانمىسى» تارقىتىپ، تېلېفونچىلىق كەسپىنى يولغا قويغان. 1943 - يىلغىچە يەنە قەشقەردە 80 توچكىلىق، ئالتايدا 50 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون باش ئاپپاراتلىرى ئورنىتىلغان. 1948 - يىلى قۇمۇلدىمۇ 20 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون باش ئاپپاراتىدىن ئىككىسى ئورنىتىلىپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە شەھەر تېلېفونى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

1944 - يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېلېكترلىك تېلېفون باش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي توچكىسى 300 گە يەتكەن. 14 ياشتىن 19 ياشقىچە بولغان قىزلار تۇنجى قېتىم تېلېفونىستلىق خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغان.

(ئادالەت ھادى تەييارلىغان)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

## شىنجاڭدا رادىئو ئاڭلىتىشنىڭ باشلىنىشى

1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت تەختىگە ئولتۇرغانىدىن كېيىن، ئۆز كارامىتىنىڭ تۇنجى كۆرۈنكى قىلىپ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، خوتەنلەردە ئاپتوموبىل شەكىللىك رادىئو قوبۇللىغۇچ - تارقاتقۇچ ئاپپاراتتىن تۆتنى ئورنىتىپ، شىنجاڭ تەۋەسىدە دەسلەپكى رادىئو ئاخبارات تورىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنى شىنجاڭ تەۋەسىدە ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان رادىئو - ئاخبارات تورى دېيىشكە بولاتتى. 1935 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ شىشۇرغان كوچىسى (ھازىرقى شىبىلو كوچىسى) غا ئورنىتىلغان 1000 ۋاتلىق رادىئو قوبۇللىغۇچ - تارقاتقۇچ ئاپپارات ۋاستىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان، ھۆججەت، بۇيرۇق، خەۋەرلىرى، چاكچىلە، مۇرىكىلار... ئاڭلىتىلىشقا باشلىغان. 1936 - يىلى ئۈرۈمچىدىن بىر قىسىم يېقىن ناھىيىلەرگە رادىئو خەۋەرلىرى ئاڭلىتىلغان. 1937 - يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا 100 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى ئورنىتىلغان. 1938 - يىلى بەزى چوڭراق ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە سىملىق رادىئو ئۈزەللىرى قۇرۇلغان ھەم «شىنجاڭ قاتناش باشقارمىسى» قارمىقىدا «رادىئو ئىستانسىسى» قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىدىكى مەھەللە، كوچا، ماگىزىنلارغا 200 نەچچە رادىئو كارنىيى بېكىتىلگەن. 1941 - يىلدىن ئېتىبارەن بۇ ئىستانسا



«جۇڭياڭشى»، «شىنخۇشى»، «تا. س. س» خەۋەرلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشقا باشلىغان. 1946 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پوچتا، رادىئو - تېلېگراممىا تورى» شەكىللەندۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە بەش جايدا يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى ئورنىتىپ، رادىئو تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ كېڭەيتكەن. 1948 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتى تەرىپىدىن بۇ ئىستانسا «شىنجاڭ ئاۋازى» نامىلىق رادىئو ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1949 - يىلى 1 - ئايدىن ئېتىبارەن بۇ ئىستانسا ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىتىشنى يولغا قويغان. 1949 - يىلى 12 - ئايدا «دىخۇا خەلق رادىئو ئىستانسىسى»، «ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى» رەسمىي قۇرۇلغان. 1951 - يىلدىن ئېتىبارەن بۇ ئىستانسا «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن. 1953 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى» ئايرىم - ئايرىم چاستوتىلاردا خەنزۇ تىلىدا ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىغان، 1955 - يىلى قازاق تىلىدا، 1958 - يىلى موڭغۇل تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىغان.

(ئادالەت ھادى تەييارلىغان)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سەھىيە ئىشلىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى

ھامۇت ئەخمەت

بۇگۇردە 1902 - يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىراق، 40 - يىللارغا قەدەر تىببىي داۋالاش ئىشلىرى يولغا قويۇلمىدى. بۇ ناھىيىدە ئازادلىقتىن بۇرۇن 32747 نوپۇس بولسىمۇ، پەقەت 1946 - يىلى 3 - ئايغا كەلگەندىلا ناھىيە بازىرىدا بىر داۋالاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ نەپەر ساقلىق ساقلاش خادىمى بولغان: ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتىلگەن مەھەممەتجان، غۇلجىلىق خۇا جىڭمۇ (شىبە) بىلەن ۋۇ دوختۇر قاتارلىقلار ئاساسىي رول ئوينىغان. بۇ پونكىت ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىشخانىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى پەقەت بىر دورا ئىشكاپى، بىر كارىۋات، تۆت دانە ئورۇندۇق، بىر ئىش ئۈستىلى، بىر يۇرۇش دىزىنفېكسىيە ئەسۋابلىرى، بىر چېلەك، بىر چەينەك ۋە بىر داستىنلا ئىبارەت بولغان. ئاساسىي دورىلاردىن ئاسفىرىن، ماي پېنتسىللىن، گىلىيۇكوزا، ئىششىقنى يوقىتىش دورىسى، مېركۇروخروم، ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى ۋە قورساق ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش،



يۆتەل، زۇكام دورىلىرىلا بار ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك سەھىيە ئورنى ھەر ئۈچ تۆت ئايدا بىر قېتىم دورا ئەۋەتىپ تۇراتتى. كېسەل كۆرۈش، دورا بېرىش، ئوكۇل قويۇش ئىشلىرىنى ئاشۇ ئۈچ دوختۇر نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيتتى. ۋۇ دوختۇر 1947 - يىلى بۇگۇردىن كېتىپ قالدى. مەھەممەتجان بىلەن خۇا جىڭمۇ بۇ دوختۇرخانىدا 1950 - يىلغىچە ئىشلىدى. ئۇ زامانلاردا خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ناچارلىقىدىن، بۇ پونكىتتا ھەر كۈنى ئاران بەش - ئالتە ئەر كىشى كېسەل كۆرسىتەتتى. بازار ئىچىدە يەنە تومۇر تۇتىدىغان ئۈچ نەپەر تېۋىپ بولۇپ، ئۇلار ئاغرىقلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ دورا بېرەتتى. يېزىلاردا دېھقانلار ئاغرىپ قالسا، باخشىلارغا پىرە ئوينىتاتتى. دوختۇر ۋە دورا ناھايىتى كەم بولغانلىقتىن، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، ئادەملەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1951 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك شىپاخانا قۇرۇلدى. قارا شەھەرلىك دوختۇر چىرومىن (موڭغۇل) تۇنجى شىپاخانا باشلىقى بولدى. 1953 - يىلى شىپاخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۆلەت 20 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە شىپاخانا قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 400 كۋادرات مېتىر كېسەك تام قۇرۇلۇشى سېلىندى. دوختۇرخانا خادىملىرى 14 كە يەتتى. خەلقنىڭ ئاڭ - سېزىمى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، كېسەل كۆرسىتىدىغانلار كۆپىيىپ، ھەر كۈنى 100 دىن 120 گىچە يەتتى. 1956 - يىلى بۇگۇر داۋالاش پونكىتىدا تۇنجى قېتىم ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىلدى ۋە 134.89 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بالنىتسا قۇرۇلۇپ، 15 دانە كارىۋات سەپلەندى. بۇ بالنىتسىغا سەككىز نەپەر دوختۇر ۋە سېستىرا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە

نازارىتى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئىيەن رۇشىڭنى بۇگۇرگە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، بۇگۇر تۇنجى قېتىم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن دوختۇرغا ئېرىشتى. بۇ ۋاقىتتا بالنىتسىدىكى كارىۋات 20 گە كۆپەيدى، يىللىق ئوپېراتسىيە 10 قېتىمغا يەتتى. 1960 - يىلى ناھىيىلىك شىپاخانا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، دوختۇر ۋە سېستىرالار 31 گە يەتتى. تۇنجى قېتىم پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، لى گاڭزى شۇجى بولدى. 1962 - يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئىمىنا (شىبە)، ئەبىن (قازاق) ئىككى يولداش بۇگۇرگە تەقسىم قىلىنىپ كەلدى. ئىمىنا ھازىر مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتىدۇ. 1966 - يىلى بالنىتسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىرغا كېڭەيدى، كېسەل كارىۋىتى 50 كە يەتتى، يىللىق ئوپېراتسىيە 150 قېتىمدىن ئاشتى.

بۇگۇر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1976 - يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۆز قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 1978 - يىلى ناھىيە مالىيەسىدىن 30 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلىپ، 300 كۋادرات مېتىرلىق رېنتگېن بۆلۈمى قۇرۇلدى، 200 مىللىي ئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. 1979 - يىلى 3 - ئايدا 75 كارىۋاتلىق ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، قان تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، بالىلار بۆلۈمى، جۇڭيى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1983 - يىلدىن باشلاپ 20 كارىۋاتلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىندى؛ 605 كۋادرات مېتىرلىق ئامبۇلاتورىيە سېلىندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون، ئوبلاست ۋە ناھىيىنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن، 1666 كۋادرات مېتىرلىق بىنا سېلىنىپ، ئۇنىڭغا تاشقى



كېسەللىكلەر بۆلۈمى ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ بۇ بىناغا پار قازىنى ۋە پارىۋاي سايمانلىرى ئورنىتىلدى.

بۇگۇر دوختۇرخانىسى ھازىر سىستېمىلاشقان، مۇكەممەل، زامانىۋى داۋالاش ۋە تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تولۇق قوراللانغان دوختۇرخانا بولۇپ قالدى. دوختۇرخانا 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى 56 مىڭ يۈەنگە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىككى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى سېتىۋالدى. بۇ قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى ناھىيە دائىرىسىدە جىددىي كېسەللەر سېزىلگەن ھامان تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇتقۇزۇش ۋەزىپىلىرىنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلىۋاتىدۇ.

دوختۇرخانىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 70 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە باغ - ئورمان نىسبىتى 84% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 9046 كۋادرات مېتىر، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن. بۇ دوختۇرخانىدا 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ، شىبە، خۇيزۇ قاتارلىق تۆت مىللەتتىن 121 نەپەر دوختۇر، سېستىرا ۋە ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى 66 نەپەر (ئومۇمىي سانىنىڭ 55% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ)، كەسپىي تېخنىكا خادىم 93 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 78.15% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ بالنىتسىدىكى ئومۇمىي كارىۋات 125 دانە. داۋالاش خاتالىقىنى سادىر قىلماسلىق، توغرا دىئاگنوز قويۇشقا ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن، كېسەل تارىخى ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، 1982 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە 35916 نەپەر كىشىنىڭ كېسەل تارىخى ئارخىپىنى رەتلەپ، ناھىيىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى ئېنىقلاپ، ساقايتىش خىزمىتى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس سالدى.

بۈگۈر ناھىيىسىدە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن باشقا، ناھىيە مەركىزىدە بىر دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا 121 تىببىي خادىم، 125 كارىۋاتلىق بالنىتسا بار؛ ناھىيە تەۋەسىدىكى 10 يېزىنىڭ ھەممىسىدە بىردىن يېزىلىق دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ، ئۇلاردا جەمئىي 95 نەپەر تىببىي خادىم، 130 كارىۋاتلىق بالنىتسا بار. بۇ بالنىتسىلاردىمۇ رېنتگېن بۆلۈمى، مەخسۇس تەربىيىلەنگەن دوختۇرلار ۋە تۈرلۈك تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان. ھازىر ناھىيە بويىچە ھەر 361 نوپۇسقا بىردىن تىببىي خادىم، ھەر 305 نوپۇسقا بىردىن كېسەل كارىۋىتى توغرا كېلىدۇ.

بۈگۈر ناھىيىسى يەرلىك كېسەللىكلەر كۆپرەك ۋە ئېغىرراق يۈز بېرىدىغان رايونلارنىڭ بىرى بولغاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا 1964-يىلى يەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش پونكىتى تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ پونكىت «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى تىزگىنلەش ۋە يوقىتىش يولىدا جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن: 1979-يىلدىكى ئاممىۋى تەكشۈرۈشتە، قالقانسىمان بەز ئىششىقى (پوقاق) كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ نىسبىتى ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە 47.4% نى ئىگىلەيدىغانلىقى ئېنىقلانغانىدى. ئاستا خاراكتېرلىك ۋە ئادەمنى زەئىپلەشتۈرۈش سالمىقى ئېغىر بۇ كېسەلنى داۋالاپ، مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئەۋلادلارنى ساغلام يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، تىببىي خادىملار جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسەللىكى ئېغىر يېزا - كەنتلەردىكى ئاھالىلەرگە نۆۋەتلىك، باشقا يېزا - كەنتلەردىكى ئاھالىلەرگە ئومۇميۈزلۈك مايلىق يود ئوكۇلى سېلىش، دورا ئىچكۈ-



زۈش، يودلۇق تۇز بىلەن تۆۋەن باھادا ياكى ھەقسىز تەمىنلەشنى 10 يىلغىچە ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ كېسەلنى بىر قەدەر تىزگىنلىگەنىدى. 1989-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك كېسەللىكلەر تەتقىقات مەركىزى، ئوبلاستلىق يەرلىك كېسەللىكلەر ئىشخانىسى، ئوبلاستلىق سەھىيە - مۇداپىئە پونكىتى ۋە ناھىيىلىك سەھىيە - مۇداپىئە پونكىتىدىن تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تاللاپ تەكشۈرۈشى ۋە داۋالىشى بىلەن، قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسىلى بىلەن ئاغرىش نىسبىتى 3.6% كە چۈشۈرۈلۈپ، بۇ كېسەل ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

شۇنىڭدەك، ياۋا چېچەك، خولېرا، تېرە تاناسىل كېسەللىكى، قىزىل، كۆكيۆتەل، كالا ئازار، قايتۇرما كېزىك، بەزگەك، تارقىلىشچان تىپلىك مېڭە ياللۇغى ۋە مېڭە پەردە ياللۇغى قاتارلىق ئىنساننى ھالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ تىزگىنلەندى ۋە داۋاملىق تىزگىنلەنمەكتە.

1979-يىلدىن بۇيان ناھىيە ئىچىدە ئۆسمۈرلەر ۋە بوۋاقلارغا پىلانلىق ئەملەش يولغا قويۇلۇپ، بالىلارنىڭ ھاياتىغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان قىزىل، كۆكيۆتەل، بوغما، تىتانۇس، بالىلار پالەچ كېسىلى ۋە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرىنى تىزگىنلەش ۋە يوقىتىش نىشان قىلىنىپ، بۇ ئالتە خىل كېسەلگە تۆت خىل ۋاكسىنا ئەملەش ئېلىپ بېرىلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە يەتتە ياشتىن تۆۋەن 13000 دىن ئارتۇق بالىغا پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش كارتوچكىسى تۇرغۇزۇلۇپ، پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش ئېلىپ بېرىلدى؛ باشقا كېسەللىكلەرگە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئۆسمۈر بالىلارغا بولغان تەھدىتى ئاساسەن تىزگىنلەندى. تۆت خىل ۋاكسىنا بىلەن ئەملەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى 97% كە يەتتى.

ناھىيىمىزدە سۇنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، يېمەك -

ئۈچمەكلەرنىڭ تازىلىقى، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلاش ۋە ھاجەتخانىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئالاھىدە چىڭ تۇتۇلۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشىنى كونترول قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشى، سەھىيە — مۇداپىئە پونكىتىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ ئەستايىدىل تىرىشىپ ئىشلىشى ۋە ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېقىندىن قوللاپ ماسلىشىشى نەتىجىسىدە، ناھىيىمىزدە 41 يىلدىن بۇيان «2 — نومۇرلۇق» كېسەل ياكى باشقا جىددىي يۇقۇملۇق كېسەللەر پەيدا بولمىدى. بۇ كېسەللەر ناھىيىمىزنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى قوشنا ناھىيىلەردە پەيدا بولغاندا، قاتتىق مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغانلىقتىن، ناھىيىمىزگە چېگرا ئاتلاپ تارقىلىپ كىرەلمىدى.

ناھىيىلىك سەھىيە — مۇداپىئە پونكىتىنىڭ بۇنداق زور نەتىجىلەرنى قازىنالىشى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن بولدى. ناھىيىدە يەنە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا بىر نەپەر مۇئاۋىن ھاكىم مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلدى. بۇگۇر كەمبەغەل ناھىيە بولسىمۇ، ھەر يىلى مالىيەدىن 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىساد ئاجرىتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش خىزمىتىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ كەلدى. شۇڭا، ناھىيىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى جۈملىدىن داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى زامانىۋى بولۇپ، مۇكەممەل قۇراشتۇرۇلغان. ھازىر بۇ پونكىتنىڭ 630 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى، 11 ئورۇندا دوختۇرخانا ۋە كېسەل-



نىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇداپىئە كۆزىتىش — داۋالاش پونكىتلىرىنىڭ 345 نەپەر خادىمى بار. 345 نەپەر خادىمنىڭ دۆلەت شتاتىدىكىلىرى 241 نەپەر بولۇپ، كەسپىي ئۇنۋان ئالغانلىرى 178 نەپەر.

## بۇگۇردىكى پېشقەدەم تېۋىپلار

بۇگۇر ناھىيىسىدە 1910 - يىللاردىن باشلاپ چوڭ-كىچىك دورىگەرلىك دۇكىنى ۋە ئۈچ نەپەر تومۇر تۇتۇپ دىئاگنوز قويۇپ دورا بېرىدىغان مىللىي تېۋىپ بار ئىدى. ئۇلار بىر ئۆمۈر كىشىلەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە كەينى - كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. بەزى تېۋىپلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئۇلارنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دورىگەرلىك دۇكىنى ئېچىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولماقتا. تۆۋەندە بىز شۇ تېۋىپلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز.

ئابدىرېھىم لالى — ئافغانىستانلىق. 1907 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇگۇردە 75 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ بىر ئۆمۈر تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىبابەتچىلىكى يۇرتقا تونۇلغان دادىسى لالى مەھەممەتخاندىن ئۆگەنگەن. لالى مەھەممەتخان 1942 - يىلى ئاقسۇدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئابدىرېھىم لالى خوتەن، چەرچەن ئارقىلىق 1936 - يىلى بۇگۇر ناھىيىسىگە كەلگەن ۋە بازار ئۆستەڭ بويىدا بىر قورۇ جاي سېتىۋېلىپ، دورىگەرلىك دۇكىنى ئېچىپ، تومۇر تۇتۇپ دىئاگنوز قويۇپ دورا بېرىپ، مىللىي تىبابەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ دورا دۇكىنى 20 كۋادرات مېتىر

چوڭلۇقتا بولۇپ، دۇكاننىڭ ئىچى ۋە ئۇنىڭدىكى ياغاچ ئىشكاپلارنىڭ ھەممىسى تىبابەتچىلىككە ئائىت دورىلار بىلەن تولغان. بۇ دورىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرى، شىزاڭ ۋە شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئېسىل ئەتىۋارلىق دورىلاردىن بولۇپ، ھازىرقى خەلق پۇلى ھېسابىدا 15 — 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئىدى.

ئابدۇرېھىم لالى تومۇر تۇتۇپ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش بىلەن دورا بېرىپ داۋالاش جەھەتتە، نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. يىراق يېزا - كەنتلەردىكى بىمارلار جۈمە، يەكشەنبە كۈنلىرى بازارغا كېلىپ، بۇ كىشىگە كېسىلىنى كۆرسىتىپ دورا ئېلىپ، دورىنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق ئىچىش توغرىسىدىكى سەمىمىي، مۇلايىم مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، رازىمەنلىك بىلدۈرۈشۈپ قايتىشقان. بۇ كىشى ھەققانىيەتچى ئادەم بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى كۈچلۈك ئىدى. يۈكسەك تىببىي ئەخلاققا ئىگە بولۇپ، كېسەل داۋالاشتا پۇلنى ئاساس قىلمىغان، پۇلى بولمىغان كىشىلەرنىمۇ كۆپ قېتىم ھەقسىز داۋالاپ ساقايتقان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئابدۇرېھىم لالى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن 1956 - يىلغىچە ئۆز ئالدىغا مىللىي تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. 1953 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئازنلىق نەمۇنىچىسى بولۇپ، بىر دانە چوڭ لەۋھە، بىر مېدال ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1957 - يىلى پارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش سىياسىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، دورا دۇكىنى، دورا ۋە تىبابەتچىلىككە ئائىت كىتاب، قوللانمىلار بىلەن كوپېراتسىيىسىگە ئەزا بولغان. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قەشقەردە ئېچىلغان



مىللىي تىبابەتچىلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا كۆپ ئۇچرايدىغان جىگەر كېسىلىنى داۋالاش تەدبىرى، كۆپ ئۇچرايدىغان ئاشقازان كېسىلىنى داۋالاش تەدبىرى، كىچىك بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان قىزىتما كېسىلىنى داۋالاش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ، ئالاھىدە تەقدىرلىنىپ، ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلانغان ۋە شۇ ۋاقىتتىكى بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن ھامۇتنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ناھەق ئەيىبلىنىپ يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن، لېكىن ئاقبۇلاق يېزىسىدىكى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن گۇڭشې شىپاخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئون يىلغىچە شىپاخانا باشلىقى قۇربان غازى ۋە باشقا تىببىي خادىملار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، شۇ يېزا ئەتراپىدىكى ۋە قوشنا يېزا - كەنتلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئالقىشقا ئېرىشكەن.

ئابدۇرېھىم لالى — 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىللىي تىبابەتچىلىكتىكى تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، دورىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، بىمارلارغا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ مۇلايىملىقى، ئۇنىڭدىكى يۈكسەك تىببىي ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھ كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ھازىرغىچە تەرىپلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

**پازىل قارى** — 1905 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ سامساق كەنتىدە تۇغۇلۇپ، 1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بۆگۈر بازىرى ئىچىدىكى ئۆيىدە 86 يېشىدا ۋاپات بولغان. بۇ كىشى 14 — 15 ياش ۋاقىتلىرىدا دادىسى ئابلا شاكىيو ھاجى، چوڭ دادىسى توختى ھاجىلاردىن مىللىي تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن. پازىل قارى 3 - ئەۋلاد تېۋىپ

بولۇپ، ئاتا مىراس كەسىپنىڭ ئۈزۈلمەي ۋارىسلىنىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يۇرتقا تونۇلغان ئۇستا تېۋىپ بولۇپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ دورىخانىسىدا دائىملىق ساقلىنىدىغان دورىلىرى خەلق پۇلى ھېسابىدا 10 - 12 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپىنچە دورىلىرى ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە جەنۇبىي جۇڭگو، شىزاڭ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان دورىلار ئىدى. ئۇ، كونا بازاردىكى دورا دۇكىنىنى داۋاملىق ئېچىپ بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە چار بازارلىق قىلىشنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. يېڭىسار، چېدىر، ئەشمە، چۇمپاق، ئۆتەڭ قاتارلىق يېزىلارنىڭ ھەپتە ئارىلىقىدا بولۇپ تۇرىدىغان نۆۋەتلىك بازار-لىرىغا بېرىپ، دورا خالتىسى يايمىسى ئېچىپ، بىمارلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، دورا بېرىپ داۋالايتتى. ئۇ بۇ ئاتا مىراس كەسىپنى تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇ-رۇپ، بىمارلار ئۈچۈن قان تەرىنى سەرپ قىلدى. ھازىرمۇ ئايالى خەيرىنىساخان ھاپىز ئېرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېڭى بازاردا دۇكان ئېچىپ، 5 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورا دەسمايىسى بىلەن بىمارلار ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە لازىملىق دورىلارنى بېرىپ، خەلق ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلماقتا.

ھېيىز ئاخۇن — ئەسلى يۇرتى خوتەن، 1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بوگۇردە 118 يېشىدا ۋاپات بولغان. ھېيىز ئاخۇن دادىسى نىيازھاجى بىلەن ئۈرۈمچىدە بىرقانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن 90 يىل بۇرۇن بوگۇرگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان. دادىسى نىيازھاجى 1952 - يىلى 3 - ئايدا 110 يېشىدا بوگۇردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ھېيىزئاخۇن مىللىي تىبابەتچىلىكنى دادىسى نىياز ھا-جىدىن ئۆگەنگەن. نىياز ھاجى ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، تومۇر



تۇتۇش، دورا تەييارلاش ۋە داۋالاشنى ئوغلى ھېيىز نىيازغا ئۆگىتىپ قويغان. مۇھىم دورىلىرىدىن سىر، كەپەزە، مىخماجان، سىماب، كوپىلگى دەريا، ئىپار، زەپەر، سورۇنجان، پىلپىل، موزا، ھېلىلە، ئاقمۇش، قارامۇش قاتارلىق دورىلىرى بولغان.
ھېيىزئاخۇن ئاتا مىراس كەسىپكە ۋارىسلىق قىلىپ بىر ئۆمۈر مىللىي تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەييارلىغان دورىسىنىڭ شىپالىق، ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولغانلىقى بىلەن يۇرتقا تونۇلۇپ، ھۆر-مەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ دورىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىدى، كۆپىنچە چاربازارچىلىق قىلاتتى. جۈمە، يەكشەنبىدىن باشقا كۈنلىرى يېڭىسار، چېدىر، ئەشمە، ئۆتەڭ، چۇمپاق قاتارلىق يېزا بازارلىرىغا قاتناپ يۈرۈپ، دورا خالتىسى يايمىسى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ دورا بېرەتتى ياكى دورا ياساپ بېرەتتى. دورىلىرى ئاتا مىراس دورىلار بولۇپ، يەنە ھەرەمگە بېرىپ قايتقان ھاجىلار ئەرەب ئەللىرى ۋە ھىندىستان، پاكىستانلاردىن ئېلىپ كەلگەن دورىلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆز دورىلىرىنى تولۇقلاپ تۇرغان.

تېۋىپ ھېيىزئاخۇننىڭ تىبابەتچىلىك ئەخلاقىدىن باشقا، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى سەۋەبلىرىنىمۇ تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى بەك تەرتىپلىك ئۆتكۈزەتتى، ئەتىگەنلىك چېيىغا كۆپىنچە لاچىندانە ۋە ئازراق مىخ دارچىن سېلىپ ئىچكەن. قوي گۆشى، توخۇ گۆشىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغان، قوناق نان ھەم ئوماچنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغان. ئۆمۈر بويى ھاراق ئىچمىگەن. 30 - يىللاردىن باشلاپ تاماكا چېكىشنى تاشلىغان. مىجەزى نورمال بولۇپ، ئۆمۈر بويى ئاغرىپ باقمىغان. ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن پەقەت 11 كۈنلا

يېتىپ قالغان، ھازىر ئالتە ئوغۇل، 10 قىزى بار، نەۋرە-چەۋرىسى 40 تىن ئاشىدۇ.

ھېيزئاخۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، 10-ئايالى سوبىخان يولدىشىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى بازاردىكى دورا دۇكىنىدا يەنىلا خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ.

(ئاپتورى: بۈگۈر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئەزىز



# شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى — ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىنى

ئىسلامجان سابىت

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئاكا-ئۇكا مۇسابايوپلار تۇنجى قېتىم يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى ياقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭىچە مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت دەسلەپكى يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى شەكىللەندى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە دۇچ كەلگەن جىددىي قىيىنچىلىق ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاكا-ئۇكا مۇسابايوپلار دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماستىن، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋە بىر قىسىم سودىگەرلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىيىدىن ئەھمەت كامال قاتارلىق يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈردى. ئەھمەت كامال

ئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىن، باۋۇدۇن مۇسابايۇپنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ، 1907 - يىلى ئوتتۇرا تېخنىكۇم خاراكتېرىدىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قۇردى. بۇ مەكتەپ «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئەھمەت كامال ئۈستىگە ئالدى.

بۇ مەكتەپكە ئاتۇش، قەشقەر، خوتەندىن بولۇپ جەمئىي 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق، كىيىم - كېچەك، دەپتەر، قەلەم راسخوتلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى باۋۇدۇن مۇسابايۇپ تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلدى. شىپاھىيە، ھۆسنخەت، ئەدەبىيات، رۇس تىلى، پارائىل، تارىخ، جۇغراپىيە، ھال ئىلمى (تەبىئەت دەرسى)، تەنتەربىيە، غەزەل، رەسىم دەرسلىرى تەسىس قىلىندى. مەكتەپ تەرىپىدىن مىخ مەتبەئەدە مەخسۇس ئىلمىيە كىتابى باستۇرۇلدى. ھەرقايسى دەرسلەر قاتتىق تەلەپ ئاستىدا ئۆتۈلگەندىن سىرت، تەنتەربىيە دەرسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىپ تۇراتتى.

ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1909 - يىلى يازدا داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، تۇنجى تۈركۈمدىكى 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەرقايسى جايلارغا ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭى پەننىي مائارىپ ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، كېيىنكى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەريانى شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ مۇھىم بىر



قىسمى ئىدى. گەرچە ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن بۇ جەريان ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، 1926 - يىلىغا كەلگەندە ئاكا - ئۇكا مۇسابايۇپلار يەنە شۇ مەكتەپتە بوغالتىرلىق تېخنىكىسى سىنىپىدىن بىرنى ئاچتى. چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن زۇنۇنباي قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولدى. بۇ بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلار ھېسابات باشقۇرۇش ئىلمىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مۇسابايۇپلار تەرىپىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودا ئورۇنلىرىغا ئىشقا قويۇلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ياۋروپاچە بوغالتىرلىق كەسپى يولغا قويۇلۇپ، يېڭىچە سودا قىلىش ئىشلىرى باشلاندى.

ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەسىرى بىلەن، 1932 - يىلىدىن كېيىن قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئىكساق مائارىپىدا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈستىگە ئالدى. شۇ ۋاقىتتا ئىكساق مائارىپى قەشقەردە كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، يەنە بىر دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى تەسىس قىلىپ، 26 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ، ئوقۇتقۇچىلىققا چىقىرىپ بەرگەنىدى.

مۇشۇ بىر دەۋر شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشى بولۇپ، بۇ جەرياننى ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

(ئاپتورى: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# يېڭى مائارىپ تارىخىمىزدىكى شەخسلەر

## ئۆچمەس تۆھپە

مائارىپپەرۋەر زات — مەنسۇر جانباي نارمۇھەممەت ئوغلى 1883 - يىلى 25 يېشىدا تاشكەنتتىن سودىگەرچىلىك بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەرلەشكەن ۋە 1915 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى، تۇرپانلاردا كۆرۈنەرلىك بېيىغان كىشى ئىدى. ئۇ، 1915 - يىلدىن ئېتىبارەن تۇرپاندا يېڭى پەننىي مەكتەپتىن بىرنى سېلىپ، ھازىرقى زامان مائارىپچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كىرىشكەن. 1916 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىن چوڭ بىر باغلىق زېمىن سېتىۋېلىپ، باغنىڭ چوڭ يېرىمىنى (تەخمىنەن ئالتەمۇ يەرنى) تۇرپان خەلقى ئۈچۈن خالىس سېلىپ بەرمەكچى بولغان «مەكتەپى جېدىيە» گە ھەقسىز ھەدىيە قىلغان، يەنە شۇ يىلى ئۆز چىقىمى بىلەن تۇرپان ئاستانىلىق مۇسۇل ئاخۇن مۇھتىنىڭ ۋاستىلىقى ئارقىسىدا 60 بالا ئوقۇيالايدىغان توققۇز دېرىزىلىك بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، پارتا - ئورۇندۇقلارنى ياسىتىپ، سىنىپلارنى جابدۇپ يۇرتقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ، تۇرپان تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن «ئەينەكلىك مەكتەپ» (ئىشىك - دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىنغان مەكتەپ ھېسابلىناتتى.

مەنسۇر جانباي يەنە، بۇ مەكتەپكە مەكتەپنىڭ مۇھىتىنى



ياخشىلاش، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، كۆلدىن بىرنى چاپتۇرۇپ بەرگەن. مەكتەپ يېنىغا ئىككى يۇرۇش قوش دېرىزىلىك تۇرالغۇ ئۆي سالدۇرۇپ، مۇسۇل ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەن مۇئەللىملەرگە ھەقسىز ھەدىيە قىلغان. بۇ، مۇشۇ چاغلاردا تۇرپان تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم سېلىنغان ئەينەكلىك ئۆيلەر ھېسابلىناتتى.

مەنسۇر جانباينىڭ بۇ «ئەينەكلىك مەكتەپ» ى 1922 - يىلىغىچە سەككىز يىل داۋام قىلىپ، تۇرپان يېڭى زامان مائارىپىنىڭ بىخلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، لېكىن 1922 - يىلىغا كەلگەندە بەزى يەرلىك جاھالەتچى — مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا بۇ مەكتەپ تاقىلىپ قالغان. بۇ مەكتەپنىڭ يېتەكچى مۇئەللىمى ھەبىبۇللا ئەپەندىمۇ جاھالەت كۈچلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن.

مائارىپپەرۋەر مەنسۇر جانباي بەزى تۇرپانلىق ئىلغار كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىشى، ھەمكارلىشىشى بىلەن بۇ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاپ تاپقان، يەنى «جېدىت مەكتەپ» نى چېقىپ تۈزلىتىۋېتىپ، ئورنىغا «مەسچىت مەكتىپى» سېلىش ھەرىكىتىنى باشلىغان. 1923 - يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن يېڭىدىن ئىككى قەۋەت قىلىپ 28 سىنىپلىق «مەسچىت مەكتىپى» سالدۇرغان. ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزى ئىئانە قىلغان باغچىنى ئوبدان كۆكەرتىپ «مەكتەپ بېغى» قىلىپ بەرگەن، باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە كۆركەم مەسچىتتىن بىرنى سالدۇرۇپ، جامائەتكە دۇئا قىلدۇرغان. مەكتەپ مۇئەللىملىرى ئۈچۈن مەكتەپ يېنىغا زامانىۋى «ئەپەندىلەر ئۆيلىرى»، مەسچىت يېنىغا «مەسچىت ئۆيى»، «تونەكخانا» قاتارلىقلارنى سالدۇرۇپ، جاھالەتچى — مۇئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئاغزىنى ئەتكەن. بەزى پېشقەدەملەر مەنسۇر جانباينىڭ بۇ خالىس چىقىمىنى «100 يامبۇلۇق چىقىم» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ.

## ئۇنتۇلماس ئانا

مائارىپپەرۋەر ئايخان ئانا 1930 - يىللاردا مائارىپقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ ياردەملەرنى بەرگەن يېڭى زامان تارىخىمىزدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. 1936 - يىلى 18 - ماي چىققان 24 - سان «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئۇنىڭ مائارىپقا بەرگەن ياردەملىرى مۇنداق بايان قىلىنغان: «غۇلجا شەھرىدە ھاپىز باينىڭ سىڭلىسى، تۇردى باينىڭ قىزى ئايخان ئاپا مائارىپىمىزنىڭ يېڭى قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي كەمچىللىكلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، غۇلجا، ماناس، ئۈرۈمچى، ئاتۇشلاردا مائارىپىمىز ئۈچۈن كۆپلىگەن ماددىي ئىئانىلەرنى تەقدىم ئەتتى: 1. غۇلجا مائارىپىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن 1935- يىلى 8 - ئايدا (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24 - يىلى) بىر مىليون سەر نەق پۇل (شۇ زامانلاردا بۇ پۇلغا ئادەتتىكى قويدىن 4000 نى سېتىۋالغىلى بولاتتى — ئا) ياردەم قىلدى، 270 ئوقۇغۇچىنى بەش گەزدىن چىت رەخت، بىردىن ياغلىق بىلەن مۇكاپاتلاپ، ياخشى ئوقۇشقا دالالەت قىلدى. 2. غۇلجا تاتار مەكتىپىگە بىر چاي، بىر جۈپ گەزدىن يەتتە نۇس ھەدىيە قىلدى (مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن ھال سورىدى)، يەنە ئىككى مەكتەپ مۇئەللىملىرىدىن نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ تاللانغان ئىككى كىشىنى ئىككى تاۋار چاپان بىلەن مۇكاپاتلىدى. 3. غۇلجىدا مەكتەپ بىناسى ئۈچۈن ئۇزۇنى 80 گەز، توغرىسى 40 گەز (بىر گەز يېرىم مېترغا تەڭ) يەر ھەل قىلىپ بېرىپ، مەكتەپ ئورنىنى كېڭەيتىشكە شەرت ھازىرلاپ بەرگەندىن باشقا، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكىچە ئۆزىنىڭ ئۇن ئېغىزلىق مېھمانخانىسىنى بىر يىللىق ئىجارىسىز ئاجرىتىپ مەكتەپكە سىنىپ قىلىپ بەردى. 4. غۇلجىدا يەنە بىر مەكتەپكە پارتا - ئورۇندۇق ياسىتىش ئۈچۈن 12 مىڭ سەر نەق پۇل ھەدىيە قىلدى. 5. يول قۇرۇلۇشىغا ئاتاپ قويغان 1 مىليون سەر نەق پۇلنىمۇ، كېيىن يولغا خەلقتىن پۇل يىغماسلىق سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، يېڭىدىن مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن مائارىپ ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 6. غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋېتىپ ماناس بازىرىدا قونغاندا، بازار مەكتەپلىرىنىڭ رىمونتى ئۈچۈن 45 مىڭ سەر نەق پۇل ئىئانە بەردى. 7. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە دارىلئېيتام مەكتىپى (يېتىم - يېسىرلەر، ئىگە - چاقىسىز بالىلار مەكتىپى) گە 40 مىڭ سەر، ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىگە 40 مىڭ سەر، مەركىزىي ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆلكىلىك سانايىنەفىسە بۆلۈمىگە (سەنئەت بۆلۈمىگە) 100 مىڭ سەر نەق پۇل ھەدىيە قىلغان. 8. قەشقەر ئۆستۈن ئاتۇش (ئۇ زامانلاردا ئاتۇش قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى ئىدى — ئا) ئىكساقتا مەرھۇم دادىسى ھەم تاغىسى روزى بايدىن مىراس قالغان يەرلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى مەركىزىي ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىلىم يۇرتىغا، يەنە بىر بۆلىكىنى ئىكساق مەكتىپىگە ئىئانە قىلىپ بەردى ...»

شۇ مەزگىلدە مەركىزىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى نامىدا ئېلان قىلىنغان بۇ خەۋەردە يەنە، ئايخان ئانىنىڭ مائارىپقا قىلغان ياردەملىرىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن «پۈتۈن شىنجاڭ خوتۇن-قىزلىرىغا ئۆزىنىڭ مائارىپپەرۋەرلىكى، مىللەتپەرۋەرلىكى بىلەن ئۈلگە بولغۇچى مۇھتەرەمە، ھۆرمەتلىك ئايخان ئانىمىزغا ئومۇمىي مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى نامىدىن چوڭقۇر تەشەككۈر، رەھمەتلەر بايان قىلىمىز...» دېيىلگەن.

## مائارىپپەرۋەر ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت

مىلادى 1930 – يىللاردىن بۇرۇن گۇچۇڭ ناھىيىسىدە ئۇيغۇر خوتۇن – قىزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ – مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى زادىلا يوق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: 1 – خوتۇن – قىزلارنى پۈتۈن جەمئىيەت «نامەھرەمدىن توسۇشى» يەنى جەمئىيەت ئىشلىرىدىن، ئىلىم – مەرىپەت ساھەلىرىدىن چەتتە قالدۇرۇپ، جاھالەت ئىسكەنجىسى بىلەن «ئاجىز بەندە» لىكتە تۇتۇشى، 2 – خوتۇن – قىزلارنىڭ ئاقارتىش ئورۇنلىرى بولماسلىق، 3 – خوتۇن – قىز ئوقۇتقۇچىلار، مەدەنىيەت يېتەكچىلىرى تېپىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. 1937 – يىلى 4 – ئايدا گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت ھاجى ئوغلى ئۆز خىراجىتى بىلەن 3 سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى بىنا قىلىپ، ناھىيە بازىرىدا قىزلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا – ئانىلارنىڭ مەڭگۈلۈك رەھمىتىگە ئېرىشكەن. بۇ، گۇچۇڭدا تۇنجى قۇرۇلغان ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ھېسابلىناتتى.

ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت ھاجى ئوغلى بۇ مەكتەپنى يەنە ئۆز چىقىمى بىلەن يېتەرلىك پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا، مەش، كۆمۈر، تازىلىق سايمانلىرى، ئوقۇشلۇق ماتېرىياللار بىلەنمۇ بىر نەچچە يىل ئۇدۇللۇق تەمىنلەپ كەلگەن ھەم جەمئىيەتتە خوتۇن – قىزلارنى ئوقۇتۇش، جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش... تەشۋىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە خوتۇن – قىزلار مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشىغا، خوتۇن – قىزلارنىڭ مەنىۋى ئازادلىقىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان. گۇچۇڭلۇق بەزى ئوقۇمۇشلۇق پېشقەدەملەر ئۇ كىشىنى ھازىرمۇ «گۇچۇڭ خوتۇن – قىزلار مائارىپى تارىخىدىكى قەدىردان زات» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

(ئادالەت ھادى تەييارلىغان)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر

ماتېرىيال

## خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپقان تۆرىلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ تېپىلىش ئەھۋالى

خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپقان تۆرىلەر 1937 - يىلى كۈزدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىلى دەھشەتلىك يوسۇندا قەتلى قىلىنغان. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ قاچان، قانداق تېپىلغانلىقى توغرىسىدا بىلىشىمچە، 1946 - يىلى 9 - ئايلاردا ئۈرۈمچى 3 - ساقچى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زىياۋۇدۇن ئەپەندى شۇ چاغدىكى ئۈچ ۋىلايەت گېزىتىدە «زالىم شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغان مەرھۇملارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ ئېچىپ ئېلىڭلار ...» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر ئېلان قىلغانىكەن. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوغلى سەئىدۇللا مەزكۇر خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا بۇ ئىشقا كىرىشمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى تۇرپاندا بولۇپ قېلىپ ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە كېلەلمىگەنىكەن. پەقەت 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى يۇرت چوڭلىرىدىن موللا خوجىنىياز ھاجىم، زىرىپخان مەخسۇم ھاجىم ۋە ھامىتخانلار بىلەن بىرلىكتە باداۋان تېغىغا چىقىپ، بۇ ئىشقا كىرىشكەنىكەن. ئۇلار بۇ تاغدىكى



شېھىتلەر كۆمۈلگەن يەرنى ئاچقاندا، ئۇ يەردىن بىرنەچچە كىشىنىڭ جەسىتى چىققان، ئۇنىڭ ئارىسىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەسىتى ئوغلى تەرىپىدىن تونۇلغان. شۇ قاتاردا شېرىپقان تۆرىنىڭ جەسىتىمۇ تېپىلغان. جامائەت بۇ جەسەتلەرنى دۇئا - تەكبىر بىلەن قەبرىستانلىقتىكى يەرلىككە قويۇپ قايتقانىكەن.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەينى چاغلاردا ئاستىنقى ئوتتۇرا ئىككى چىشى ئالتۇن چىش بولۇپ، شېھىد قىلىنغاندا بۇ ئىككى چىش قومۇرۇپ ئېلىنغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنى بەلگە بولۇپ قالغان؛ ئىككىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇزۇن قويۇلغان كىشى بولۇپ، كۆمۈگلۈك تۇرغان بىرنەچچە يىل جەريانىدا ساقىلى ئۆۋۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇرۇتى ئۆز ئەينى تۇرغانىكەن. يۇقىرىقى بەلگىلەر جەسەتنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى قىلىنغان.

شېرىپقان تۆرىنىڭ جەسىتى مۇنداق تونۇلغان: شېرىپخاننىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدە ئەلەن ۋاڭ بىر قۇر كىيىم تىكتۈرۈپ ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويغانىكەن. مەرھۇمنىڭ جەسىتى كىيىمى بىلەن كۆمۈۋېتىلگەن بولغاچقا، بۇ كىيىم بولۇپمۇ كىيىمىنىڭ ياقىسى جەسەتنىڭ شېرىپقاننىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىگە بەلگە بولغان. ئىككىنچىدىن، شېرىپقان تۆرە ئۇستىخانلىق، ئالاھىدە يوغان ئادەم بولغاچقا، بىلىدىغانلار بۇ جەسەتنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىقى بەلگىلەر ئاساسىدا «شېرىپقان جەسىتى» دەپ بېكىتكەن.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپقان تۆرە كۆمۈلگەن ۋاقتىدا، كۆمگۈچىلەردىن بەزىلەر بىر بەلگە بولۇپ قالسۇن دېگەن خىيال بىلەن، خەت يېزىلغان ئىككى تاختاي پارچىسىنىمۇ بىللە كۆمۈۋەتكەنىكەن. بۇ تاختاي پارچىلىرىمۇ جەسەتلەر

بىلەن بىللە تېپىلغان. تاختايدىكى خەتلەر ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم بەلگە ئاساسلىرى بىلەن بۇ يەرلىك نىڭ (لەھەدنىڭ) ھەقىقەتەن مەرھۇملارنىڭ كۆمۈلگەن جايى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

ئادالەت ھادى تەييارلىغان

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىم①

## سۇپاخۇن سۇۋۇرۇپ

### 1. شېڭ شىسەينىڭ خوجانىياز ھاجىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى

1933 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مورى - گۇچۇڭ سوقۇشىدىن كېيىن، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن جىمسارنىڭ سەنتەي رايونى② ئەتراپىدىن ھەر مىللەت خەلقلىرى تۈركۈملەپ كېلىپ، خوجانىياز ھاجىمنىڭ پارتىزان قوشۇنىغا پىدائىي بولۇپ كىردى. كونا قوشۇندىكىلەر «پارتىزانلار»، يېڭى كىرگەنلەر «پىدائىيلار» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يېڭى كىرگەن پىدائىيلارغا ئات - ئۇلاق بېرىلىپ، ھەربىر قىسىملارغا تەقسىم قىلىندى. ئەمما، ئۇلارغا بەرگۈدەك قورال يوق ئىدى.

① بېشى 13 - ساندا

② سەنتەي — جىمسار ناھىيىسىنىڭ بىر رايونى بولۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى چوڭ ئۆتەڭ ھېسابلىناتتى.

چۈنكى، جىمساردىن غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراق، ئوق-دورىلارنى ماجۇڭيىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇ خاپىلىقتا خوجانىياز ھاجىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەنتەيگە بارسا، گۇچۇڭدىكى ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ بىر ۋزۋوت قوراللىق ئەسكىرى سەنتەيگە رازۋېتكا قىلىپ بىرىپ قالغانىكەن. خوجانىياز ھاجىم ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، «غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللارنى بىزگە نېمىشقا بەرمەيسىلەر!» دەپ ئاچچىقلاپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ تۇرۇشىغا، ئۈرۈمچى تەرەپتىن تۇيۇقسىز بىر ئايروپىلان كېلىپ، سەنتەيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قارىغايلىق جىلغىغا قوندى. ئايروپىلاندىن ئىككى كىشى چۈشۈپ، خوجانىياز ھاجىم بىلەن 2 — 3 سائەتتەك سۆزلەشتى.

كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، بۇ ئىككى كىشى خوجانىياز ھاجىمغا: «ئۈرۈمچىدىن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى كېلىپ سىزلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنى ئاڭلىساڭلار سىزلەرگە پايدىلىق» دېگەن. خوجانىياز ھاجىم بىلەن مامۇت سىجاڭ شۇ كۈنى قوشۇننى باشلاپ، فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قىزىلقىيا دېگەن تاغ ئېتىكىگە بىرىپ ئورۇنلاشتى. ئەتىسى ئۈچ - تۆت ماشىنىدا ئۈرۈمچىدىن شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن ۋەكىللەر كەلدى (ماشىنىلارنىڭ بىرىنى مەخسۇت تېيىپوپ ھەيدىگەنىكەن). ۋەكىللەرنىڭ تولىسى ئاتاقلىق ئەربابلاردىن: تۇرسۇن بابا (ئۆزبېك)، روزى ھاجى، كېرەم مەخسۇم (كېرەم شەنجاڭ دەپمۇ ئاتايدىكەن)، نەجمىدىن ئاكا، زوردۇن ئاكا (ساقچى باشلىقى بولغان) قاتارلىقلار، يەنە بىرنەچچە خەنزۇلار بولۇپ، جەمئىي 15 چە كىشى ئىدى. ئۇلارغا چېدىرلار تىكىلىپ، چېدىرلارنىڭ ئەتراپىغا پوستلار قويۇلدى. بۇ سۆھبەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ،



سۆھبەتكە خوجانىياز ھاجى تەرەپتىن: خوجانىياز ھاجى ئۆزى، مامۇت سىجاڭ، سېلىم دورغا (لۈيجاڭ)، پازىل دورغا (لۈيجاڭ) ۋە بىرنەچچە ئەمەلدار مۆتىۋەرلەر قاتناشتى. سۆھبەتكە ئىككى تەرەپتىن قاتناشقانلار جەمئىي 20 — 30 غا يېتەتتى. سۆھبەت ئورنىغا ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كىرگۈزۈلمىدى.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۆھبەتنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇشى ۋە خوجانىياز ھاجىنىڭ ماقۇل بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر: 1) خوجانىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىنىڭ بوسۇغىسى بولغان فۇكاڭغا قىستاپ كېلىپ قالدى. بۇ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن زور تەھدىت ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سوۋېت تەرەپنىڭ مەسلىھەتىگە بىنائەن، خوجانىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، ماجۇڭيىڭنى يېتىم قالدۇرۇش قارارىغا كەلگەن. 2) جىمساردىن خوجانىياز ھاجى قوشۇنى ئالىدىغان قورال - ياراقلارنى ماجۇڭيىڭ ئېلىۋېلىپ، خوجانىياز ھاجىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىقتى. 3) ماجۇڭيىڭنىڭ گۇچۇڭدىن نۇرغۇن قورال - ياراققا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، جىمساردا خوجانىياز ھاجىلارغا تېگىشلىك قورال - ياراقلارنىمۇ ئېلىۋېلىپ، قورال ۋە ئادەم سانى جەھەتتىن ئۆزىنى كۈچەيتىۋالغانلىقى خوجانىياز ھاجىنىمۇ، شېڭ شىسەينىمۇ قارشىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، بۇ سۆھبەتكە ماجۇڭيىڭنى يېقىن كەلتۈرمىدى.

سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكىدەك كېلىشىمگە كەلدى:

1) خوجانىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن مامۇت سىجاڭ قوشۇنى داۋانچىڭ ۋە توقسۇندىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەس-

ئۇل بولىدۇ؛

2) شېڭ شىسەي قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن تارتىپ فۇكاڭ، قۇتۇبى، شىخۇغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ؛

3) ئىككى تەرەپ باشلىقلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆلكە بويىچە ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، گۇچۇڭدىكى ماجۇڭيىڭغا نوپۇزلۇق ھەر مىللەت ئەربابلىرىدىن: خۇسەيىنباي (تاتار)، جاۋگولياڭ (خەنزۇ)، تۇڭباۋ (شىبە)، مەنسۇرجان (ئۆزبېك)، ۋۇئەيجىن (خەنزۇ) ۋە يەنە بىر نەچچە يادەننى ئەۋەتىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت ۋەكىللىرىگە ماجۇڭيىڭنى تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىققا ئۈندەشتىن باشقا، سىياسىي قارار چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلمىگەن. شۇڭا، ئۇلار ماجۇڭيىڭغا: جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار كۆپ، ئۇ يەرگە بېرىش سىز ئۈچۈن پايدىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ شۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا ياردەملەشسىڭىز، دەپ ئۇنى قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشقا كۆندۈردى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانىكەن. ماجۇڭيىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىش ۋە مۇئاۋىن قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئېلىش» تەكلىپىنى ئويلاپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە «مۇئاۋىن قوماندان» لىقنى (خوجانىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىنى بولۇشنى) كىچىك كۆرۈپ، «ئۈرۈمچىنى چوقۇم مەن ئىگىلىشىم كېرەك» دېگەن مەيداندا چىڭ تۇردى. شېڭ شىسەينىڭ ماجۇڭيىڭنى جەنۇبىي



شىنجاڭغا بېرىشقا كۆندۈرۈشتىكى غەرىزى: ماجۇڭيىڭ شىمالىي شىنجاڭدا تۇرسا، بىزگە بەرىبىر خەۋپ يەتكۈزىدۇ. خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلارنىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتتى. بۇمۇ شۇ يەرگە بارسا، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان بۇ ئىككى قوشۇن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، بىر - بىرىنى يوقىتىپ، بىزگە خەۋپ بولۇۋاتقان قوشۇنلار ئۆز ئىچىدىن تۈگىشىدۇ، ھېچبولمىغاندا زور دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ؛ كەلگۈسىدە بىزنىڭ ئۇلارنى يوقىتىشىمىز بىرقەدەر ئاسانغا چۈشىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ماجۇڭيىڭغا قويغان تەكلىپىگە ماجۇڭيىڭ تەرەپتىكىلەر ئىككى خىل قاراشتا بولدى: بىر قىسمى (چوڭ ياشلىق ئاخۇنلار ۋە مۆتىۋەرلەر) قايسى تەرەپ بىلەن بولمىسۇن ئۇرۇشماي، تىنچلىقتا بىللە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بىر قىسمى (ماجۇڭيىڭ باشلىق قوماندانلار) ئۈرۈمچىنى چوقۇم ئۇرۇش بىلەن ئېلىپ، گۈچۈڭدىكىگە ئوخشاش نۇرغۇن قورال - ياراق ۋە ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. سۆھبەتنىڭ بۇ توغرىدا قارار چىقىرىش ھوقۇقى بولمىغاچقا، ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئۈرۈمچىدە مۇزاكىرىلىشىپ كېلىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەينىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان چاغدا، مافۇچىڭ (كېيىن ماجۇڭيىڭ بىلەن موسكۋاغا بىللە كەتكەن)، جاڭ شاۋۋۇ قاتارلىق كىشىلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەي تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتە، ماجۇڭيىڭ ۋەكىللىرى: شېڭ شىسەي ئۆلكىگە رەئىس بولسا، ماجۇڭيىڭ ئۆلكىگە دۇبەن بولسا، دېگەن تەكلىپنى بەردى. «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن شىنجاڭنىڭ دۇبەنلىكىنى قولىغا ئالغان شېڭ شىسەي بۇ تەكلىپكە ئۇنىمايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ

ئۇستىگە، شىمالىي شىنجاڭدا شېڭ شىسەيگە ماجۇڭيىڭدىن باشقا تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ قالمىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ماجۇڭيىڭنى نارازى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنىڭ ئورنىنى بىر بالداق كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا باش قوماندان بولۇشىنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن، ئالىي ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولۇش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەن ماجۇڭيىڭ بۇ تەكلىپكە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى. ئۇ «بۇ ئارزۇيۇمنى سۆھبەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمىسا، قورال كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئۇ، بۇ ئويىنى ئۈرۈمچىدىكى ۋەكىللىرىگە ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولۇش قارا نىيىتى ئاشكارىلاندى. ماجۇڭيىڭ قومۇلغا 2 - قېتىم چىققاندا بىر يىگىدەكلا ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇ، گۇچۇڭ ۋە جىمسار ئەتراپلىرىدا نۇرغۇن قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلارغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، ئىككى مىڭدەك ئاتلىق ئەسكەر، ئۈچ مىڭدەك پىيادە ئەسكەر ۋە بىر تۆگە تۈمەن (پولك) بولۇپ جەمئىي ئالتە مىڭدەك قوراللىق كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغاچقا، مۇشۇ ھەربىي كۈچلىرى بىلەن كۆرەڭلەپ، «شىنجاڭدا ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۈرۈمچىنى چوقۇم ئالىمەن» دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا قويۇۋاتتى. سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بۇزۇلدى، ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. ئەمما، ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرىدىن جاڭ شاۋۋۇ ھەربىي كۈچ جەھەتتە شېڭ شىسەينىڭ ماجۇڭيىڭدىن كۈچسـ يىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شېڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، مافۇچاڭ ماجۇڭيىڭنىڭ يېنىغا قايتتى.



خوجانىياز ھاجىلار شېڭ شىسەي تەرەپ بىلەن قىلغان سۆھبەتنى تۈگىتىپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنى جەنۇبىي شىنجاڭغا مېڭىش ئالدىدا، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلغان ھەربىي كىيىم - كېچەكلىرى يېتىپ كەلدى. خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى بۇ ھەربىيچە يېڭى شىم - چاپان، شەپكە، خۇرۇم ئۆتۈكلەرنى كىيىپ، كەمەرلەرنى باغلاپ، پۈتۈنلەي يېڭى بىر قىياپەتكە كىرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشتى. بۇ قوشۇن فۇكاڭنىڭ قىزىلقىيا دېگەن يېرىدىن تاغ ياقىلاپ ئارقىغا يېنىپ سەنتەيگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئالدىراشلىق بىلەن گۇچۇڭدىن فۇكاڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ پەيجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلىرى ئاتلىق، قالغان كىچىك ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرى پىيادە ئىدى. بۇ ئىككى قوشۇن يولدا ئۇچراشقاندا، بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە بولماي ۋە پاراڭمۇ سېلىشماي، جىم - جىملا ئۆتۈپ كېتىشتى. ئەمما، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېڭى ھەربىي كىيىم كىيىپ خېلىلا مۇنتىزىملىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەسرەتلەنىدى ۋە روھى چۈشۈپ كەتتى.

## 2. ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە 1 - قېتىم ھۇجۇم قىلىشى

خوجانىياز ھاجى قوشۇنى سەنتەيگە بېرىپ بىر كېچە قونۇپ، جىمسارنىڭ شىجاگۇ دېگەن كەنتى ۋە چەنزىگەي① ئارقىلىق تۇرپاننىڭ يوغانتېرەك، شاپتۇللۇق دېگەن تاغلىق

① چەنزىگەي — گۇچۇڭ بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى تاغ ئىچى.

كەنتلەردىن مېڭىپ، 6 - ئاي مەزگىلىدىكى ئىسسىقتا تۇرپان ئىچىگە كىرمەي، توقسۇننىڭ يىلانلىق دېگەن يېرىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ماجۇڭيىڭ «ئۈرۈمچىنى جەزمەن ئالىمەن» دېگەن خىيالى بويىچە، زىنچۈەنزى① ئارقىلىق مېڭىپ فۇكاڭ ناھىيىسىگە يېقىن كەلگەندە، شىڭ شىسەينىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئايروپىلان شىڭ شىسەي قوشۇنىغا ماسلىشىپ بومباردىمان قىلىپ ۋە پىلىموتلاردىن ئوق ياغدۇرۇپ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ياز پەسلىدىمۇ قار - مۆلدۈر يېغىپ تۇراتتى. شىڭ شىسەي قوشۇنى مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن پاختىلىق كىيىم كىيىۋالغان. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى بولسا، ياز پەسلىگە لايىق كىيىنگەن قىسقا يەڭلىك يالاڭ كۆڭلەك، قىسقا ئىشتان، لاتاخەي بىلەن ئىدى. دەل بۇلار زەربىگە ئۇچراۋاتقاندا، يامغۇر ئارىلاش ياغقان قار - مۆلدۈر ۋەتۇيۇقسىز چىققان شىۋىرغان كۆزنى ئاچقۇرمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى قوش ئاپەتكە ئۇچراپ، زور تالاپەت تارتتى؛ ھەم قورال - ياراقنىڭ، ھەم سوغۇقنىڭ زەربىسىدە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي، نۇرغۇنلىرى ئوق بىلەن سوغۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى خەنزۇلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆلمەي قالغانلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ماجۇڭيىڭ ئۇ يەردە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھېچ ئىلاج قىلالماي، يارىدار ئەسكەرلىرىنىمۇ تاشلاپ، ساق قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن ئارقىغا چېكىنىپ

① زىنچۈەنزى — گۈچۈڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى بىر ئۆتەڭ.



ماڭدى. ئۇ، شۇ ماڭغان پېتى شىجاگۇغا بارغاندا، شىڭ شىسەينىڭ شىجاگۇدا مۇداپىئەلىنىپ ياتقان قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇيەردىمۇ خېلى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئاندىن ئۇ، قالغان ئەسكەرلىرىنى، گۈچۈڭدا قالغان تۆگە ترانسپورت ئەترىتىنى ۋە بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، تۇرپان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلغان 1 - قېتىملىق ھۇجۇمى ئەنە شۇنداق تارمار بولدى.

ماجۇڭيىڭ تۇرپان تەرەپكە سۈرۈلۈپ بارغاندىن كېيىن، كەلگۈسىدە ئۈرۈمچىگە قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن تۇرپان، توقسۇن ۋە پىچانلارنى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن دەپ بىلىپ، قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شۇ ئۈچ ناھىيىدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن قۇمۇلنى مۇھىم ئارقا سەپ دەپ بىلىپ، قوشۇنلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى يولۋاسنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە قۇمۇلنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. چۈنكى، ماجۇڭيىڭ قۇمۇلغا 1 - قېتىم چىقىپ لۇدۇڭ ئۇرۇشىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، پۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك «ئارقا سەپ» بولمىغاچقا، گەنسۇغا قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ، شۇ تەجرىبىگە ئاساسەن، بۇ قېتىم ئەگەر يەنە يېڭىلىپ قالسا، ئارقا سەپ قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇلنى چىڭ ساقلاشنى پىلانلىغان. ئۇ، زىنچۈەنزىدىكى ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، خوجانىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ تۇرپانغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، «ئۇلار بىزنىڭ قۇمۇل تەرەپتىكى ئارقا يولىمىزنى توسۇپ قويارمىكىن» دېگەن ئەندىشە بىلەن (ئەمەلىيەتتە، خوجانىياز ھاجىلار مۇنداق قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن)، ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىپ تۇرپان تەرەپكە ماڭغانىدى. تۇرپان تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، پىچانغىمۇ مەلۇم ساندا قوشۇن ئەۋەتىپ، قالغان قوشۇنلىرى بىلەن تۇرپانغا ئورۇنلاشتى. ماجۇڭيىڭ تۇرپانغا

ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، تۇرپاندىن باشقا توقسۇن، پىچان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىمۇ ئىگىلەپ، بۇ تۆت ناھىيە خەلقىگە قورال كۈچى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى: ئەڭ ئاۋۋال يەرلىك خەلقلەردىن كۆپلەپ ئەسكەر ئالدى ۋە بۇ ئەسكەرلەرنى قاتتىق مەشىق بىلەن تەربىيىلىدى. ئاندىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خەلقنىڭ قولىدىكى ئاشلىقنى مەجبۇرىي تارتىۋالدى؛ ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتتى (پۇلنىڭ يۈزىدە خەنزۇچە، ئەرەبچە خەتلەر بار بولۇپ، خەتنىڭ رەڭگى قىزىل ئىدى). بۇ پۇل 1، 2، 5، 10 يۈەنلىك بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت ناھىيىدىن باشقا جايدا ئۆتمەيتتى. لېكىن، باشقا جايدىن بىر نەرسە سېتىۋېلىشى زۆرۈر بولۇپ قالسا، ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ پۇلنى پۇقرالارغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ ئۆتكۈزەتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ بۇ پۇلى خوتەننىڭ خام قەغىزىگە بېسىلغان بولغاچقا، خەلقلەر بۇ پۇلنى «خام پۇل» دەپ ئاتايتتى.

### 3. ماجۇڭيىڭنىڭ خوجانىياز ھاجىلار بىلەن يول ئۈستىدە ئۇرۇشۇشى

ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىڭ شىسەي بىلەن قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش؛ ئەگەر بويسۇنۇشقا ئۇنىمىسا، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ ئاندىن ئۇنى تەسلىم قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزگەنىدى. لېكىن ئۇ، خوجانىياز ھاجى قوشۇنىدىن «توقسۇندا تۇرۇۋېلىپ يېقىنىمغا ئۇرارمىكىن» دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال خوجانىياز ھاجىلارنى يوقىتىش پىلانىنىمۇ تۈزدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئىككى يۆنىلىشلىك ئۇسۇل قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن خوجانىياز ھاجىغا ۋەكىل ئەۋەتتى؛ يەنە بىر تەرەپ-



تىن خوجانىياز ھاجى قوشۇنىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭدۇرماسلىق ئۈچۈن، بىر لوي ئاتلىق قوشۇنىنى قاراشەھەردىكى خۇيزۇلار بىلەن بىرلىشىپ خوجانىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتتى.

1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلارنىڭ قوشۇنى توقسۇننىڭ يىلانلىق يېزىسىغا ئورۇنلىشىپ 4 — 5 كۈندىن كېيىن، كۇچا تەرەپتىن ھاپىز مۇللام دېگەن كىشى ئانچە - مۇنچە كونا - يېڭى مىلتىق، تولاراق كالتەك، چوماق، نەيزە - قىلىچلار بىلەن قوراللانغان 3 — 4 يۈزدەك ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، خوجانىياز ھاجىلارغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئەتىسى يەنى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خوجانىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى كەلدى. ئۇلار پىچاننىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر، خۇيزۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ 61 كىشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، سۆھبەتكە خوجانىياز ھاجى، مامۇت سىجاڭ ۋە بىرقانچە دوزغىلار (ھەربىي باشلىقلار) قاتناشتى. سۆھبەتتە، ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى ئۇنىڭ «ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق ياخشى بولمىدى، بىزمۇ بەزىدە ياخشى قىلمىدۇق. ھەممىمىز بىر دىن قېرىندىشى، بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئارازلىشىپ يۈرسەك ياخشى بولمايدۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى سالاۋات قىلىپ بۈگۈندىن كېيىن بىرلەشسەك ۋە ئۈرۈمچىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلساق» دېگەن تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خوجانىياز ھاجى بۇ توغرىدا مۇنداق دېدى:

ماجۇڭيىڭنى 2 - قېتىمدا مەن چىللاپ كەلدىممۇ؟① ئۆزى كېلىپ، يەنە ئۆزى زورلۇق قىلىۋاتىدۇ؛ بىز مۇسۇلمانلار

① قۇمۇل قوزغىلىڭى باشلانغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنى 1 - قېتىمدا خوجانىياز ھاجى ياردەمگە تەكلىپ قىلغان؛ 2 - قېتىمدا ماجۇڭيىڭ ئۆزى چىققان.

بىلەن ئۆزى باشلاپ سوقۇشۇۋاتىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى يوق ئىكەن، ئۇنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تېشى مۇسۇلمان، ئىچى نىجىس ئىكەن. ئۇ بىزگە دۈشمەنلىك قىلدى. ئۇ، بىر ئالدامچى ئىكەن. «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك، ئۇ ھەممە مۇسۇلمانلارنى بۇلاپ - تالاپ①، بىگۇناھ خەلقلەرنى قىردى. بۇنى قانداقمۇ مۇسۇلمانچىلىق دېگىلى بولسۇن! ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ بىرلەشكىلى بولىدۇ؟» مامۇت سىجاڭ گەپ قىستۇرۇپ: «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا» دېگەن گەپ بار. ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئېلىش بىلەن شۇنداق قالتىس بولۇپ كەتتىمۇ؟ دېدى.

خوجانىياز ھاجى يەنە مۇنداق دېدى: «بىز ئۇنىڭغا يار - يۆلەك ۋە ياردەمدە بولدۇق. بىزنىڭ ياردەم قىلغىنىمىز نەگە كەتتى؟ ئۇ (ماجۇڭيىڭ) نېمە دېسە ماقۇل دېگەنسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بىرلەشمەيمەن دېدىم، بىرلەشمەيمەن. قىرىلىپ تۈگەپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشمەيمىز! بىز شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ بولدۇق②. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئاچكۆزلۈك ۋە يۈزسىزلىك قىلىۋاتىدۇ». خوجانىياز ھاجىلار ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

ئەتىسى ئالدىنقى پوست قاراۋۇلى: تۇرپان تەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق قوشۇنى كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. خوجانىياز ھاجى ئۆزى تۇرۇۋاتقان قورۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن قاراپ، توقسۇننىڭ خودۇڭ يېزىسىدىن، ئايغىر بۇلاق سىيىدىن ۋە ئۇدۇلدىن پولۇپ ئۈچ تەرەپتىن ما-

① ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا 1 - قېتىم چىقىپ، ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، گەنسۇغا قاچىدىغان چاغدا، قۇمۇل خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ۋە قىرغان.

② فۇ كاڭدا شېڭ شىسەي تەرەپ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە كېلىشىم تۈزۈلگەنلىكىنى دېمەكچى.



جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەپ تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ ئۆز قوشۇنلىرىغا ئۇلارنى ئالدىنى توسۇپ يوقىتىشقا دەرھال تەييارلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق سوقۇش بولدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، يىلانلىق مەھەللىسىگە كىرەلمەي، ئۆلگەن ئەسكەرلىرى ۋە قوراللىرىنى تاشلاپ قاچتى. خوجانىياز ھاجىلار قوشۇنى ئۇلارنى شۇ قوغلىغانچە تۇرپان — توقسۇن ئارىلىقىدىكى يەمشى يېزىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، قايتىپ كېلىپ تۇرۇشىغا، «ئايغىر بۇلاق تاغلىرىغا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى چىقىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئايغىر بۇلاق تاغلىرىغا يۈرۈپ كەتتى. ئايغىر بۇلاق تاغلىرىنىڭ يولى ھازىرقى يول ئەمەس، بۇرۇنقى يول بولۇپ، بۇ تاغنىڭ قاپ بېلىدىن توختىماي شارقىراپ چۈشىدىغان سۇ ئايغىر ئاتنىڭ سىيىشىگە ئوخشىغاچقا، ئۇنىڭغا «ئايغىر بۇلاق» دەپ ئات قويۇلغان. بۇ تاغ يولى شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شۇ زامانىنىڭ سوقۇشلىرىدا ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭ قوشۇنلىرى ئايغىر بۇلاق تېغى ئىچىدىكى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىغا چاققانلىق ۋە ھوشيارلىق بىلەن شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم قىلدىكى، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بۇ ھۇجۇمنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بۇ يەردىمۇ ئۆلگەن، يارىدار بولغان ئەسكەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى تاشلاپ، كۆمۈش① تەرەپكە قېچىپ كەتتى. خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ مىجىت ئەپەندى (مۇئەللىم بولغان) دېگەن كىشىنى 30 — 40 تەك قوراللىق بىرلىيەن

① كۆمۈش — ئۇرۇمچى بىلەن قارا شەھەر ئارىلىقىغا جايلاشقان تاغ ئارىسىدىكى بىر ئۆرتەڭ.

ئەسكەر بىلەن ئايغىر بۇلاقتا ئارقا سەپنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى قالغان قوشۇنلىرى بىلەن كۆمۈش تەرەپكە ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى قوغلاپ كەتتى. لېكىن، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى كۆمۈشتىمۇ تۇرالماي، قارا شەھەر تەرەپكە كەتكەن. خوجانىياز ھاجىلار كۆمۈشتە بىر كېچە قونۇپ، قارا قىزىل① غا قاراپ ماڭدى. قارا قىزىلغا يېقىن تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خوجانىياز ئىسىملىك لېيەنجاڭنى (بۇ ھازىر قۇمۇل ئاستانىدە بار) 200 دەك قوراللىق ئەسكەر بىلەن ئالغۇي② تاغلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇششاقتال③ غا يېتىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. خوجانىياز لېيەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، قارا قىزىلنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغنى ياقىلاپ مېڭىپ ئالغۇيغا يېتىپ بارغاندا، ئۇششاقتالدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئىككى قوشۇن قاتتىق سوقۇشىدۇ. ئاخىر ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ كەينىگە قاراپ قاچىدۇ. خوجانىياز لېيەنجاڭلار ئۇلارنى قوغلاپ ئۇششاقتالغا يېتىپ بارغاندا، خوجانىياز ھاجىلارغا قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ئەتىسى خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قارا شەھەرنىڭ چۇقۇر، تاغارچى، تېۋىلغا كەنتلىرىگە يېتىپ بارغاندا، ماجۇڭيىڭنىڭ قارا شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ماشىمىڭ * باشچىلىقىدىكى قوشۇنى

① قارا قىزىل — قارا شەھەر تاغلىرى ئارىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ.
② ئالغۇي — توقسۇننىڭ تاغلىق يايلىسى.
③ ئۇششاقتال — خوشۇت ناھىيىسىنىڭ كۆمۈش بىلەن قارا شەھەر ئارىلىقىدىكى رايونى.
*ماشىمىڭ — قۇمۇلدا خوجانىياز ھاجىنىڭ گېپىگە كىرمەي، پىچان-تۇرپانلارغا بېرىپ مالىماتاڭ قىلغان: خوجانىياز ھاجى تۇرپانغا بارغاندا قارا شەھەرگە قېچىپ بېرىپ، بەزى ئاتاقلىق خىزىر مۆتىۋەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن قانخور.



قارا شەھەر ئەتراپىدىكى چىغلىقلاردىن پايدىلىنىپ قاتتىق مۇداپىئە تۇتۇپ، خوجانىياز ھاجىلار قوشۇنىنى قارا شەھەرگە كىرگۈزمەي توسۇپ، شەھەر سىرتىدىكى چىغلىقلاردا يوقاتماقچى بولىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ: «ھەممىمىز مۇسۇلمان ھەم بىردىن قېرىنداش، ئۇرۇشمايلى. بىز قارا شەھەردە بىر كېچە قونۇپلا كورلىغا ئۆتۈپ كېتىمىز. ئالغان يەم - بوغۇز ۋە ئوت - چۆپكە پۇل تۆلەيمىز. سىلەرنىڭ ھېچنەرسەڭلەرگە چېقىلمايمىز» دەيدۇ. ماشىمىڭ بۇنىڭغا «ماقۇل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ ئۇنىڭ «ماقۇل» دېگەن جاۋابىغا ئىشىنىپ، قوشۇنلارنى باشلاپ ماڭىدۇ. قوشۇننىڭ ئالدى چۇقۇر بىلەن تېۋىلغا ئارىلىقىدىكى سايغا يېتىپ بارغان، كەينى تېخى ئۇششاقتالدىن چىقىپ بولالمىغان پەيتتە، ماشىمىڭ قوشۇنى مىلتىق ۋە پىلىموتلاردىن تۇيۇقسىز ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنى قىرىپ تاشلايدۇ. خوجانىياز ھاجىلار قوشۇنى مۇشۇ چاغقىچە ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا بىرىنچى بولۇپ قورال تەڭلىمىگەن، ھەتتا ئاشكارا قارشىلىق پوزىتسىيىسىدىمۇ بولمىغان. لېكىن، ئىچى زەھەر ماجۇڭيىڭ قۇمۇل ۋە لۈدۈڭ ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، خوجانىياز ھاجىنى «ئىت»، ئۇنىڭ قوشۇنىنى «ئىتنىڭ كۈچۈكلىرى» دەپ تىللاپ، پۇرسەت تاپقانلا يەردە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەر جەھەتتىن دۈشمەنلىك قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بۇ قېتىم قارا شەھەردە ماشىمىڭنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن قىلغان دۈشمەنلىكى خوجانىياز ھاجىلارنىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرۇپ، ئۇلارنى قاتتىق غەزەپكە كەلتۈردى. شۇڭا، خوجانىياز ھاجى: «بىز بىردىن قېرىنداش، ئۇرۇشمايلى دېسەك، ئۇنىماي، ئۇلار ئاۋۋال ئوق چىقاردى. بىز ئۆلسەك شېھىت ئۆلىمىز، ئۇلار ئۆلسە ھارام ئۆلىدۇ. بىزنىڭ يولىمىزنى توسقان ماشىمىڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنى قويماي

قىرىپ تاشلاپ، قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلىڭلار! ئۇنىڭ قوشۇن-
لىرىنى نەدە كۆرسەڭلار شۇ يەردە قىرىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.
ماشىمىڭ قوشۇنىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئاتلىق، قالغانلىرىنىڭ
ھەممىسى پىيادە ئىدى. خوجانىياز ھاجىلارنىڭ قوشۇنى پۈتۈنلەي
ئاتلىق بولغاچقا، ماشىمىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.
خوجانىياز ھاجى يەنە خوجامنىياز لىيەنجاڭنى قارا شەھەرگە ئەس-
كەرلىرى بىلەن ئالدىن كىرىشكە بۇيرۇدى. خوجامنىياز لىيەنجاڭ
بىلەن ماشىمىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سوقۇش بولدى.
مىلتىق ۋە پىلىموتلاردىن ئېتىلغان ئوقلار تېۋىلغا بىلەن قارا-
شەھەر ئارىلىقىدىكى ئاسمان بوشلۇقىنى ئىس - تۈتەككە توش-
قۇزدى. ئارقىدىنلا خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭنىڭ
چوڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان ماشىمىڭ
قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قىرىپ تاشلاندى، ئاز قىسمى قاراشە-
ھەرگە قېچىپ كەتتى. سوقۇش بولغان چىغلىق داللار ماشىمىڭ
قوشۇنلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرى بىلەن
توشۇپ كەتتى. خوجانىياز ھاجىلار قوشۇنى قارا شەھەرنىڭ
خۇيزۇ ئاھالىسى كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان لىيۇشىخۇ يېزىسىغا بار-
غاندا كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، شۇ يەردە قونۇپ قالدى.
شۇ پۇرسەتتە، ماشىمىڭ قوشۇنى ئەلچى ئەۋەتىپ: قورال تاپ-
شۇرۇپ ئەل بولىمىز، دېگەنىدى. خوجانىياز ھاجى ئەلچىلەرنىڭ
گېپىگە ئىشەنمىدى. چۈنكى، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇسۇلى:
ئالدىدا ئەلچى ئەۋەتىش، ئارقىدىن ئۇرۇش قا ئادەم ئەۋەتىشتىن ئىبا-
رەت بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا، خوجانىياز ھاجى: قورال تاپ-
شۇرساڭ ھازىر تاپشۇر، بولمىسا بىز قارا شەھەرنى ئالىمىز،
دەپ جاۋاب بەردى. ئەلچىلەر «ماقۇل» دەپ قايتىپ كەتتى.
لېكىن، قارا شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ماشىمىڭ قوشۇنى قو-
رال تاپشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە
كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت



سىجاڭلارنىڭ قوشۇنى سېپىل ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. شەھەر-
كوچىلىرىدا بىر سوتكىغا يېقىن قاتتىق جەڭ بولدى. قولىغا
قورال ئالغانلاردىن باشقا، قورالسىز بىگۇناھ خەلقلەر، ھەتتا
خوتۇن - بالىلار، بوۋاي - موماي لارمۇ قىرىلدى. قارا شەھەردە
بولغان بۇ سوقۇشتا ماشىمىڭ قوشۇنىدىن كۆپرەك ئۆلدى،
ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. ماشىمىڭ
قوشۇنىنىڭ ساق قالغانلىرى باغراش كۆلى ۋە كورلا تەرەپلەر-
گە قېچىپ كەتتى، ماشىمىڭ ئۆزى خۇشۇتقا بېرىۋالدى. ئۇ-
لارنىڭ مال - مۈلۈك ۋە ئات قېچىرلىرى ئولجا ئېلىندى.
خوجانىياز ھاجى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز قوشۇنىنىڭ
پۇقرالارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىنى توستى، بىگۇناھ خەلق-
لەرنى ئۆلتۈرگەنلەرنى جازالىدى. شۇنداقتىمۇ، شەھەر دائى-
رىسى چوڭ بولغاچقا، پۈتۈنلەي توسۇپ بولغىلى بولمايتتى.
خوجانىياز ھاجىلار قارا شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ
قالدى. بىر كۈنى مادىشى ئىسىملىك بىر خۇيزۇ سودىگەر
كېلىپ، خوجانىياز ھاجىغا «ئەسكەرلەر مېنىڭ دۇكىنىمنى بۇلاۋا-
تىدۇ» دەپ ئەرز قىلغانىدى. خوجانىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى
بىلەن، خوجامنىياز لىيەنجاڭ ئەسكەر ئېلىپ بېرىپ، مادىشىنىڭ
دۇكىنى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى قوغداپ قالدى، قورۇ - جايى
ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىمۇ مۇھاپىزەت قىلدى. بۇ خۇيزۇ
سودىگەر خۇشاللىقىدا خوجامنىياز لىيەنجاڭغا بىر ئات سوۋغا قىلدى.
خوجانىياز ھاجى قارا شەھەردىن يولغا چىقىش ئالدىدا،
ئاقمۇللاباي① ئىسىملىك كىشىنى بىرنەچچىلەن بىلەن بىللە
يولتۇز ئارقىلىق سوۋېت چېگرىسىغا بېرىپ قورال - ياراق
ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئاندىن قوشۇننى باشلاپ كۇچاغا

① ئاقمۇللاباي قۇمۇللۇق بولۇپ، شىڭ شىسەيگە ئۇنى ئاۋۋال ئورۇمچى دان-
گىسىغا، كېيىن قۇمۇل ئاستانە بانكىسىغا باشلىق قىلغان؛ كېيىنكى مەزگىلدە
ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى

ماڭغانىدى. كۇچادىمۇ ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. لېكىن، ئاخىرىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ باي ناھىيىسىگە قېچىپ كەتتى. مامۇت سىجاڭ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى توسۇش ئۈچۈن، قوشۇنلىرى بىلەن قاراشەھەردە قالدى. ئايغىر بۇلاقتىكى ئارقا سەپنى ساقلاشقا قالدۇرۇلغان مىجىت ئەپەندى قوشۇنلىرى بىلەن مۇداپىئەدە تۇرغاندا، توقسۇندىن چىققان ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرىدا قاتتىق سوقۇش بولدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى مىجىت ئەپەندىلەر تۇرۇۋاتقان دەڭنى ئالىمىز دەپ زورلاپ ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇنلىرى جېنىدىن ئايرىلدى. مىجىت ئەپەندى ئەسكەرلىرى بىلەن دەڭنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ خېلى زور چىقىمدار بولدى. شۇ ئارىدا تۇرپاندىن ماجۇڭيىڭنىڭ چوڭ قوشۇنى كېلىپ قېلىپ، ئازغىنە ئەسكىرى بىلەن قالغان ۋە ئوقى تۈگەپ قالغان مىجىت ئەپەندىنى چېپىپ تاشلىدى. مامۇت سىجاڭ ئايغىر بۇلاق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قاراشەھەر، لىشىخۇ، تىۋىلغا ئەترابلىرىدا قاتتىق سوقۇشۇپ، ئۇلارنى ئۇششاقتالغىچە سۈرۈپ باردى؛ ئاندىن قوشۇنىنى باشلاپ كۇچاغا قايتىپ بېرىپ، خوجانىياز ھاجىلارغا قوشۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئەۋەتىلگەن ئاقمۇللا باي نۇرغۇن ئوق-دورا ۋە قول بومبىسى ئېلىپ كۇچاغا قايتىپ كەلدى، يەنە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ «خوجانىياز ھاجىلارغا نۇرغۇن قورال-ياراق، ئوق-دورا يەتكۈزۈپ بېرىمىز» دېگەن تەشۋىقلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدى.

خوجانىياز ھاجى كۇچاغا بارغاندىن كېيىن، سادىق ھاجى① دېگەن كىشىنىڭ قەمبەرنىسا خېنىم دېگەن قىزىغا ئۆيلىنىدى

①سادىق ھاجى — شېڭ شىسەي ۋاقتىدا باي ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان.



(«كۇچا خېنىم» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغان)؛ ئاندىن ئاقمۇللا باي ئېلىپ كەلگەن ئوق-دورىلارنى ئېلىپ، مامۇت سىجاڭ بىلەن بىللە ئاقسۇغا قاراپ ماڭدى. ئاقسۇ تەۋەسىگە بارغاندا، ئۇلارنى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان باي سىجاڭ (باي لۈيجاڭمۇ دەيتتى) ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھامۇتخان تۈەنجاڭلار ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلار ئۇلارغا قوشۇنىنى باشلىتىپ ئاقسۇ شەھىرىگە ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش، ئۈچۈن، باي سىجاڭ ۋە ھامۇتخان تۈەنجاڭلار قوشۇنلىرى بىلەن قارا يۇلغۇندا①، مامۇت سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن تۇرپانلىق پولات تۈەنجاڭ ۋە قۇمۇللۇق قۇربان لۈيجاڭلار قوشۇنلىرى بىلەن جامدا② قالدى. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پايدىن ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلغان ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشىدۇ. بۇ سوقۇشتا، باي سىجاڭ ۋە ھامۇتخان تۈەنجاڭنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆلمەي قالغانلىرى ھەر تەرەپكە قاراپ كېتىدۇ. ھامۇتخان تۈەنجاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن نىياز لىيەنجاڭ (مارالبېشىلىق) بىر نەچچە ئەسكىرى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ (كېيىن تۇتۇپ كېلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن)؛ ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭمۇ نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ كېتىدۇ، قالغانلىرى ئۆلۈكلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرىنىمۇ تاشلاپ پايغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلار پايغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ، قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، قارايۇلغۇندىكى سوقۇشتا، ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر ۋە بىگۇناھ پۇقرالارمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ؛ باي سىجاڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ (جەسىتىنى ئاۋۋال بوز دۆڭدە قويۇپ، يۇرت تىنچىغاندا ئاقسۇغا يۆتكەپ كەتكەن).

①② قارايۇلغۇن، جاملار — ئاقسۇنىڭ چوڭ يول بويىدىكى يېزىلىرى.

خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ قارايۇلغۇندىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇزاكىرىدىن ئۆتكەن قارارغا ئاساسەن، مامۇت سىجاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئاقسۇدىن جامغا كېلىپ، پولات تۇەنجاڭ ۋە قۇربان لۈيجاڭلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ ئېلىپ قارايۇلغۇنغا باردى. خوجانىياز ھاجى ئاقسۇدا قالدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بايدىن قارايۇلغۇنغا 2 – قېتىم يەنە كېلىپ، مامۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشتى. مامۇت سىجاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ، بايدىنمۇ ئۆتكۈزۈپ، كۇچاغىچە قوغلايدۇ. كۇچاغا بارغاندا ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا يەنە سوقۇش بولۇپ، تا بۈگۈرگە بارغىچە قوغلاش، قېچىشلار داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. خوجانىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلارنىڭ قوشۇنلىرى قارشى تەرەپنى قوغلىسا، بىر كۈن – يېرىم كۈن قوغلاپ توختاپ قالاتتى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قارشى تەرەپنى قوغلىسا، بىر-ئىككى كۈنگىچە توختىماي قوغلىدى. شۇڭا، مامۇت سىجاڭنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ، بۇ قېتىم ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى بۈگۈر ۋە يېڭىسارلاردىن قوغلىغانچە كورلا ۋە باش ئەگىم① گىچە سۈرۈپ ئاپىرىپ، قارا شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتتى. مامۇت سىجاڭ ۋە قۇربان لۈيجاڭلار كورلىدا دەم ئېلىپ تۇرۇۋاتقاندا، خوجانىياز ھاجىدىن قۇربان لۈيجاڭغا «قۇمۇلغا بېرىپ، قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالسۇن ۋە قۇمۇلنى ساقلىسۇن» دەپ بۇيرۇق كېلىدۇ. مامۇت سىجاڭ بۇيرۇقنى كۆرۈپ: «ھەي ......، ھاجىكامنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ! ھازىر تىپتىنچ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر قۇمۇلغا ئەسكەر ئەۋەتسەك، خەلقنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ، پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قويىمىز (قۇمۇلدا شۇ چاغدا يولۋاس بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان

* باش ئەگىم — ئۇ ۋاقىتتا قارا شەھەر بىلەن كورلا ئارىلىقىدىكى مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك جاي ئىدى.



ئادەملىرى بار ئىدى). قۇمۇلغا ئەسكەر ئەۋەتىش پۇرسىتىنى ئاللىقاچان قولدىن بېرىپ قويدۇق (ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭدا تۇرۇۋاتقان، خوجانىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ قوشۇنىنى ئېلىپ سەنتەيدىن تۇرپانغا چېكىنىۋاتقان چاغدىكى پۇرسەتنى دېمەكچى)، ئەمدى كېچىكتۇق...... قۇمۇل، تۇرپان ۋە پىچانلاردا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر ئەۋەتسەك، خەلقنى ئۇرۇش ئاپىتىگە سېلىپ قويىمىز، دېھقانلار تىرىكچىلىك قىلالماي قالىدۇ...... ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىمىزدىكى قىسىملىرىنى يوقاتماي تۇرۇپ كۈچىمىزنى بۆلۈۋەتسەك قانداق بولىدۇ» دەيدۇ. مامۇت سىجاڭ خوجانىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقىدىن نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىجرا قىلماسلىققا ئىلاجسىز قالىدۇ. قۇربان لۈيجاڭمۇ كەينىنى ئويلىماستىن، «قۇمۇلغا بارمىساق زادى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالىدۇ (ئۇ، قۇمۇلغا بېرىپ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىغان بولسا كېرەك). شۇنداق قىلىپ، قۇربان لۈيجاڭ ئاخىر قۇمۇلغا بارىدىغان بولدى.

### 4. قۇمۇلدىكى قىرغىنچىلىق

ئەمما، قارا شەھەردە ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى بار. قۇمۇلغا قايسى يول بىلەن بېرىش كېرەك؟ بۇ توغرىدا پىشۇرۇلغان مەسلىھەت بويىچە، قۇربان لۈيجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆنچى دەرياسىنى ياقىلاپ مېڭىپ، لوپنۇر كۆلى بويىغا باردى. ئۇ يەردىن شىمالغا قاراپ ئۆرلەپ، قۇملۇق، تاغلار ۋە چۆللەرنى كېزىپ، تۇرپان ئاستانىنىڭ دىغار كارىزىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ دەم ئېلىپ، ئاندىن پىچاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سانجاپا دېگەن كارۋان يولى بىلەن مېڭىپ، قۇمۇلنىڭ لاپچۇق رايونىغا قاراش

لىق چاقا دېگەن يېرىگە يېتىپ باردى. قۇربان لۇيجاڭ كورلىدىن يولغا چىققاندا 600 دەك ئەسكىرى بار ئىدى. قۇمۇل تەۋەسىگە يېتىپ بارغىچە 3 — 4 يۈزدەك ئەسكىرى قالغان؛ 200 گە يېقىن ئەسكىرى يول ئازابىغا چىدىماي ئۆلۈپ كەتكەن، قېچىپ كەتكەن ياكى دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. قۇربان لۇيجاڭ لاپچۇققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلدىكى قوشۇنى ئەۋەتكەن ۋەكىللەر كېلىدۇ. ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ ئاخۇنلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە سودىگەرلىرىدىن بولۇپ 15 — 20 كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ ۋەكىللەر قۇربان لۇيجاڭغا: «سىزلەر قۇمۇلغا يېقىندىن كەلدىڭلار، قورال-ياراقنى تاپشۇرۇپ ئەل بولساڭلار» دەيدۇ. قۇربان لۇيجاڭ: «بىز قورال تاپشۇرمايمىز، ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇدىغان قورال يوق» دەپ رەت قىلىدۇ. ۋەكىللەر: «سىزلەر قورال تاپشۇرۇۋەرمىسەڭلار، ئوتتۇرىدا سوقۇش بولىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ چىقىم تارتىدۇ؛ بىز پۇقرالارغىمۇ ئارامچىلىق بولمايدۇ؛ ھەتتا ۋەيران بولىمىز. قورال تاپشۇرساڭلار، تىنچلىق بىلەن ئۆتسەك» دەپ، تەكرار - تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ. قۇربان لۇيجاڭ: «ئەگەر ئۇلار سوقۇشسا، بىزمۇ سوقۇشىمىز. ئەل بولمايمىز، قورال تاپشۇرمايمىز!» دەپ قەتئىي رەت قىلىدۇ. ۋەكىللەر گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي قايتىپ كېتىدۇ. قۇربان لۇيجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئاستانىدىكى «ئوردا كارىز»① (ھازىرقى ئازاد كارىز) غا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قۇمۇل بەش شەھەرنىڭ يۇرت چوڭلىرى ۋە مۆتىۋەرلەر قۇربان لۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ.

قۇربان لۇيجاڭ ئاستانىدىكى «ئوردا كارىز» دا ئەتراپىغا پوست قويۇپ، ھەپتە - ئون كۈن تۇرغاندىن كېيىن، «پىچان، تۇرپانلاردىكى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قۇمۇلغا كەلگۈدەك، قۇمۇل-

① قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ كارىزلىرىنى «ئوردا كارىز» دەپ ئاتايتتى.



دىكى ماجۇڭيىڭ ۋە يولۋاسلارنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ سوقۇش قىلغۇدەك» دېگەن خەۋەرلەر تارقالغىلى تۇردى. مۇنداق خەۋەرلەرنى كۈندە ئاڭلاۋېرىپ ئاچچىقى كەلگەن قۇربان لۇيجاڭ خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىلەرنى يامان كۆرىدىغان ۋە تىللايدىغان بولۇپ قالدى؛ خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىلەرنى «سەنلەر بىزنى كەتسۇن، بۇ يەردە تۇرمىسۇن، بۇ يەردە تۇرسا، ئوت - سامان، ئوتۇن - كۆمۈر، ئاشلىق بېرىڭلار دەپ ئالۋان سېلىپ، ئارام بەرمەيدۇ دەپ، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توشۇپ كېلىشىسەن» دەپ تىللاپ - ئۇرۇپ ھەيدىۋېتەتتى. ھەتتا بىر كۈنى قۇمۇل تەرەپتىن «قۇمۇلدىكى ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سوقۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن نۇر ئىسىملىك بىر كىشىنى ۋە ئاستانىنىڭ تالىق يېزىسىدىن «نۇرغۇن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوسمان ئىسىملىك دېھقاننى تۇتۇۋېلىپ، «يالغان ئېيتتىڭسەن» دەپ، قۇربان لۇيجاڭ تۇرۇۋاتقان چوڭ قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا بىر - بىرىگە قارىتىپ قۇلىقىدىن مىخلاپ قويغان. بۇنى ئاستانىنىڭ خەلقلىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل يولى سومقاغا①، تۇرپان يولى توغۇچى، ئايغىتون، ② قۇمتوغراق تەرەپلەرگە رازۋېتچىكلار قويۇلغان.

1933 - يىلىنىڭ 11 - ئايلىرى ئىدى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئوردا كارىزنىڭ ئەتراپىدىن مىلتىق ۋە پىلىموتلارنىڭ قوماچ قورۇغاندەك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەلۇم بولۇشىچە، ماجۇڭيىڭنىڭ ما لۈيجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر لۈي قوراللىق ئەسكىرى پىچاندىن كېلىپ، لودۇڭ، توغۇچى ۋە تاللىقلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى سايدىن ئۆتۈپ، كېچىسى يېزى-

① سومقاغا — قۇمۇل بەش شەھەرنىڭ بىرى.

② ئايغىتون — توغۇچىغا قاراشلىق بولاق، ئاستانىگە 12 كىلومېتىر كېلىدۇ.

نىڭ ئادەم يوق چەت يەرلىرى بىلەن ئوردا كارىزغا يېقىن ئىلمشا بەگ① كارىزىغا كېلىشالىغان. ئاندىن شۇ كېچىدىلا مەمەت سىدىق دېگەن كىشىنى ئۆيىدىن ئويغىتىپ ئەپچىقىپ، «قۇربان لويجاڭلار تۇرۇۋاتقان ئوردا كارىزغا باشلاپ بارىسەن» دەپ زورلىغان. مەمەت سىدىق ئاكا (بۇ كىشى ھازىر قۇمۇل ئاستانىدا بار) ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇلارنى ئوردا كارىزغا باشلاپ كېلىپ، قۇربان لويجاڭلار تۇرۇۋاتقان چوڭ قورۇنى كۆرسىتىپ قويۇپ، قايتىپ كەتكەن. مالويجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قۇربان لويجاڭ ۋە ياسىن لىيەنجاڭلار تۇرۇۋاتقان جايلارنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق قورشاپ، ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان. ما جۇڭيىڭنىڭ ما تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۇەن ئاتلىق ئەسكىرى قۇمۇل تەرەپتىن كېلىپ، ئۆز تەركىبىدىكى قۇمۇللۇق يەرلىك خۇيزۇلار ۋە يولۋاس قوشۇپ بەرگەن ئەسكەرلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن، شۇ كېچىسى سومقاغا يېزىسىنىڭ ئۈستى، تۆگە قارنى كارىزىنىڭ ئايىقى ۋە شوچى كارىزلارنى ئارىلاپ مېڭىپ، قۇربان لويجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سىدىق تۇەنجاڭلار تۇرۇۋاتقان كارىزنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاڭنىڭ سوزۇلۇشىنى كۈتكەن. قۇربان لويجاڭلار بولسا، خەلقلەر ئېلىپ كەلگەن راست خەۋەرلەرگە ئىشەنمىگەچكە بىخىرامان ئۇخلاۋەرگەن. ئۇلار ئەتراپقا پوست ۋە رازۋېتچىكلار قويغانلىقى بىلەنلا خاتىرجەملەنگەن. تاڭ سوزۇلۇشى بىلەنلا، ما لويجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭ قوشۇنلىرى ئىككى تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلاپ، ئوردا كارىزنىڭ ئاسمىنىنى مىلتىق ۋە پىلىموتلارنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىگە تولدۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ «سا - سا» (چاپ - قىر) دېگەن چۇقانلىرى ئوق ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، ئاستانە دېھقانلىرىنى قاتتىق

① ئىلمشا بەگ — قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن بىرى.



ۋەھىمە ئاستىدا قالدۇردى. دېھقانلار يىغا - زارى قىلغىنىچە تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. قۇربان لويجاڭنىڭ ئۇيقۇدىن مەڭدەپ ئويغانغان ئەسكەرلىرى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، بىر تالمۇ ئوق چىقىرالماي، ئېتىنى مىنەلىگەنلىرى يوپۇداق ئات بىلەن، مىنەلمىگەنلىرى پىيادە تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. قۇربان لويجاڭ ئۆزى ئابدۇل ئىسىملىك ئوغلىنى، سىدىق تۇەنجاڭنىڭ ئىنىسى ياسىن لىيەنجاڭنى ۋە قېپقالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ، ئۆز يۇرتى تاراتى تېغىغا قاچتى. ئۇلار خەلققە ئالۋان سېلىپ توپلىغان ۋە ئوردا كارىزىنىڭ شىمالىدىكى توغراقلىققا دۆۋىلەپ قويغان زاپاس ئاشلىق، بوغۇز، ئوت - چۆپ ۋە بېدە - سامانلىرىنى بىر دەرەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

ما لويجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭ قوشۇنلىرى قۇربان لويجاڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، تاراتى ۋە ئۆرۈكلۈك① كىچە باردى. ئاندىن شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئات - قېچىرلىرىنى قورال تەڭلەپ تۇرۇپ تارتىۋېلىپ، شۇ يەردىلا قۇيرۇقلىرىنى كېسىپ (ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى تامامەن كېسىپ تاشلايتتى)، ئات يەڭگۈشلەپ داۋاملىق قوغلىدى. قۇربان لويجاڭلار تاغقا چىقىۋالغىچە يەنە نۇرغۇن ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ما لويجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئوردا كارىزدا قالغانلىرى كارىز ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرگە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ يېمەكلىك ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ، قۇربان لويجاڭ قوشۇنىنىڭ توغراقلىققا دۆۋىلەپ قويغان ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلىرىنىمۇ دېھقانلارغا ئالۋان سېلىپ قۇمۇل شەھەر ئىچىگە توشۇتتى. شۇ

① تاراتى، ئۆرۈكلۈك — قۇمۇلدىكى 12 تاغنىڭ ئىككىسى.

قاتاردا ئاستانە دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ، «تاغ ئوغرىلىرىغا تۇرىدىغان ئۆي، زاپاس ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلەر تەييارلاپ بېرىشىپسەن، بىزگە نېمىشقا بېرىشمەيسەن» دەپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقلىرىدىن باشقا، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جاپا تارتىپ يىغقان ئۆي سايمانلىرى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنىمۇ بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. دېمەك، ئۇلار قۇمۇل خەلقىنى ئىككىنچى قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قاقشاتتى. خەلق مۇشۇ سۇرۇقچىلىقنىڭ دەردىدە، بىر نەچچە يىلغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى.

قۇربان لۈيجاڭلار شۇ قاچقىنىچە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىدىكى مىڭگاڭ تېغىغا بېرىۋالغانىدى. ما لۈيجاڭ، ما تۇەنجاڭلارنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ ماڭغان ئەسكەرلىرى چېگرىغا يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي، قۇمۇل شەھىرىگە قايتىپ كەلدى؛ ئۇردا كاردىزغا بارغان ئەسكەرلىرىمۇ خەلقلەرنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر ھەپتە تۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. بىر ئايدىن كېيىن، قۇربان لۈيجاڭ قوشۇنىنى باشلاپ مىڭگاڭدىن قالغايىتى① غا قايتىپ كەلگەنىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۇلارغا 30 — 40 تەك كىشىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. قۇربان لۈيجاڭ قورالنى بىر تالمۇ تاپشۇرمايمىز، قورالنىڭ ئىگىسى بار، تەسلىممۇ بولمايمىز، دەپ چىڭ تۇردى. ئەمما، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەسكەر باشلىقلىرى: بۇ ۋەكىللەر قورال سوراپ چىققان تۇرسا، بىرەر - يېرىم تال بەرمىسەك بولمامدۇ، ئاز - تولا بېرەيلى، دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، كونا - بۇزۇق مىلتىقلاردىن 10 — 15 تال بەردى. ئەلچىلەر بۇ مىلتىقلارنى ئېلىپ قۇمۇلغا قايتتى. قۇربان لۈيجاڭ ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتكەن-

① قالغايىتى — قۇمۇل تاغلىرىنىڭ بىرى.



دىن كېيىن، قوتازلىق① نىڭ ئېغىزىدا سىدىق تۇەنجاڭنى ئاز بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن قالدۇرۇپ، ئۆزى قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن ئاراتىغا قايتىپ كەلدى. ئەلچىلەر كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ما لۈيجاڭ ئەۋەتكەن قوشۇن قالغايىتىغا كېچىدە ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇلار قالغايىتىدا بىرمۇ ئەسكەر يوقلۇقىنى بىلىپ، يەرلىك خەلقلەردىن قۇربان لۈيجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاراتىغا كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. ئاندىن ئۇلار شۇ كۈنى سەھەردىلا قوتازلىققا بېرىپ، ئەتراپىغا قاراۋۇلمۇ قويماي بىخارامان ئۇخلاۋاتقان سىدىق تۇەنجاڭ ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىرى ياسىن لىەنجاڭ بىلەن بىللە قېچىپ، ئاراتى تېغىغا بېرىۋالدى. قۇربان لۈيجاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ما لۈيجاڭ قوشۇنىنىڭ ئاراتىغا قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئارغىنا قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن تاغ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ قاچتى. ما لۈيجاڭ قوشۇنى ياسىن لىەنجاڭنى بىرنەچچە ئەسكىرى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئۇلاردىن سىدىق تۇەنجاڭنىڭ ئاستانىدىكى خوتۇنىنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرىنى قويماي قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى؛ ياسىن لىەنجاڭنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، تۇۋرىغا سېلىپ قۇمۇلغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قۇمۇل ئاستانىگە بارغاندىن كېيىن، سىدىق تۇەنجاڭنىڭ ئۆيىگە كېچىدە باستۇرۇپ كىرىپ سىدىق تۇەنجاڭنى تۇتۇۋالدى؛ ئاندىن ئۇنى قۇمۇل شەھەر ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئىنىسى ياسىن لىەنجاڭنىڭ بېشى بىلەن بىللە قۇمۇل كونا شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بىر ھەپتە ئېسىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇمۇل خەلقىنىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇجۇپ،

① قوتازلىق — قۇمۇل تاغلىرىنىڭ بىرى.

ئۆزلىرىنىڭ ھەم بۇلاڭچى باندىت، ھەم كاللىكېسەر جاللات ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇربان لۈيجاڭ قوشۇنىنى قوغلاپ يوقىتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا 2 - قېتىم باستۇرۇپ كەلگەن ما لۈيجاڭ قوشۇنى شەھەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدىكى ھەممە ئاھالە ئۆيلىرىگە كىرىپ، 10 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. ھەتتا كوندۇزلىرى يولۇچىلارنىڭمۇ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ قانداق زۆرۈر ئىش بىلەن كېتىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەسكەر بولۇشقا يارايدۇ دەپ تونۇلغانلىكى ئادەمنى قورال تەڭلەپ مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭدى. دەل شۇ پەيتتە، بىر دېھقان بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆلۈپ قالغان كىچىك ئوغلىنى شەھەردىكى قەبرىستانلىققا قويۇش ئۈچۈن سەھرادىن شەھەرگە ئەكىتىۋاتقانىكەن. ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇۋاتقانلار ئۇلارنىڭ قولىدىكى مېيىتنى يول ياقىسىدىكى قۇمۇشلۇققا مەجبۇرىي تاشلاتقۇزۇۋېتىپ، ئاتا - بالا ئىككىسىنى يالۋۇرغىنىغا ئۇنىماي ئۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. ئەتىسى بالىنىڭ ئانىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قۇمۇشلۇققا كەلسە، مېيىتنى شۇ كېچىسى بۆرىلەر يەپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان. بىچارە ئانا قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن كېپەنلىكنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەن؛ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، بالىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ دەردىدە بىرنەچچە كۈنگىچە ھوشىغا كېلەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار ئارىسىدا ئاستانىدىكى ھەمدەمنىڭ ئېرى ئىدرىس موللام، قارا تۈيۈقتىكى كىچىك ئاپامنىڭ ئىنىسى مەتنىياز ئاغام قاتارلىق تۇغقانلىرىمىزمۇ بار ئىدى. لېكىن، بۇ تۇتقۇنلۇقتىن مەنمۇ چەتتە قالالمىدىم: مەن قۇمۇلدىن قايتىپ، ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، توغۇچىدىكى تۇغقىنىمىز ھوشۇر ئىمامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئوقۇۋاتات-



تىم. قىش كۈنلىرى ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى بىرى ئىشىكنى ئەنسىزلىك بىلەن تېپىپ، ۋارقىراپ كەتتى. ھوشۇر ئىمامنىڭ ئايالى مارىخان قۇشناچ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. ھوشۇر ئىمام چىقىپ ئىشىكنى ئېچىشىغا، ئىككى نەپەر خۇيزۇ ئەسكەر قوراللىرىنى تەڭلەپ، ھوشۇر ئىمامنى ئۆيىگە ھەيدەپ كىردى. مەن كىيىملىرىمنى كىيىۋاتاتتىم. ھەممىمىز بەك قورقۇپ كەتتۇق. ئۇلار «ئۆيدە قورال بارمۇ؟» دەپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ ھېچنەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ھوشۇر ئىمام بىلەن ئىككىمىزنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنى توغۇچىدىكى موللا ئابدۇللا دېگەن كىشىنىڭ چوڭ قورۇسىغا يىغقانىكەن، بىزنىمۇ شۇ يەرگە ئېلىپ باردى. بۇ قورۇنىڭ دەرۋازا ۋە ئۆگزىلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە پوست قويۇلغان بولۇپ، ھېچقانداق يەردىن چىققىلى بولمايتتى، بىر - بىرىمىز بىلەن گەپلەشكىلىمۇ قويمايتتى. يېڭى ئەسكەرلىككە پەقەت توغۇچىنىڭ ئۆزىدىنلا 200 دەك كىشى (قۇمۇل بويىچە 1600 دەك كىشى) تۇتۇلغان (كېيىن بۇلارنىڭ 10 ياش ئەتراپىدىكىلىرىنى قويۇپ بەردى). مېنىڭ توغۇچىدىكى كىچىك ئاتام ھەسەن ئاخۇنۇم مېنى ۋە قۇمۇلدىكى يۇنۇس ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئەمەت قارىنى ھەربىي باشلىقلاردىن سوراپ بوشىتىۋالدى.

ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتقۇچىلار قۇمۇل بويىچە تۇتۇلغان 1600 كىشىنى شەھەر ئىچىدىكى بىرنەچچە چوڭ قورۇغا توپلىغانىكەن. ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئۇزۇق - تۈلۈك ئېلىپ كەلگەن قوۋم - قېرىنداشلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، بۇ بىرنەچچە چوڭ قورۇنىڭ ئىچى - تېشى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىنغان ئاتىسى ياكى ئەرلىرىگە ئېسىلىپ يىغلىسا، باغرى تاش ما لۈيجاڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى تىللاپ - تېپىپ ئايرىۋەتتى؛ قاتتىقراق گەپ - سۆز

قىلغانلارنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى.
بۇ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا سەۋر قىلىپ تۇرالمىغان خەلق
ئۇلارنى «بېشىڭنى يەيدىغانلار، خۇدا يىم ئەدىبىڭنى بىرەر، قېنىڭ
قارا سايدا ئاقار!»، «سەنلەر مۇسۇلمان ئەمەس، جوھۇت
ئىكەنسەن؛ قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن!» دەپ قارغاشتىن باشقا ئىلاج
تاپالمىدى. مالۇيجاڭ قوشۇنى بۇ يېڭى ئەسكەرلەرنى بويىغا
قاراپ تىزدىلدۇرۇپ، ھەر 7 — 8 كىشىگە بىردىن قورالىق
بەنجاڭ، ھەر 20 كىشىگە بىردىن ئاتلىق پەيجاڭ تەيىنلەپ،
يەنە ئۇلارنىڭ ئالدى - كەينى ۋە ئىككى يېنىدا قوراللىق ئات-
لىق ئەسكەرلىرىنى ماڭدۇرۇپ، خۇددى ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى
ئېلىپ ماڭغاندەك، تۇرپان تەرەپكە يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار-
نىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرى ئۇلارنى توغۇچىنىڭ غەربىدىكى
چوقايدان دېگەن يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى. شۇ ئارىلىقتا ئۇزات-
قۇچىلار بىلەن مۇھاپىزەتچى قوراللىق ئەسكەرلەر (يالاپ ماڭ-
غۇچىلار) ئوتتۇرىسىدا جەڭگە - جېدەل ۋە يىغا - زارە داۋام
قىلىپ تۇردى. بۇ «تۇتقۇنلار» كېچە - كۈندۈز توختاتماي
ماڭدۇرۇپ ئېلىپ مېڭىلغاننىڭ ئۈستىگە، يول بويى ھاقارەت
ۋە تاياق بىلەن خورلانغاچقا، تۇرپانغا يېتىپ بارغۇچە 1600
كىشىنىڭ بىرقانچە ئونى يولدا يىقىلىپ قالغان؛ ئۇلار بىلەن
ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى چۆل -
جەزىرىلەردە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتكەن. «تۇتقۇنلار»
11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يەتتەقۇدۇققا يېتىپ بارغاندا،
مەڭلىك ئاخۇن دېگەن بىر دېھقان تەرەتكە ئىشلىتىش ئۈچۈن
بىر ئەسكى تامدىن چالما كولىۋالسا، قوراللىق نازارەتچىلەر
ئۇنى «سەن تامنى تېشىپ قاچماقچى بولدۇڭ» دەپ، باشلىق-
نىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئېلىپ بارغان. ھەربىي باشلىق ھەممە
ئەسكەرلەرنى يىغىپ، مەڭلىك ئاخۇننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ
ئېتىشقا بۇيرىغان. ئۇ بىچارە «مەن قېچىشنى ئويلىمىدىم، تام-



نىڭ تۆشۈكىدىن چالما ئىزدىدىم. مەن گۇناھسىز» دەپ يال-
ۋۇرسىمۇ، ئۇنى ئۇرۇپ، ئېتىشقا سۆرەپ ماڭغان. سەپكە تىزىل-
ىپ تۇرغان «تۇتقۇنلار» تەڭ «باۋكاۋ!» دەپ ۋارقىراپ، «ئۇنى
ئاتمىسا، خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا رۇخسەت قىلسا»
دەپ تەلەپ قىلىپ، قايتا - قايتا تەزىم قىلسىمۇ، يەنىلا
ئاتماقچى بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا، «تۇتقۇنلار» نىڭ «ئۇنىڭ
قاچماسلىقىغا بىز كېپىل» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا،
ئاتماسلىققا ماقۇل بولغان. دېمەك، ئۇلار «تۇتقۇنلار» نىڭ
بىر - بىرىگە كېپىل بولۇشنى مۇھىم بىلگەن. لېكىن، مەڭلىك
ئاخۇن تاياق زەربىسى ۋە يول ئازابى سەۋەبىدىن، ئىككى كۈن
ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈۋېتىشكىمۇ رۇخ-
سەت قىلماي، يول بويىغا تاشلاپ قويغان. جاللات مالۇيجاڭ
قوشۇنى پىچاننىڭ چىقتىم يېزىسىغا بارغاندا، بۇ «تۇتقۇنلار»
نى تۆت قاتاردىن تىزىپ، بىرىنىڭ بېلىكىنى يەنە بىرىنىڭ
بېلىكىگە چېتىپ ئېلىپ ماڭغان؛ تۇرپانغا بارغاندا، ئۇلارنى
ماجۇڭيىڭنىڭ تۇرپاندىكى قىسىملىرىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ ۋە
ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ كونا كىيىملىرى، كونا مىلتىق، قىلىچ
ۋە نەيزىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، داۋانچىڭغا بېرىش يولىدا
ئۇرۇشقا سالغان؛ ئاندىن قالغانلىرىنى تۇرپان، پىچان، توق-
سۇنلاردىن تۇتقان يېڭى ئەسكەرلەرنى «تۇتقۇنلار» غا قوشۇپ،
داۋانچىڭ ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى
بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا تانكا ۋە توپ - زەمبىرەكلەرگە يەم قىلىپ
بەرگەن.

## 5. ماجۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن 3 - قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى

ماجۇڭيىڭ تۇرپانغا قايتا ماكانلاشقاندىن كېيىن، شېڭ شى-
سەينى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم

قوزغاپ بېسىم ئىشلەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن جاڭ شاۋۋۇ باشلىق ئۈچ كىشىنى ئۈرۈمچىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىمۇ ۋۇ چاۋشۇن، لەن تىڭشۇ دېگەن ئىككى ئادەمنى تۇرپانغا ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. شېڭ ھۆكۈمىتى دەسلەپكى سۆھبەتتە، ما جۇڭيىڭغا قۇمۇل ۋە بارىكۆل تەرەپلەرگە چېكىنىپ بېرىپ، «باندىتلارنى تازىلاش»① بىلەن شەرقىي يولنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن ئىككى - ئۈچ يۈز سەر كۈمۈش ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتتى. ما جۇڭيىڭ «تىنچلىق سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يەنە ئەۋەتتى. لېكىن، شېڭ ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم ما جۇڭيىڭنىڭ تەلىپىنى ئويلاپ كۆرمەستىنلا، ۋۇ چاۋشۇن، لەن تىڭشۇلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەلچىلىرىگە قوشۇپ تۇرپانغا ئەۋەتتى. شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكلىپى كەسكىنرەك بولدى: ما جۇڭيىڭ تۇرپاننى بوشىتىپ، قۇمۇل - بارىكۆل تەرەپلەرگە چېكىنسۇن؛ شۇنداق قىلسا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەمىناتى ئۆلكە تەرەپتىن بېرىلىدۇ؛ ما جۇڭيىڭ ئەلچىلەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلسۇن.

ما جۇڭيىڭ ئۆز قوشۇنىنى تۇرپاندىن قۇمۇلغا ماڭدۇرۇپ، ئۆزى ئۈرۈمچىگە بارسا، شېڭ شىسەينىڭ ئالدىدىن تىرىك قايتالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپلىرىگە «ماقۇل» دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە تۇرپاندىن قوزغالماي، ئۈرۈمچىنى ئۇرۇش بىلەن ئېلىش پىلانىدا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يەنە ماڭدۇردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى تەرەپ ئەلچىلىرى تەكلىپ - تەلەپلەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈش بىلەن قايتا - قايتا يول مېڭىشتى. شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچە-

① ما جۇڭيىڭنى ئالداش ئۈچۈن قىلىنغان گەپ.



نىڭ مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئاخىر بېرىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەلچىلىرىنى قولغا ئېلىپ بېسىقتۇردى. ما جۇڭيىڭ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باش قوماندانلىقىنى قىلمىغان ئادەم قۇمۇل - بارىكۆلدەك كىچىككىنە يەرنىڭ مۇداپىئە قوماندانلىقىنى قىلمامدىمۇ» دەپ، ئۈرۈمچىنى چوقۇم ھۇجۇم بىلەن ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، ھەممە قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىن تۇتقۇن قىلىنغان «يېڭى ئەسكەرلەر»نى قوشۇپ، پىچاننى ستراتېگىيىلىك مۇھىم بازا قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە 18 كىلومېتىر كېلىدىغان چىغدەك دېگەن يەرگە كەلگەندە، شېڭ شىسەينىڭ مۇداپىئەدە تۇرغان قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى. بۇ ئۇرۇشتا شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۈرۈمچىگە چېكىنىپ، ئۈرۈمچىنى مۇداپىئە قىلدى؛ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىككى تەرەپ بىر ئايدەك قاتتىق تىركەشتى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچى ئەتراپىغا ئاكوپ قېزىپ، شۇنىڭ ئىچىدە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىغا كېرەكلىك يېمەك - ئىچمەك، ئوت - بوغۇزدىن تارتىپ قالايدىغان ئوتۇنلىرىغىچە تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرىغا ئالۋان سېلىپ ئەكەلدۈردى؛ ھەتتا نان يېقىپ يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھەممە ئائىلىلەرگە نورما قىلىپ بېكىتتى. ياشلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلىككە تۇتقۇن قىلىنىپ كەتكەچكە، ئالۋان سېلىنغان بۇ نەرسىلەرنى بوۋاي - مومايلار ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېشەك، تۆگە، ھارۋىلار بىلەن ئۈرۈمچىگە توشۇدى. يولدا ئىتتىك ماڭالمىغانلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇپ - تىللىدى، ھەتتا «قارشىلىق قىلدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن ئېتىپ تاشلىدى.

ما جوڭيىڭنىڭ بۇ قاتمۇ قات زۇلمى ئاستىدا، يەر تېرىش
ئۇياقتا تۇرسۇن، ئوزۇقلۇقىمۇ ئاشلىقى قالمىغان، ئات - ئۇ-
لاغلىرىدىن ئايرىلغان بۇ ئۈچ ناھىيە دېھقانلىرى ئىككى - ئۈچ
يىلغىچە ئەسلىگە كېلەلمەي، جىق سورۇقچىلىق تارتتى. دېھقان-
لار ئۈچ ناھىيىدىن ئۈرۈمچىگە مېڭىش جاپادا توشۇپ كەلگەن
نانلار ما جوڭيىڭنىڭ ئاكوپىتىكى ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ
بېرىلسە، ئەسكەرلەر بۇ نانلارنى يېگىنىچە يەپ، قالغىنىنى
ئاكوپىنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قوياتتى. ئۈستى - ئۈستىگە تاشلان-
غان نانلار كۆكىرىپ، قار - يامغۇردا پاتقاقلارغا مىلىنىپ
ياتاتتى (ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ما جوڭيىڭ قوشۇنى ئۈرۈم-
چىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى خەلقى ئاشۇ ئاكوپلاردىن
بىر ئايغىچە نان توشۇغان. شۇلارنىڭ بىرى يولداش ئىبراھىم
مۇتىئى ئىكەن).

ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ئۇرۇشتا شىڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ
ما جوڭيىڭ قوشۇنىغا كۈچى يەتمىگەچكە، شىڭ شىسەي ھۆكۈ-
مىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى
ئەۋەتكەن بىر بۆلۈم قىزىل ئارمىيە قىسمى «ئالتايىسكى ئار-
مىيە» نامى بىلەن چۆچەك ۋە شىخۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ،
ما جوڭيىڭ قوشۇنىغا ھاۋادىن ئايروپىلان بىلەن، يەردىن تانكا
ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى قاتتىق چېقىمغا
ئۇچراتتى. ما جوڭيىڭ قوشۇنى يېڭىلىپ، 1933 - يىلى 12 -
ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىدىن چېكىندى. شىڭ شىسەي قو-
شۇنى «ئالتايىسكى ئارمىيە» نىڭ ئايروپىلان ۋە تانكىلىرىغا
ياسلىشىپ، ما جوڭيىڭ قوشۇنىنى داۋانچىڭدىنمۇ سۈرۈپ، توق-
سۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ھەيدىدى. ما جوڭيىڭنىڭ
مۇھىم ھەربىي باشلىقلىرىدىن ما خوسەن ياردار بولدى.
شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل، تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇنلاردىن تو-
تۇلغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ تىرىك قالغانلىرى ئۇرۇش ئازابى-



دىن قۇتۇلۇپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. جۈملىدىن ھەدەم-
نىڭ ئىرى ئىدرىس موللام ۋە مەتنىياز تاغاملارمۇ 1934 - يىلى
1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇمۇلغا سالامەت قايتىپ كەلدى.
قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە پىيادە كەتكەن.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنى
ما جوڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىنى داۋانچىڭ ۋە توقسۇنلاردىن سۈرۈ-
گەنچە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قوغلاش جەريانىدا، نۇرغۇن
خۇيزۇ ۋە خەنزۇ ئەسكەرلەرنى ئەسىرگە ئالغان؛ نۇرغۇن قورال-
ياراق، ئوق - دورا ۋە ئات - ئۇلاغلارنى غەنىيمەت ئالغان؛
تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر دېھقان باللىرىنىڭ ئۇرۇش ئازابىدا
ھالىدىن كېتىپ قېچىپ كېتەلمىگەنلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، كېيىن
تانكىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ قويغان. بۇ بال-
لار يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگۈچە، يوللاردا ما جوڭيىڭ ئەسكەر-
لىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى، بۇزۇلغان قورال - ياراقلىرى ۋە ئۆلگەن
ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن. دېمەك،
ما جوڭيىڭ ئەنە شۇنداق تارمار بولۇپ، نۇرغۇن قوشۇن ۋە
قوراللىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىلى تاس
قالغان. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى 2 - قېتىملىق
پىلانى ئەنە شۇنداق ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، ئازغىنا
قوشۇنى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ قۇتۇلدى.

**رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئى. ئەسقەرى**

# قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت توغرىسىدا①

قۇددۇس ئابدۇسەمەت

## 1. شا مەخسۇتنىڭ ۋاڭلىققا ئولتۇرۇشى

شا مەخسۇتنىڭ ئەسلى ئىسمى شا بەگ بولۇپ، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى، تەيجىسى ۋە مەلۇمچىسى تاجىدىن تەيجىنىڭ ئوغلى. ئۇ، بەي يەنخۇ يېغىلىقى② ۋاقتىدا تېخى 10 نەچچە ياشلىق بالا ئىدى. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئۆلتۈرۈلگەندە، تاجىدىن تەيجى قۇمۇل شەھىرىدىن قېچىپ، نەرىنا سۇ دېگەن تاغقا چىقىپ پاناھلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى كىشىلەرگە تونۇتماي، ئوغلى شا بەگ بىلەن كىشىلەرنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. تاجىدىن تەيجى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، شا بەگ نەرىنا سۇدا مۇھەممەت شىرىپ دېگەن كىشىنىڭ قويىنى باقىدۇ. شۇ قېتىمقى يېغىلىقتا قۇمۇل خەلقى كۆپ جەبىر - جاپا ۋە سورۇقچىلىق تارتىدۇ؛ تاغلارغا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەرگە قاچىدۇ، مېھرىبانۇ ۋاڭمۇ بوگۇرنىڭ يېڭىسار دېگەن يېرىگە قېچىپ بېرىپ، كېيىن بېيجىڭ خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئوردىسىنى رېمونت قىلىپ، ۋاڭلىقنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەينى دەۋردە

① ئاپتور بۇ ماقالىنى ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تەييارلىغان.

② بەي يەنخۇ ئىسىملىك خۇيزۇنىڭ باشچىلىقىدا زورلۇققا قارشى قىلىنغان يېغىلىق.



مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭ قىزىنى چوڭ ئاي خېنىم، كىچىك قىزىنى كىچىك ئاي خېنىم دەپ ئاتايتتى؛ چوڭ قىزى 20 ياش، كىچىك قىزى 18 ياشتا ئىدى. نەسەب ۋە ئۇستىخان سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا ئەر چىقماي، شۇ ياشقا يەتكەنىدى. بىر قېتىم مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ باشقا جايدىن كەلگەن بىر ئەمەلدارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، شەھەر سىرتىغا چىقىپ مېھمان كۈتۈش زىياپىتىگە قاتنىشىدۇ، زىياپەتكە مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ ئىككى قىزىمۇ بارىدۇ. ئوردىغا قايتىدىغان چاغدا، ئۇلار چۈشكەن مەپىنىڭ قېچىرى ھۈركۈپ كېتىپ، مەپە ئاغدۇرۇلۇپ، چوڭ ئاي خېنىم مەپە ئاستىدا قېلىپ ئۆلىدۇ، مەپىكەش سالىغا سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. مېھرىبانۇ ۋاڭ چوڭ قىزى چوڭ ئاي خېنىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، كىچىك قىزى كىچىك ئاي خېنىمغا ئۆز قاياشى ۋە نەسەبىدىن لايىق سۈرۈشتۈرىدۇ، ئاخىر ئۆز تۇغقىنى شا بەگنىڭ دېرىكىنى ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە شا بەگ يەنىلا قوي بېقىۋاتقانىدى. بىر كۈنى شا بەگ ئاجايىپ بىر چۈش كۆرىدۇ، چۈشىدە: ئاسماندىكى تولۇن ئاي تاغ چوققىسىغا چۈشۈپ، ئاندىن شا بەگنىڭ قوينىغا شۇڭغۇپ كىرگەنمىش. شا بەگ ئاينى قۇچاقلاپ ھېسابسىز خۇشاللىققا چۆمگەنمىش ... ئۇ، بۇ چۈشنى ئۆزى تونۇۋاتقان ئۆيدىكى مومايغا سۆزلەپ بەرگەندە، موماي: سىزنىڭ بۇ چۈشىڭىز ئۇلۇغ بىر دۆلەتتىن بېشارەتتۇر، دەپ تەبىر بەرگەنىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاھىر مىراب شا بەگنى قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىدۇ. شابەگنىڭ ئۇستى - بېشىدا تېرە كىيىم، پۇتىدا چورۇق، يۈز - قوللىرى يېرىلغان، قاسماق ئىدى. مېھرىبانۇۋاڭنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، شا بەگ يۇيۇندۇرۇلۇپ، يېڭى ئۇستىباش كىيدۈرۈلدى؛ خېلى بىر مەزگىل ھەرجەھەتتىن تەربىيىلىنىپ،

ئۇردا رەسمىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، چوڭ داغ - دۇغا بىلەن توي ئۆتكۈزۈلۈپ، كىچىك ئاي خېنىمنى شا بەگكە ئېلىپ بېرىلدى. شا مەخسۇت ئوردا ئىچىدە تامغىچى بەگ بولغاندىن كېيىن، «مەيكەش سالىنىڭ قاماق جازاسى يېنىك بولۇپ قاپتۇ، ئۇ چوڭ ئاي خېنىمنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆلتۈرگەن» دەپ ئەرز قىلىپ، ئاخىرى گۇناھسىز سالىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ. شا بەگ كېيىن تامغىچى بەگلىكنىڭ ئۈستىگە باش كاتىپلىق ئەمەلىگىمۇ ئېرىشىدۇ. مېھرىبانۇ چىڭۋاڭنىڭ نەمتۇللا قازىبەگ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ھەر قانداق ئىشتا مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلاتتى. نەمتۇللا قازىبەگ ئەمگەكچى خەلق ئىچىدىن چىققان ئادەم بولۇپ، ۋاڭ جەمەتىدىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ مۇھەممەت بىشىر ۋاڭغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قازىلىق مەنسىپى بېرىلگەن. ئۇ مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ دەۋرىدە تېخىمۇ ئېتىبارلىنىپ ۋە ئۈستۈرۈلۈپ، مەلۇمچى ۋە ئىشەنچلىك مەسلىھەتچى بولۇپ قالغان. مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ: ئايال كىشىمەن، ياشىنىپ قالدىم، مەندىن كېيىن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلۇم يوق، كۈيئوغلۇم مەخسۇت بەگنى ئۆزۈمگە ياردەمچى ۋاڭ قىلىۋېلىشقا خانلىققا ئىلتىماس قىلسام قانداق بولار، دېگەن ئارزۇسىنى نەمتۇللا قازىنىڭ مەسلىھەتىگە سالىدۇ. نەمتۇللا قازى مېھرىبانۇ چىڭۋاڭنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، مېھرىبانۇ ئۆز پىكرىدىن يانماي، شا بەگنى ياردەمچى ۋاڭلىققا تەيىنلەپ بېرىش توغرىسىدا خانلىققا ئىلتىماس يېزىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شا بەگ بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىڭۋاڭنىڭ ئىلتىماسىنى ئوغرىلىقچە ئۆزگەرتىپ: «مەن ياشىنىپ قالدىم، ئايال كىشى بولغىنىم ئۈچۈن، ئورنۇمغا كۈيئوغلۇم شا مەخسۇتبەگنى ۋاڭلىققا تەيىنلەپ، يار-



لىق بېرىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا ئىلتىماس يازىدۇ. ئۇنىڭغا ۋاڭلىق تامغىسىنى بېسىپ، ئوغرىلىقچە بېيجىڭدىكى خانغا يوللايدۇ. خاندىن: «قۇمۇلنىڭ چىڭۋاڭلىقىغا شا مەخسۇت، مۇئاۋىنلىقىغا مېھرىبانۇ تەيىنلەندى» دەپ يارلىق كېلىدۇ. بۇنى كۆرگەن مېھرىبانۇ ھەيران قېلىپ، غەزەپكە كېلىدۇ. ئۇ «ئالاقە يازغۇچى كاتىپلار ماڭا زىيانلىق قىلىپتۇ» دەپ گۇمانلىنىپ، بىرقانچە كاتىپلىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ جازالاپمۇ كۆرىدۇ. لېكىن ئەھۋال ئېنىقلانمايدۇ. مېھرىبانۇۋاڭ ئاخىر بۇ مەسىلىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاشقا نەمتۇللا قازىبەگنى بۇيرۇيدۇ. نەمتۇللا قازىبەگنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ ئىش شا مەخسۇتنىڭ مەخپىي ئىشلەتكەن ھىيلىسى بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن، ھىيلىگەر شا مەخسۇت نەمتۇللا قازىنىڭ مېھرىبانۇغا ۋەقەنى ئەينەن ئېيتقانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ، نەمتۇللا قازىغا زىيانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنى مېھرىبانۇ چىڭۋاڭغا «خەلق ئىچىدە: نەمتۇللا قازى مېھرىبانۇ ۋاڭغا ئۆگىنىپ قاپتۇ، كېچىلىرى بىللە بولىدىكەن، دېگەن سۆز بار ئىكەن، نەمتۇللا قازىمۇ: مېھرىبانۇ چىڭۋاڭنى ئالسام، ۋاڭلىق مېنىڭ قولۇمغا ئۆتىدۇ، دېگەن گەپنى تارقىتىپتۇ، ئۇنىڭ مۇنداق دەپ يۈرۈشى سىلىنىڭ ئابرۇيلىرىنى تۆكۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ چاقىدۇ. مېھرىبانۇ ۋاڭ: بۇ سەت نامدىن مېنى قۇتقۇزۇڭ، نەمتۇللانى ۋەزىپىسىدىن بوشاتتىم، قانداق قىلىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، ھوقۇقنى سىزگە بەردىم، دەيدۇ. شا مەخسۇت مۇشۇنداق بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ شۇ ھامان ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن، نەمتۇللانى 40 غولدا (ئەينى ۋاقىتتا گۇناھكارلارنى ئۇرۇشقا تەييارلانغان ئۈچ قىرلىق ياغاچ) ئۇرۇپ، قاتتىق ئازابلايدۇ. نەمتۇللا قازىبەگ تاياقنىڭ زەربىسىدە، بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوردىنىڭ ھەرقانداق خىزمەتلىرىگە

بەمتۇللا بەگنىڭ ئەۋلادىدىن ئادەم ئالماسلىقتا قەتئىي بۇيرۇق
قىلىدۇ. خاننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، زوگوڭبۇ (زوزوڭتاڭنىڭ
ھۆرمەتلەپ ئاتىلىشى)، مىڭ چىگىسەي دېگەن مەنسەپدارلار
پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن ئوردىغا كىرىپ، شا مەخسۇتنىڭ
ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرۇشىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ،
ۋاڭلىق تامغىسىنى شا مەخسۇتقا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن شا مەخسۇت قۇمۇلغا ۋاڭ بولىدۇ. مېھرىبانۇ مۇئاۋىن
ۋاڭلىق نامى بىلەن بىر نەچچە زامان ئۆمۈر سۈرۈپ، ئۆلۈپ
كېتىدۇ. شا مەخسۇتنىڭ ۋاڭ بولغان ۋاقتى گۇاڭشۈي خاننىڭ
تۇنجى يىلى، مىلادىنىڭ 1875 - يىلى ئىدى.

## 2. شا مەخسۇتنىڭ ۋاڭلىق دەرىجىسى

شا مەخسۇت مىلادىنىڭ 1875 - يىلىدىن باشلاپ
ۋاڭلىق تەختىگە چىقىپ، 1930 - يىلىغىچە 54 يىل دەۋر
سۈرۈپ ئۆلگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا، ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس
قېلىپ كېلىۋاتقان «جاساق»، «دارخانلىق» تۈزۈمىنى تېخىمۇ
جان تىكىپ قوغدىغان؛ خەلقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەپ-
تىن قاتتىق ئېزىپ، قول ئورنىدا ئىشلەتكەن، خەلق سېلىقنىڭ
ئېغىرلىقىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق
بىرقانچە قېتىم قوزغالغان بولسىمۇ، شا مەخسۇت فېئودال
خانلىققا تايىنىپ، قوزغىلاڭچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن
باستۇرغان. ئۇنىڭ مەركىزىي خانلىققا بولغان سادىقلىقى ۋە
ئالاقىسىمۇ ئىلگىرىكى ۋاڭلارنىڭكىگە قارىغاندا خېلى چوڭقۇر
بولغان. شۇڭا ئۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بېيجىڭگە
ئۆزى يەتتە قېتىم تەزىمگە بېرىپ، قۇمۇلنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا ئەھۋاللىرىدىن خانغا دوكلات
قىلىپ، خاننىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ قايتقان. ئاندىن ئۆز



ۋەكىلىنى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم خان ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ
تۇرغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، مەركىزىي خاندانلىق كېيىنكى
29 يىللىق ۋاڭلىق دەۋرىدە، شا مەخسۇتنىڭ دەرىجىسىنى 18
قېتىم ئۆستۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا «شۇاڭ چىڭۋاڭ» (قوش
چىڭ ۋاڭ) لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ھەر
قېتىم ئۆستۈرگەندە، بىر خىل بەلگە بىلەن ئىپادىلىگەن.
مەسىلەن: چىڭ ۋاڭلىق ۋاقتىدا مىنگەن ئېتىنىڭ بويىنىغىچە
جۇغۇلا ① ئېسىشتىن باشلاپ، خوداڭ مەپە ② گە ئولتۇرۇش،
تەيىپىڭچە ③ گە ئولتۇرۇش، پوچتىغا ئولتۇرۇش، پوچتا
ئاتلىرى ۋە مىنگەن ئاتلىرىغا كۆل رەڭ، ھاۋا رەڭ تىزگىن
ۋە چۇلۋۇر تاقاش قاتارلىق بەلگىلەر بىلەن ئۇنىڭ مەنسىپىنى
ئىپادىلىگەن. شا مەخسۇتنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ دەرىجىسىنىمۇ
قەدەممۇ قەدەم ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەنسەپ بەلگىسىنى ئاق
لاي مونچاقتىن تۆۋىنى قىزىل لاي مونچاقىچە بىرنەچچە
دەرىجىلىك مونچاقلار بىلەن ئىپادىلىگەن. ۋاڭنىڭ مەنسەپ
بەلگىسى «ئوتتۇغان» مونچاق بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ ۋاقىتتا
ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى مانجۇ
پوسۇنىدا ئىدى، ئۇلار بېشىغا ئۆرە بۆك (قاپاق بۆك) كىيەتتى،
بېلىگە ياقۇت ياكى ئالماس كۆزلۈك بەلباغ تاقايتتى، بەل
باغقا چاقماق پىچاق ④ ئاساتتى، پۇتىغا مەخمەلدىن تىكىل-
گەن مانجۇچە ئۆتۈك كىيەتتى. ۋاڭنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى
ئۆزگىچە بولۇپ، ئالاھىدە پەرقلىنەتتى: سېرىق تاۋارغا زەر
بىلەن توققۇز ئەجدىھارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مانجۇچە

① جۇغۇلا — ۋاڭ مىنىدىغان ئاتنىڭ پېشانىسىگە ئاسىدىغان زىننەت
بۇيۇمى.

② خوداڭ مەپە — ئوقى ئۇزۇن، ئالاھىدە زىننەتلەنگەن كۆركەم
مەپە

③ تەيىپىڭچە — ئاسايىشلىق، بەختەر مەپە.

④ بىر نەرسىگە تەگسە ئوت چاقنايدىغان پىچاق.

چاپان (ماگازا) كىيەتتى، «شۋاڭ چىڭ ۋاڭ» لىق دەرىجىسىگە يەتكەندە، يەتتە يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن ماگازا كىيگەن. ۋاڭ بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، خانلىقتىن قىممەت باھالىق تاشلاردىن كۆز قويۇلغان، خان ئۆزى ئەڭ قەدىرلەيدىغان «رۇيى بابو»① دېگەن نەرسە ھەدىيە قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، ۋاڭ ئوردىدىن سىرتقا چىقماقچى بولسا، ماڭار چاغدا ئۈچ پاي، قايتىپ كىرگەندە ئۈچ پاي پو (زەمبىرەك) ئېتىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان بولغان (مۇشۇنداق قىلىشقا خانلىقتىن رۇخسەت قىلىنغان)، مۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى: ئاتقان پو (زەمبىرەك) نىڭ ئاۋازى 5 — 10 يول يىراقلىققا ئاڭلانسا، خەلقنى ۋاڭنىڭ ماڭىدىغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ۋاڭ كېلىشتىن بۇرۇن ۋاڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە تەييار تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

شا مەخسۇت ھەر قېتىم بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىشتە، سەككىز كىشى كۆتۈرىدىغان جو (تەختىراۋان) ياسىتىپ، 16 خەنزۇنى ياللاپ، بېيجىڭدىن قۇمۇلغا ئۆزىنى نۆۋەت بىلەن كۆتەرتىپ كەلگەن. ياللانغان بۇ خەنزۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز جايىغا قايتىپ كەتكەن، بىر قىسمى قۇمۇلدا ئورۇنلىشىپ قالغان (ھازىرقى شەھەر ئەتراپىدىكى كۆكتاتچى خەنزۇلار شۇ چاغدا ۋاڭنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادى). شۇ مەزگىللەردە، ۋاڭنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئارقىمۇ ئارقىدىن ئۆسۈش جەريانى ھەققىدە قىزىقارلىق گەپلەر تارقالغان: گۇاڭشۇي خاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جۇڭگو بويىچە 48 ۋاڭ بولۇپ، شا مەخسۇت بۇ ۋاڭلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى 4 - ۋاڭ ئىدى. خان ئۆز تەۋەسىدىكى ۋاڭلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، مىس، كۈمۈش، ئالتۇندىن 47 تامغا، بەقەم ياغاچتىن ئىككى تامغا، جەمئىي 49 تامغا ئويدۇرۇپ

① «سەككىز گۆھەر» مۇجەسسەملەنگەن خاتىرە بويۇمى.



تەييارلايدۇ ۋە 48 ۋاڭنى بېيجىڭگە چاقىرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭلار ھەر تەرەپتىن پوچتا مەپىلەرگە ئولتۇرۇپ، ھەيۋەت بىلەن بېيجىڭگە يېتىپ بېرىپ، خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىشكە ئالدىرايدۇ. بېيجىڭگە يېقىنلاشقان چاغدا، يول ئۈستىدە بىر مانجۇ كىشى كېتىۋاتقان پوچتا - مەپىلەرنى توختاشقا ئىشارەت قىلىدۇ. باشقا ۋاڭلار ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي كېتىۋېرىدۇ؛ قۇمۇل ۋاڭى 40 نەپەر ئەمەلدار ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن پوچتىدا ئىتتىك كېلىۋاتقاندا، ھېلىقى مانجۇ كىشىنىڭ يىراقتىن قىلغان ئىشارىتى بىلەن ۋاڭنىڭ پوچتىسى توختايدۇ. ئالدىدا كېلىۋاتقان دىڭ موسىلى① ھەم تەرجىمانى ئوشۇر شابەگ ئۇنىڭدىن نېمە ئىشلىكىنى سورايدۇ. ھېلىقى مانجۇ: مەن خاننىڭ يېقىن ئەمەلدارلىرىدىن ئىدىم، خىزمەتتىن قالدۇرۇلغىنىمغا بىرنەچچە ۋاقىت بولدى. مېنىڭ ئېيتماقچى بولغىنىم شۇكى، خان بۇ قېتىم ۋاڭلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن 49 تامغا تەييارلىدى، بۇنىڭ ئىككىسى ياغاچتىن ياسالغان. ياغاچ تامغىنىڭ بىرىنى خان ئۆزۈمنىڭ دەپ ئاتىدى؛ يەنە بىرىنى قايسى ئەقىللىق ۋاڭ ئالسا، ئۇنىڭ مەرتىۋە - دەرىجىسىنى ئۆزۈمگە باراۋەر قىلىمەن، دەپ جاكارلىدى. سىز شۇ ياغاچ تامغىنى ئالغايسىز، دەيدۇ.

خان 49 تامغىنى سۇ تولدۇرۇلغان قاچىغا سالىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس تامغىلار سۇغا چۆكۈپ، ئىككى ياغاچ تامغا سۇ ئۈستىدە لەيلەپ قالىدۇ؛ باشقا ۋاڭلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس تامغىلارنى ئالىدۇ، قۇمۇل ۋاڭى سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان ياغاچ تامغىنىڭ بىرىنى ئالىدۇ، يەنە بىرىنى خان ئالىدۇ، خان: قۇمۇل ۋاڭ ئەقىللىق ئىكەن، ياغاچ تامغا ھەممە تامغىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىدىن، قۇمۇل ۋاڭنىڭ مەرتىۋىسىمۇ ھەممەيلەندىن ئۈستۈن بولىدۇ دەپ، شا مەخسۇت-

① ۋاڭنىڭ مەپىسىگە يول ئېچىپ ماڭغۇچى.

نى ماختايدۇ ۋە ئۆزىگە يېقىن كۆرۈپ، تەرلىك بۆكى ① بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئۇنىڭ مەرتىۋە - دەرىجىسىنى خان ئۆزىگە باراۋەر ھېسابلايدۇ. شا مەخسۇت: مەن ئەمدى كىمگە قارايمەن، دەپ سورىغاندا، خان: ئۈرۈمچى جاڭجۈنىگە قارايسىز، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى قۇمۇل ئامبىلىغا قاراشلىق بولماي، جاڭجۈنگە قاراشلىق بولىدۇ. 1915 - يىلى شا مەخسۇت يەنە بېيجىڭگە بارىدۇ ۋە يۈەن شىكەي بىلەن كۆرۈشىدۇ، يۈەن شىكەي شا مەخسۇتنىڭ ئەمەلىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ مۇكاپاتلىماقچى بولىدۇ. ئەمما، ئارخىپقا قارىسا، 29 يىل ئىچىدە ئۇ 18 قېتىم ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، يەنە ئۆستۈرۈشكە مەنسەپ قالمايدۇ. شۇ چاغدا يۈەن شىكەي شا مەخسۇتقا 18 ئەمەلنىڭ ئۈستىگە يەنە 18 ئەمەل قوشۇپ بېرىپ، «شۇاڭ چىڭ ۋاڭ (قوش چىڭۋاڭ)» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇنىڭ 36 مەنسىپىگە ئاق كۈمۈش ئايلىق ئالىدىغان قىلىپ، قولىغا مانىدات بەرگەن.

ۋاڭلىق تۈزۈمنىڭ دەرىجە تەرتىپى مۇنداق بولغان: ۋاڭ — قۇمۇل بويىچە ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار، ئۇنىڭدىن قالسا ۋاڭنىڭ ئايالى پۈچۈك خېنىم، ئۇنىڭدىن قالسا گۇڭ بەيزى؛ بۇ ئىككى مەنسەپتىن قالسا چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجىلەرنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولغان.

بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدار (بەگلەر) دەپ قارىلىدىغانلار: 1 - خەزنە كاتىپ، 2 - ئەلەم، 3 - مەلۇمچى (خەۋەرچى)، 4 - قازى، 5 - تۇڭچى (تەرجىمان)، 6 - ئىشىك ئاغا.

ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدار (بەگلەر) دەپ قارىلىدىغانلار: 1 - مۇپتى، 2 - مىر غەزەپ، 3 - كاتىپ، 4 - پاششەپ، 5 - مىراپ، 6 - تۇغبېگى، 7 - ئۇچبېگى، 8 - چەپ بېگى، 9 - كا، 10 - خەزىنىچى، 11 - بازار بېگى، 12 - دورغا.

① ۋاڭلىق باش كىيىمىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان بۆك.



ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدار (بەگلەر) دەپ قارىلىدىغانلار:
1 - مىرزى، 2 - مۇتىسىپ، 3 - بوكۇل، 4 - غونچەچى، 5 - پىيادە پەششەپ، 6 - مىراخور، 7 - مەتەر.

تۆتىنچى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار (بەگلەر) دەپ قارىلىدىغانلار: 1 - ئەقىپ، 2 - تۇغچى، 3 - خەتىپ، 4 - قورمال، 5 - قۇشبېگى، 6 - دەرۋازىۋەن، 7 - بۆرە بېگى، 8 - كىچىك تەرجىمان، 9 - سىدىر، 10 - كاتىۋال، 11 - بوشقى، 12 - يوسول.

قۇمۇل ۋاڭلىرى بولۇپمۇ شا مەخسۇت قۇمۇل خەلقىنى ئەنە شۇنداق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە دەرىجە تەرتىپى بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. بۇ تۈزۈم بويىچە، خىلمۇ خىل خىزمەت دەرىجىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ھوقۇقى ۋە ئىدارە قىلىش دائىرىسى بولغان. بۇنى تۆۋەندىكىدەك قىسقىچە ئىزاھلاش مۇمكىن:

ۋاڭ — قۇمۇلنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ھەممە ئىشلىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىپ ئىدارە قىلغۇچى، مەنچىڭ خانلىقىنىڭ قۇمۇلدىكى بىردىنبىر ھاكىمىيەت ئىگىسى ۋە تايانچىسى.

پۈچۈك — ۋاڭنىڭ ئايالىغا خانلىقتىن بېرىلگەن ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپ. ئۇ، ۋاڭ ئوردىسىدا ۋاڭدىن كېيىنلا تۇرىدىغان ھاكىمىيەت ئىگىسى.

«گۇڭ» — ئادەتتە ۋاڭنىڭ ئورۇنباسارى.

«بەيزى» — ۋاڭنىڭ بالىلىرى ياكى ئاكا - ئۇكىلىرىغا بېرىلىدىغان ئەمەل. مەسىلەن، شا مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەرگە «بەيزى» لىك ئەمەل بېرىلگەن.

تەيجى — يۇرت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا ۋاڭنىڭ مەسلىھەتچىسى ياكى ۋەزىرى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى ئاساسىي قول سېلىپ ئىشلىگۈچى كىشى. تەيجىلىك قىسۇڭەكلەر

ئەۋلادلىرىغا خاس قىلىنغان. ئاددىي خەلق ھەرقانچە ئۇستۇرۇلسىمۇ قازىلىقنىچە بېرىپ توختاپ قالاتتى. قۇمۇلدا ۋاڭلىق تۈزۈمى باشلانغاندىن تارتىپ شا مەخسۇت دەۋرىگىچە ئەمەت تەيجى، مونىر تەيجى، پەتونۇش تەيجى، ئوۋەيىس تەيجى، تاجىدىن تەيجى، نوشىرۋان تەيجى، ھاشىر تەيجى، ئەبەيدۇللا تەيجى، يۇنۇس تەيجى، يۇسۇپ تەيجىدىن ئىبارەت 10 تەيجى ئۆتكەن، بۇلار ۋاڭلارنىڭ قۇمۇل خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا ئاساسىي رول ئوينىغان تايانچىلىرى ئىدى.

ئەلەم — دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى دىنىي باشلىق.

قازى — ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل.

مۇپتى — دەۋا ئىشلىرىغا پەتىۋا بەرگۈچى 2 - دەرىجىلىك دىنىي باشلىق.

خەنزۇ كاتىپ — خانلىق بىلەن ۋە باشقا خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن بولىدىغان ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

مەلۇمچى — خەلق ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى ۋاڭغا ئىنكاس قىلغۇچى، ۋاڭنىڭ بۇيرۇق - پەرمانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ خەلققە يەتكۈزگۈچى ۋاستىچى، مەلۇمچى ئۇستۇرۇلسە، قازى ياكى تەيجىلىككە كۆتۈرۈلەتتى.

تۇڭچى — تەرجىمان.

ئىشىك ئاغا — ئەمەلدارلارنى ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەمەلگە تەيىنلىگۈچى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى كىشى.

مىر غەزەپ — سوت باشلىقى، گۇناھكارلارنى جازالىغۇچى ۋە ۋاڭنىڭ قاماقخانىلىرىنى باشقۇرغۇچى.

كاتىپ — ۋاڭنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋاڭنىڭ كۆچمەس مۈلۈكلىرى يەنى يەر - زېمىنلىرىنى تىزىمغا ئېلىپ، كىرىم - چىقىملىرىنى باشقۇراتتى؛ بەزىلىرى ۋاڭنىڭ چارۋا ھېساباتى دەپتەرلىرىنى تۇتاتتى.



پاششەپ — «كېچىنىڭ پادىشاھىسى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ۋاڭنىڭ ساقچى ئىشلىرى باشلىقى ئىدى. ئۇ، كېچىلىرى ئۆز ئادەملىرى بىلەن كوچىدا گۈزەت قىلىپ، كەچ سائەت 10 دىن كېيىن كوچىدا يۈرگەن ياكى ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىگەن، رۇخسەتسىز كېچىدە توي - مەشرەپ قىلغانلارنى جازالايتتى، ئۇلارغا جەرىمانە قوياتتى ياكى ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالاتتى.

مىراپ — سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە مەسئۇل بولغۇچى.

توغبېگى — ئەسكەرلەرنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شا مەخسۇتنىڭ ئۆيىنى ساقلاپ، كېچىسى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنىڭ نامىزى ئۈچۈن تاھارەت سۈيى تەييارلاپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلغۇچى.

ئۇچبېگى — ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ يەنى رازۋېتچىكلىرىنىڭ باشلىقى.

چەببېگى — ئەسكەرلەرنىڭ سول قانىتىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلارنىڭ باشلىقى. ئۇچبېگى، چەببېگىلەر ئەمەلىيەتتە ۋاڭ بىر يەرگە بارسا، ۋاڭنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە يۈرۈپ مۇھاپىزەت قىلغۇچى.

كا — كېچە - كۈندۈز ۋاڭدىن ئايرىلماي، ۋاڭنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى.

خەزىنىچى — ۋاڭنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالىرىنى ساقلىغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى.

بازار بېگى — سودىگەر - ھۈنەرۋەنلەرنى باشقۇرغۇچى.

دورغا — يېزا، قىشلاق ۋە كەنتلەرنى باشقۇرغۇچى،

مۇھتەسىپ — دىنىي ئىشلارنى تەپتىش قىلغۇچى، كىشىلەرنى نامازغا ھەيدىگۈچى.

بوكول — ۋاڭ تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا ئالدىغا داستى

خان سالغۇچى.

غونچەچى — («غوپچەچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — ۋاڭ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، داستىخاننى يىغىۋالغۇچى.

مىراخور — ۋاڭنىڭ ئاتخانىسىدا ۋاڭنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى، ۋاڭنىڭ يايلاقتا بېقىلىۋاتقان يىلقىلىرىغا مەسئۇل بولغۇچىلار «مىراقول» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەتەر، تەقىپ دېگەنلەر — ئۇششاق - چۈششەك ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى كىشىلەر.

تۇغچى — قەلەمدار، كاتىپ.

خەتىپ — توي - تۆكۈنلەردە دىنىي ئۆرپ - ئادەت بويىچە نىكاھ ئوقۇغۇچى؛ ۋەز ئېيتقۇچى كىشى.

قورمال — دېھقانلارنىڭ ئېكىنزارلىق، زىرائەتلىرىگە ئۆي ھايۋانلىرى ۋە چارۋىلارنىڭ كىرىپ قالماسلىقى، زىيان سالماسلىقىغا نازارەت قىلغۇچى، مەسئۇل بولغۇچى كىشى.

قۇشبېگى — ۋاڭنىڭ ئوۋ قىلىشى ۋە شىكارغا چىقىشى ئۈچۈن مەخسۇس بېقىلغان قۇشلارغا قارايدىغان كىشى.

دەرۋازىۋەن — ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدا كېچە - كۈندۈز گۈزەتتە تۇرۇپ، يامان نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوردىغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى قاراۋۇل؛ ئۇنىڭ قول ئاستىدا سۇ سەپكۈچى، سۈپۈرگۈچى خىزمەتچىلەر بولۇپ، ئۇلارغا تازىلىق قىلدۇراتتى.

بۆرە بېگى — يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىشقا مەسئۇل قىلىنغان كىشى. ئوۋچىلار ئوۋغا چىقماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن رۇخسەت ئېلىشى لازىم.

سىدىر — مەدرىسە، مازار، مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى تەكشۈرۈپ، ھەر يىلى بېرىشكە تېگىشلىك نەرسە - كېرەكلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلغۇچى.



بوشقى، كاتىۋال — ئەڭ تۆۋەن ئەمەل بولۇپ، ئۇششاق ئىشلارغا مەسئۇل بولغۇچىلار.

يوسۇل — جاكارچى ياكى ھاشارغا ھەيدىگۈچى، ئادەم چاقىرغۇچى ۋە چەتلەرگە خەت - ئالاقە توشۇغۇچى كىشى. ئۇ، ئاشۇنداق ئاددىي بىر خىزمەتچى بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام خەلقتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، پۇقرانى قورقۇتاتتى، ئۇراتتى، پارا يەيتتى، خەلق ئەنە شۇ ياساۋۇللاردىنمۇ كۆپ ئازاب - ئوقۇبەت تارتاتتى.

## 3. قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى

قۇمۇل ۋاڭلىرى قۇمۇلدا ۋاڭلىق تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن تارتىپ تاكى بۇ تۈزۈم ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر يەنى 1930 - يىلغىچە، قۇمۇلنىڭ شىمالىدا تەمەنچۇ①، شەرقىدە ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشىيا)، غەربىدە يەنە قۇدۇقچە بولغان ئارىلىقتا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرنىلا ئىدارە قىلاتتى. قۇمۇلنىڭ بازىرى ۋە يېزىلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇ، خۇيزۇلارنى قۇمۇل ئامبىلى ئىدارە قىلاتتى. باركۆلدە ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇلارنى باركۆل ئامبىلى ئىدارە قىلاتتى. باركۆلدە ۋە قۇمۇلنىڭ ئەتراپلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق قازاق خەلقلىرىنى ئۆز قەبىلە باشلىقلىرى ئىدارە قىلاتتى. شۇڭا، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ «جاساق» «دارخان» تۈزۈملىرى پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئىجرا قىلىنغان.

شا مەخسۇت ۋاڭ قۇمۇلنى تۆۋەندىكى بىر قانچە رايونلارغا ئايرىپ ئىدارە قىلغان:

1 - شەھەر ئىچى (خۇيچېڭ) نى بىر دورغا، 2 - را-

① تەمەنچۇ - يەر ئىسمى.

ھەتىباغدىن چارباغقىچە بىر دورغا، 3 - تۆۋەنتۇردىن بوغازغىچە بىر دورغا، 4 - ئاق يەر، قارا سۇ، لەنگەرلەرنى بىر دورغا، 5 - دۆۋەجىننى بىر دورغا، 6 - سۇمقاغا، 7 - ئاستانە، 8 - تۇغۇچى، 9 - لاپچۇق، 10 - قارا دۆۋەلەرنى بىردىن قېزى؛ 11 - تاراتا، 12 - قوراي، 13 - ئېدىر، 14 - باغداش، 15 - تاشار، 16 - خوتۇنتام، 17 - ئارا تۈرۈك، 18 - تۆر كۆل، 19 - نوم، 20 - ئاداق، 21 - نېرىنكىر، 22 - بايلارنى بىردىن دورغا (جەمئىي 17 دورغا، بەش قېزى 22 رايونغا بۆلۈپ) ئىدارە قىلىپ كەلگەن.

شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى بەش دورغا، بەش قېزىلىق رايوندىكى خەلق ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە دورغا تەۋەسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى نوم، باي، ئاداق قاتارلىق جايلار خاس دېھقانچىلىق بىلەن، تۆركۆل، نېرىنكىر قاتارلىق جايلار چارۋىچىلىق بىلەن، ئارا تۈرۈكنىڭ ئۆزى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىدىكى جايلاردا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى، شا مەخسۇتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بۇ جايلاردا ناھايىتى ئاز ساندا خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق مىللەتلىرىمۇ ئولتۇراقلاشقان. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇل ۋاڭى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان.

## 4. شا مەخسۇتنىڭ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىدىكى ئىمتىيازى

شا مەخسۇت «چىڭ ۋاڭ»، ئاندىن «قوش چىڭ ۋاڭ»لىق دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلۈپ، خانلىق ئالدىدا چوڭ ئىززەت - ئابروي قازانغاندىن كېيىن، خەلقنى تېخىمۇ زورلۇق - زوم-



بۇلۇق بىلەن ئېزىشكە باشلىغان. ئۇ، خەلق ئالدىدا زالىملىقى بىلەن تونۇلغان بولسا، ئۆز خوجايىنى ئالدىدا سادىقلىق بىلەن داڭ چىقارغان؛ شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىناۋىتى كۈن ساناپ ئۆسكەن. شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ۋاڭلار بېيجىڭ خانلىقىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولسا، قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇتنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان يول خېتى بولمىسا، بېيجىڭغا يەتكۈچە بولغان سەپەر ئۈستىدە كۆتۈلمەيتتى. شۇنىڭدەك، شا مەخسۇتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۈن ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىدىمۇ ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى، چۈنكى ئۇ، خانلىق بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغاندىن تاشقىرى، ياڭ زېڭشىن جاڭجۈنگىمۇ سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇراتتى.

شا مەخسۇت قۇمۇلدىكى تۆرپاق قوزغىلىڭىنى يۈەن داخۇانىڭ كۈچلۈك ياردىمى بىلەن باستۇردى. ئىلى جاڭجۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ سوقۇش بولغاندا، ياڭ زېڭشىن شا مەخسۇتتىن ئىككى قېتىم ياردەم سورىدى؛ 1 - قېتىم بىر قىسىم قوراللىق ئەسكەر بىلەن نۇرغۇن پۇل ياردەم قىلدى. 2 - قېتىم نۇرغۇن كۈمۈش پۇل ۋە 500 قوراللىق ئەسكەر تەييارلاپ يولغا سالغانىدى. بۇ ئەسكەرلەر ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ تۇغۇچىغا بارغاندا، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا 500 ئەسكەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى كېڭىيىپ، ياڭ زېڭشىن ۋە شا مەخسۇتلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە زور تەھدىت سالدى. شا مەخسۇت تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ كۈچى بىلەن قانلىق تۈردە باستۇردى. ياڭ زېڭشىن شا مەخسۇتنىڭ ساداقەتلىكىنى بىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئۈستۈرۈپ ئۆزىگە مۇئاۋىن جاڭجۈن قىلىشنى يۈەن شىكەيگە مەلۇم قىلغان. شا مەخسۇت خانلىقنىڭ ھەم جاڭجۈننىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق ئىناۋەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، ئىچكى

رىدىن شىجاڭغا چىققان ھەرقانداق ئەمەلدار قانچىلىك
چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شاھ مەخسۇت بىلەن كۆرۈشۈپ،
ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

### 5. شاھ مەخسۇتنىڭ قۇمۇل خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرى

فېئودالىق ۋاڭلىق تۈزۈم شا مەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە، تېخىمۇ چىرىكلەشتى. شا مەخسۇت خەلقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا باشلىدى. قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي تومۇرلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىگىلەپ، شەخسىي خەزىنىسىنى مال - دۇنيا بىلەن تولدۇردى. بىچارە دېھقانلار بۇ دەھشەتلىك زۇلۇم دەستىدىن قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، ۋاڭ ھېچبىر ئويلىماستىن، قۇمۇل خەلقىنى «دارخانلىرىم»، «قۇللۇرۇم» دەپ، قۇمۇل يەرلىرىنى «جاسىقىم»، «مىراسىم» دەپ ھېسابلاپ، زوراۋانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى؛ بۇ تۈزۈمنىڭ كونساپ يوقىلىشقا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، خەلققە غالجىرلارچە زۇلۇم سالدى، خەلقنى تالىدى، ئۇردى، قامىدى، نومغا سۈرگۈن قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. شۇ چاغلاردا قۇمۇلنىڭ ۋە قۇمۇل خەلقىنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىگىلىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىدى. ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سانائەت ساھەسىدىن ھېچنەرسە يوق ئىدى.

1934 - يىللىرى قۇمۇل يەرلىرىنى خوجا تارتقان (مو سالغان) ۋاقىتتا پۈتۈن قۇمۇلنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ 50% چامىسى ① ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بولۇپ قالغان.

① 1934 - يىلى قۇمۇل يەرلىرىنى مولىغاندا، پۈتۈن قۇمۇلنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى 35 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭدىن 15 مىڭ موسى ۋاڭنىڭ يېرى ئىدى.



بەي يەنخۇ پېشىلىقىدىن كېيىن، مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ سوقۇشتا ئۆلگەن ۋە قېچىپ كەتكەن، ئالتە شەھەر تەرەپلىرىدە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ كېيىن ياقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى پالانغانلار، يۇرت ئىچىدە ئۆلۈپ، ئەۋلادى ئۈزۈلگەنلەرنىڭ جەمئىي 1000 مو چە يېرىنى ئوردا مۈلكى قىلماستىن، ئايرىم باشقۇرۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى «گادايى ساكى» غا كىرگۈزۈپ، يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇن، غېرىپ - مۇساپىرلارغا قۇتقۇزۇش ھېسابىدا بېرىش تۈزۈمى ئورناتقان. ئەمما، شا مەخسۇت ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرلەرنى ئوردا يەرلىرىگە قوشۇۋالغان؛ شۇ ئەتراپتىكى ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە كارىزلىرىنىمۇ زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. مەسىلەن: 1890 - يىلى «دۇپۇدوتەي» دېگەن ئادەم ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭگە ماڭغاندا، شا مەخسۇت ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئاستانىگە بارىدۇ. شۇ چاغدا دوك سوپۇر، دوك - دوك مەتنىياز دېگەن ئاكا - ئۇكا ئىككى قېرى كىشىنىڭ ئۆزى ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان بۇلاق شەكلىدىكى بىر كارىزغا كۆزى چۈشۈپ: قۇمۇل يېرى مېنىڭ جاسىقىم ۋە مىراسىم، بۇ قېرى ئىتلار مەندىن بىرۇخسەت كارىز چېپىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كارىز پاشالىق قىلىنىدۇ، دەپ كارىزنى تارتىۋالغان. ئاندىن قارا دۆۋە، لاپچۇق خەلقىگە بۇ كارىزنى مەجبۇرىي كېڭەيتىپ چاپتۇرغان. كارىزنى چېپىش جەريانىدا، خەلق ئاش - نانىنى ئۆزىدىن يەپ، ئۆزىنىڭ كىيىم كېچەكلىرىنى كىيىپ، ھەقسىز ئىشلىگەن. شا مەخسۇت بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئاچكۆزلۈك بىلەن يەنە نۇرغۇن كارىزنى خەلققە ھەقسىز چاپتۇرۇپ زېمىنىنى كۆپەيتكەن. لېكىن، ئاددىي خەلقنىڭ كارىز چېپىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. ئەگەر بەگلەر ياكى ئەمەلدارلار كارىز چاپتۇرماقچى بولسا، ئاۋۋال ۋاڭغا نۇرغۇن

قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپ، ۋاڭنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاستانىنىڭ غەرب تەرىپىدە كارىز چېپىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ئاستانىنىڭ شەرق تەرىپىدە كارىز چېپىشقا ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمىغان، شا مەخسۇت ئۆلۈپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ۋاڭلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1934 - يىللىرىدىن باشلاپ قۇمۇل خەلقى ئىختىيارى كارىز چاپالايدىغان بولغانلىقتىن، كارىزلارنىڭ سانى 500 دىن ئاشقان.

دېھقانلار ھەر خىل ئالۋان - ياساق، ئاشلىق تاپشۇرۇش، قەرزدار بولۇش، توي قىلىش، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىقلار سەۋەبى بىلەن يەرلىرىنى ساتماقچى بولسا، ئۇنى ۋاڭدىن باشقا كىشىنىڭ سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان، بۇ يەرلەر ئاز - تولا ھەق بىلەنلا ۋاڭنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. شۇنىڭدەك، ھەر يىلى ۋاڭنىڭ چارۋا سانىغى ئېلىپ بېرىلغاندا، كەم چىققان چارۋىلارنىڭ تۆلىمى ئۈچۈن، چارۋىچىلار بىرقانچە ئون دادەنلىك يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. بەزى ھاللىق ياكى شۆھرەتپەرەست ئادەملەر ۋاڭغا خۇشامەت قىلىپ، قولىدىكى بىرقانچە مو ياكى بىرقانچە ئون مو يېرىنى ۋاڭغا ھەدىيە قىلغان. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىگە ۋاڭ تەرىپىدىن دورغا، قورمال قاتارلىق مەنسەپلەر بېرىلگەن. ئۇ كىشى مەنسىپىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆزى ھەدىيە قىلغان يەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق يەر ۋە دۇنيانى خەلقتىن يۇلۇپ ئالغان. قۇمۇلنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئېچىلمىغان يەر - زېمىنلىرى، ئوت - چۆپلۈك، ئورمانلىق، يانتاقلىق، تۇزلۇق، شۇلتىلىق، كۆمۈرلۈك ۋە باشقا بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاڭغا تەۋە ئىدى. ئەمەلدارلار بىر قىسىم ئوت - چۆپلۈك، يانتاقلىقلارنى ۋاڭدىن سوراپ ئىگىلەيتتى، ئاددىي خەلقنىڭ بۇ نەرسىلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەگەر



كىمدە - كىم رۇخسەتسىز يانتاق چاپسا، ۋاڭ ۋە بەگلەر تەرىپىدىن جازالىناتتى. ۋاڭنىڭ ئىگىلىكىدىكى يەرلەر شەھەر ئەتراپىدىمۇ ۋە يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ بار بولۇپ، سۇغا يېقىن، تۇپرىقى ياخشى، ئونۇملۇك، 1 - دەرىجىلىك ياخشى يەرلەر ئىدى. بۇ يەرلەرگە ئىگە بولغان ۋاڭ قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى راھەتباغ، تۆۋەنتۇر، ئاقيەر، لەنگەر، دۆۋەجىن قاتارلىق بەش دورغىلىق جايغا بەش دېھقانچىلىق مەيدانى، بەش شەھەردىكى بەش قىزدلىق جاينىڭ ھەربىرىدە بىردىن شۆبە دېھقانچىلىق مەيدانى، پۈتۈن بەش شەھەرنى ئاساس قىلىپ ئاستانىدە بىر چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان ئالتە دورغىلىق جايدا بىردىن ئالتە دېھقانچىلىق مەيدانى، تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئاراتۈرۈك تەۋەسىدە ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى، بوم يېزىسىنىڭ ئۆزىدە تۆت دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرغان. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن كىشىنى مەسئۇل قىلىپ، ئۇنى «دېھقان» دەپ ئاتىغان («ۋاڭنىڭ دېھقان بېشى» دېگەن مەنىدە). بۇ «دېھقان» شۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ۋە ھەربىر دورغا ئۆز تەۋەسىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلغان. بۇ مەيدانلارنىڭ دېھقانچىلىقىنى يەرسىز، نامرات، كەمبەغەل دېھقانلار، تۇل خوتۇن ۋە يېتىم ئوغۇللار قىلىپ بەرگەن. بۇ بىچارىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆزىدىن ئاش - نان يەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاغ - ھارۋا ۋە سايمانلىرى بىلەن ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلىپ، كۈزدە ئاشلىقلارنى ۋاڭنىڭ سېڭىغا ئەكىرىپ بەرگەن. ئۇلارغا ھەق بېرىلمىگەن، بەلكى «ياخشى ئىشلىمىدىڭ» دەپ باستۇرۇپ غولدا - قامچىلار بىلەن خالىغانچە ئۇرغان. بۇ بىچارە دېھقانلار ۋاڭ - بەگلەرنىڭ دېھقانچىلىقىنى تۈگىتىپ،

ئاندىن ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلغان. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە، كۈندۈزى ۋاڭ بەگلەرنىڭ ئالۋان-سېلىقىنى قىلىپ، كېچىسى ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلغان. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بەش ئوغلى بولسا، ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا شۇ ئوغۇللارنىڭ بىرى مەخسۇس ۋاڭنىڭ ئالۋان-سېلىقىغا ئىشلىگەن. ئەگەر ئاتىسى ئۆلسە، بەش ئوغۇلنىڭ ھەممىسى ۋاڭنىڭ ئالۋىڭىنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغان. ئەگەر بۇنىڭغا قارشىلىق قىلغۇچىلار بولۇپ قالسا، «پادىشاھلىقنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغان» دەپ قارىلىپ، غولدا بىلەن يوتىسىغا ئۇرۇپ، «ئىبرەت ئۈچۈن» پۇتلىرى ئۈزۈۋېتىلگەن. غولدا بىلەن ئۇرۇلغان يەر سېسىپ، ئايلاپ-يىللاپ دەرد قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ناكا بولۇپ ساقايسا، بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن. ساقايغانلىرى يەنە زالىم ۋاڭ-بەگلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالمىغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشا)، نوملارغا پالىۋېتىلگەن. پالانغانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇتىغا 40 جىڭدىن 80 جىڭغىچە ئېغىرلىقتىكى كۆتەكلەرنى سۆرىتىپ قويغان، بەزىلىرىنىڭ بوينىغا 50 جىڭ ئېغىرلىقتىكى قوۋۇقنى كىيگۈزۈپ قويغان، بەزىلىرىگە يوغان ياغاچ تۇڭلاردا سۇ كۆتۈرتۈپ، ئوردا ئىچىگە سۇ سەپتۈرۈش جازاسىنى بەرگەن. شۇڭا، ئەمگەكچى خەلق زۇلۇمنىڭ ناھايىتى قاتتىقلىقى ۋە دەھشەتلىكلىكىدىن قورقۇپ، ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ھايات-ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، قان تەرىنى تۆكۈپ ئىشلىگەن. لېكىن، كۈنبويى ئەمگەك قىلسىمۇ، قورسىقى تويغۇدەك ئاش-نانغا، ئۇچىسى ئىلىغۇدەك كىيىم-كېچەككە ئىگە بولالمىغان.

شا مەخسۇتنىڭ نومدىكى تۆت دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 1-سىگە 25 دادەن ئۇرۇق سېلىنغان، بۇنىڭغا نوم خەلقى ئىشلىگەن؛ 2-دېھقانچىلىق مەيدانىغا 17 دادەن



ئۇرۇق سېلىنغان، بۇنىڭغا شوپۇل خەلقى ئىشلىگەن؛ 3-دېھقانچىلىق مەيدانىغا 25 دادەن ئۇرۇق سېلىنغان، بۇنىڭغا قوراي، توشۇ خەلقى ئىشلىگەن؛ 4-دېھقانچىلىق مەيدانىغا 15 دادەن ئۇرۇق سېلىنغان، بۇنىڭغا نېرىنكىر، تۇركۆل خەلقى ئىشلىگەن. نومدا جەمئىي 200 دادەنلىكتىن ئارتۇق (ھازىرقى ھېسابتا 3 مىڭ مو چامىسىدا) يەر بولۇپ، ھەر يىلى ئۇنىڭ نىسپىتى تېرىلغان. 25 دادەن ئۇرۇق سالغان دېھقان كۈزدە 250 دادەن ئاشلىقنى كەم قىلماي تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. نوم تەبىئىي ئاپەت (بوران، قۇرغاقچىلىق ۋە باشقىلار) كۆپ بولىدىغان يەر بولغاچقا، كۆپ يىللاردا ئاشلىق كەم چىقىپ، ئۇ يەرگە ئىشلىگۈچى دېھقانلار تۆلەڭگە قالغان. ھەربىر دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن ئېلىنغان ئاشلىقنى ۋاڭنىڭ مەخسۇس بەگلىرى كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، چىققان ئاشلىقنىڭ سانىنى تىزىملاپ قايتقان. ۋاڭدىن بۇيرۇق كەلگەن ھامان، ئاشلىقنىڭ بىر دانىسىنىمۇ كەم قىلماي، يەنە شۇ دېھقانلار ئۇلاغ-ھارۋىلىرىدا ۋاڭنىڭ خۇسۇسىي سېڭىغا ئاپىرىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان. لېكىن، دېھقانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىگەن. ئۇلار ھەر كۈز پەسلىدە ۋاڭنىڭ ئوت-چۆپلۈكىدە ئوت-چۆپ ئورۇپ، ۋاڭنىڭ چارۋىلىرىغا ئوت-چۆپ تەييارلاپ بەرگەن؛ يانتاقلىقلاردا يانتاق چېپىپ بەرگەن. دېمەك، ۋاڭنىڭ ھەر خىل ئالۋان-سېلىق، سەيسلىرىنىڭ سانى، چېكى بولمىغان. زالىم ۋاڭنىڭ ئەمەلدارلىرى: ۋاڭنىڭ «ئىت سەمرىسە ئىگىسىگە قاۋايدۇ، قۇل سەمرىسە ئىگىسىگە ياندۇ» دېگەن تەمسىل بار، مېنىڭ قۇللۇرۇمنىڭ بىر نېنى ئىككى بولسىلا، ماڭا ياندۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى يەلكىسىدىن دەسسەپ تۇرۇپ ئىشلىتىپ، بىر نېنىنى ھەرگىز ئىككى قىلدۇرماسلىق كېرەك، دېگەن

**ئەكسىيەتچى سەپسەتىسىنى داۋام تەكرارلاپ، خەلقنى يۈزىدىن يۈزىگە ھاقارەتلىگەن.**

## 6. شامەخسۇت دەۋرىدىكى سۇ ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى

شۇ چاغدىكى ۋاقىتتا قۇمۇل تەۋەسىدە چوڭراق ھېسابلانغان 66 ئېرىق — ئۆستەڭ بولۇپ، كارىز — بۇلاقلارنى ھېساب قىلمىغاندا، قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىقى مۇشۇ 66 ئېرىق — ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن تەمىنلىنەتتى. سۇ ئىشلىرىنى ۋاڭلىقتىن بەلگىلەنگەن ئىككى كىشى باشقۇراتتى، ئۇلار «مىراپ — بېگىم» دەپ ئاتىلاتتى. ھەر يىلى 4 — ئاي كىرىشى بىلەن ئېرىق — ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش، بۇلاق چېپىش باشلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋاڭنىڭ بېغىدا ئىشلەشكە قاۋۇل 40 ئەمگەكچى، ئىككى تەيجىنىڭ ئىگىلىكىگە ئىشلەشكە 15 تىن 30 قاۋۇل ئەمگەكچى، ئىككى مىراپنىڭ ئىگىلىكىگە ئىشلەشكە 5 تىن 10 ئەمگەكچى، شۇ تەرتىپ بويىچە ئوردىدىكى باشقا چوڭ — كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي ئىگىلىكىگە ئىشلەشكە مەلۇم ساندا ئەمگەكچىلەر ئاجرىتىلىپ، ئۇلار ھەقسىز ئىشلەيتتى. چېپىلىدىغان ئېرىق — ئۆستەڭگە بولسا، ئاجىز، قېرى، ئاقساق — چولاق ۋە بالىلار ئىشلەيتتى، مىراپلار بەگ ئالاھىدە تىكىلگەن چېدىردا خەلق تەييارلىغان لەززەتلىك تائاملارنى يەپ، مەدداھ ۋە قىزىقچىلارنىڭ ھېكايە ۋە لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ ھۇزۇر — قىلاتتى. ھەربىر ئېرىقتا ئىككىدىن كىشى مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى «كۆكبېشى» دەپ ئاتايتتى. كۆكبېشىلار ئېرىق چېپىۋاتقان دېھقانلارغا قوپال گەپلەر بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇراتتى، مىراپ بەگ ھېكايە ئاڭلىغاچ، ئىشلەۋاتقانلار تەرەپكە قاراپ: «ئاۋۇ قارا تۇرغان قارا چاپاننى ئېلىپ



كېلىڭلار!» دېيىشى بىلەن تەڭ، ئۇ بىچارىنىڭ پۇت — قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي مىراپ بېگىمنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلاتتى. ئۇنى «ئىشلىمىدىڭ!» دەپ ئەيىبلەپ، باستۇرۇپ غولدا بىلەن 10 — 20 نى ئۇرغۇزاتتى. مىراپ بەگنىڭ ھەربىر ئېرىقنى چاپتۇرۇش ئىش ھەققى ئۈچۈن، ئون كۈنلۈك تاماق پۇلى، ئون كۈنلۈك ئات بوغۇزى پۇلى، ئۇنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كىگىزنىڭ پۇلى، كۆكبېشىلەرگە كېيىش (ئاياغ) پۇلى قاتارلىقلارنى شۇ چېپىلغان ئېرىقتا قاراشلىق يېرى بار نامرات دېھقانلاردىن مەجبۇرىي يىغىپ ئالاتتى. 1 — ئېرىق ئون كۈن ئاندا — ساندا رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، مىراپ بەگ 2 — ئېرىقنى چاپقۇزۇشقا يۆتكىلەتتى، 6 — ئايدا ئۈچ كۈن بۇلاق چېپىلاتتى. بۇنىڭغىمۇ يۇقىرىقى تەرتىپ قوللىنىلاتتى. ئېرىق — بۇلاقلار رېمونت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۆكبېشىلار ئۆز تەۋەسىدىكى ئېرىقتا ئاۋۋال ۋاڭنىڭ زىرائەتلىرىنى، ئاندىن باشقا ئەمەلدار — بەگلەرنىڭ زىرائەتلىرىنى تەرتىپ بويىچە قاندۇرۇپ سۇغىرىشقا مەسئۇل بولاتتى. ئاۋام خەلق ئۆز زىرائەتلىرىنى نۆۋىتى كەلگەندە سۇغىراتتى، نۆۋىتىدىن كېيىن قالسا سۇ بېرىلمەيتتى، سۇنى ئىسراپ قىلسا جازالىناتتى. مىراپنىڭ بۇيرۇقىدا: «چۆمۈلە تۆشۈكىدىن سۇ ئېقىپ كەتسە 10 سەر كۈمۈش، چاشقان تۆشۈكىدىن سۇ ئېقىپ كەتسە 20 سەر كۈمۈش جەرىمانە قويۇلىدۇ» دېيىلگەن. لېكىن، ۋاڭ — بەگلەر سۇنى قانچىلىك ئىسراپ قىلسىمۇ، بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ ئېغىز ئېچىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئەگەر چۆمۈلە ياكى چاشقان تۆشۈكىدىن سۇ ئېقىپ كەتسە، خەلقنى زار قاقشىتىپ ئالغان پۇلنى مىراپ بەگ بىلەن كۆكبېشى ئېلىشىۋالاتتى. بۇغدايلار ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇ ئېغىز سۇغىرىش، قوغۇن سۇغىرىشقا قارىتىلاتتى، بۇ چاغدا ۋاڭنىڭ ئەمرى ۋە مىراپنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئاممىنىڭ سۈيىنى سېتىش باشلىناتتى، توخ-

تام بويىچە، بىر دادەنلىڭ يەر سۇغارسا، ئۈچ كۈرە بۇغداي ھەق ئېلىناتتى. توختام قىلىنغان سۇ ھەققىنى بېرەلمىگەن نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ قوغۇنلىرى قۇرۇشقا باشلايتتى؛ ئۇلارنىڭ يەرلىرى سۇغىرىلماي، ئېكىنزلىرى ئاغدۇرۇقسىز قېلىپ، كېلەر يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتىغا تەسىر يېتەتتى. شۇڭا، سۇ ھەققى قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ، يەرنى سۇغارماي بولمايتتى. كۈز پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، كۆكبېشىلار ئاۋۋال دېھقانلارغا سېتىلغان سۇنىڭ ھەققىنى يىغىپ، ۋاڭنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇراتتى، ئاندىن ھەربىر ئېرىقنىڭ سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلغانلاردىن ئائىلە بېشىغا ميراپ ھەققى ئۈچۈن ئىككى كۈرە بۇغداي، كۆكبېشى ھەققى ئۈچۈن بىر كۈرە بۇغداي ئالاتتى. ھەر يىللى ئەتىيازدا بۇغدايلار پىشىدىن باش چىقارغان ھامان «لەڭچى بەگ» لەر زىرائەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باھالايتتى. زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ، 1 – دىن 4 – دەرىجىگە ئايرىپ، تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىقنى «سەيىسى – لەڭ» نامى بىلەن خەلققە ئېلان قىلاتتى، بەگ – غوجاملارنىڭ زىرائەتلىرى ياخشى ئوخشىغان بولسىمۇ ئۇنى 3 –، 4 – دەرىجىگە باھالاپ، ئاشلىقنى ئاز چاچاتتى، ئۇلار ئەمەلدار – بەگلەرگە خۇشامەت قىلىپ، ھاللىق ئادەملەردىن نۇرغۇن پارە يەپ، ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى تۆۋەن باھالاپ، ئاشلىق (لياڭ) نى يېنىك چاچاتتى. تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، نامرات دېھقانلار تاپقىنىنى «لەڭچى بەگ» لەرگە تەقدىم قىلىپ يالۋۇرسىمۇ، كەمبەغەلنىڭ بەرگەن نەرسىسى يوغىناپ كەتكەن كارنىينى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. يوقسۇللارنىڭ ئوخشىمىغان ناچار زىرائەتلىرى لەڭچى بەگلەرنىڭ كۆز يۇمۇشى بىلەن 2 – دەرىجىلىك قىلىپ باھالىنىپ، ئېلىنىدىغان ئاشلىق ئېغىر چېچىلاتتى. نامرات دېھقانلار ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ تاپقان ئاشلىقلىرىنىڭ ئالدىنى ميراپ-



كۆكبېشىلارنىڭ ھەققىگە ۋە ۋاڭنىڭ سېڭىغا قوياتتى، يەنى بەگ – غوجام ۋە سودىگەرلەرنىڭ يەرلىرى ئۈچۈن ئېغىر ئىجارە تۆلەيتتى. مۆتىسىپ ھەققى ئۈچۈن بەش شىڭ، قورمال ھەققى ئۈچۈن 3 شىڭ، دورغا ھەققى ئۈچۈن بىر كۈرە، ئونبېشى ھەققى ئۈچۈن بىر شىڭ ھەق تۆلەيتتى. بۇ ھېسابسىز سېلىقلار دەستىدىن، دېھقانلارنىڭ يىل بويى ئىشلەپ تاپقان ئەمگەك مېۋىسى سېلىق تۆلەشكە يېتىشمەي قالاتتى. تۆلىيەلمىگەن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاچ – يالىڭاچ قالغىنىغا قارىماي، ئۆي – ۋاقىي ۋە يەر – زېمىنلىرىنى ۋاڭغا سېتىپ، سېلىق تۆلەيتتى. بۇنىمۇ قىلالمىغانلار زېمىنستان قىشتا ۋاڭنىڭ زەي – سېسىق زىندانلىرىغا تاشلىنىپ، ئازاب چېكەتتى ياكى ئۇرۇلاتتى. ئەتىيازلىقى دېھقانچىلىق باشلىنىش بىلەن تەڭ، ھېلىقى قامالغان بۇ بىچارىلەرنىڭ يىللىقىنى بەگ – غوجاملار سېتىۋالاتتى – دە، ئۇلارنىڭ سېلىق، قەرزلىرىگە ھېسابلاپ يىل بويى قۇل قىلىپ ئېغىر ئەمگەكلەردە ئىشلىتەتتى. بۇ سېتىلغانلار يىل بويى ئىشلىسىمۇ، قۇتۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بەگ – غوجاملارغا بوغۇلغان قەرزى ئېغىرلىشىپ، ئۆمۈر بويى قۇلغا ئايلىنىپ كېتەتتى. مۇنداق زۇلۇمنىڭ دەستىدە بەزىلەر ئېزىز جانلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى، بەزىلەر سەرگەردان بولۇپ، ئەل – يۇرتىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتەتتى.

قومۇل دېھقانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىلا ميراس يەر بار ئىدى، كۆپ ساندىكى دېھقانلار يەرسىز كەمبەغەللەر بولۇپ، يەر ئىگىلىرى، بەگ – غوجاملار، تەيجى، قېزى، ئۆلىما، ئاخۇن، دورغا ۋە جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ يەرلىرىنى مەھسۇلاتىنىڭ 30 — 40 پىرسەنتىنى ئىجارە ھەققىگە بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى ياكى ئورتاقچىلىق قىلاتتى، كۆزلىگى ئەنە شۇ ئېغىر ئىجارىنى كەم قىلماي

تۆلگەنىنىڭ سىرتىدا، چىققان ئاشلىقنىڭ 30% ىنى سەيسىگە بېرەتتى. بۇ سەيسىگە ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن كۆمۈش ئاقچىنىڭ 50% ى بەگ - دورغىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىپ، قالغان 50% ى دېھقانلارنىڭ قولىغا تېگىشكە ھەقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن يەنە قاندۇقتۇر «تۇز بېجى»، «جىڭ بېجى»، «قان بېجى»، «كورە بېجى» قاتارلىقلار تۇتۇپ قېلىنىپ، دېھقانلارغا ناھايىتى ئاز قىسمىلا تېگەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، دېھقانلارنى ھەر يىلى، يەنە باش ئۇن، ئارا ئۇن، ئاياغ ئۇن دەپ ئۈچ خىل ئۇن سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى، ھەر يىلى باش ئۇندىن بىر يېرىم دادەن، ئارا ئۇندىن بىر دادەن، ئاياغ ئۇندىن بەش كورە گۈكمەي① ئالاتتى، دېھقاننىڭ يىل بويى تاپقان مەھسۇلاتىنىڭ 50% ى گۈكمەي، سەيمەي② لەڭلىرىگە كېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي قائىدە بويىچە ھوسۇلنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمى ئۆشرە - زاكاتقا بېرىلەتتى. دېمەك، دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىكى سېلىق تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئەمگەك قىلىپ تاپقان ئاشلىقى ئۆزىگە قالماي، قورسىقى ئاچ، ئۈچىسى يالىڭاچ قالاتتى. قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ 50 — 60% ى ئەتىيازلىقى ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى؛ ئۇنىڭ بىر قىسمى جازانىخورلاردىن ئۆسۈمگە ئاشلىق ئېلىپ، دەردىنى ئىككىنچى يىلى تارتاتتى.

### 7. شامەخسۇت دەۋرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە شامەخسۇتنىڭ «تۆمۈر» چارۋىچىلىرى

قۇمۇل خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن، ئاز قىسمى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن، يەنە ناھا-

① گۈكمەي — يەر بېجى ھېسابىدا پۇلسىز ئېلىنىدىغان ئاشلىق.
② سەيمەي — ھۆكۈمەت باھاسىدا پۇل بېرىپ ئېلىنىدىغان ئاشلىق.



يىتى ئاز بىر قىسمى مەخسۇس چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. چارۋىچىلارمۇ دېھقانلارغا ئوخشاشلا ۋاڭنىڭ زۇلمىنى تارتقان. قۇمۇلنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئىگىلەپ، سۈيىنى سۈمۈرۈپ تويمىغان، دېھقانلارنى قۇل قىلىپ باغرى قانمىغان زالىم شامەخسۇت چارۋىچىلارنىمۇ «قۇلۇم» دەپ جاكارلاپ، تۇمەنلىگەن چارۋىلىرىنى «تۆمۈر چارۋا» ھېسابىدا چارۋىچىلارغا مەجبۇرىي باقتۇرغان. بىچارە چاۋىچىلار بۇ مەجبۇرىيەت ئاستىدا، ۋاڭنىڭ «تۆمۈر چارۋا» سىنى بېقىپ، بىر تىيىن ھەق كۆرمەي، ئارپا نېنىغا زار بولغان؛ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىمنى قىشلىقى يۇڭىنى ئىچىگە قىلىپ، يازلىقى يۇڭىنى تېشىغا قىلىپ كىيگەن، پۇتىغا كالا ياكى ئات تېرىسىدىن چورۇق كىيگەن.

شامەخسۇت ۋاڭلىق تەختىگە چىقىپ 43 - يىلغا كەلگەندە، ئۆزىگە خاس 40 تۈمەن تۇياق قوي - ئۆچكە، 15 مىڭ ئات، 20 مىڭ كالا، كىراكەشلىك ۋە سودىگەرچىلىككە قاتنايدىغان، 6 مىڭ تۆگە ھەم يايلاقتا ئايرىم بېقىلىدىغان 2 مىڭ تۆگە جەمئىي 8 مىڭ تۆگىگە ئىگە بولغان. بۇ چارۋىلار ئېدىر، باغداش، خوتۇنتام، شوپۇل، قوراي، تومۇرتى، تاشار، نەرناسى، تۆرۈك، غوجۇرتى، تاراتا، نېرىنكىر، تۇركۆل، ئارا تۇرۇك قاتارلىق جايلاردا بېقىلاتتى. بۇ جايلاردىكى يايلاقنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋاڭغا، قالغىنى ئەمەلدار - بەگلەر ۋە باي غوجاملارغا تەۋە بولغان. ئەمگەكچى چارۋىچىلارنىڭ يايلىقى بولمىغان. ۋاڭنىڭ «تۆمۈر چارۋا» لىرى قوي 300 دىن 500 گىچە، چوڭ چارۋا 100 دىن قوتانلارغا ئايرىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇلغان. «تۆمۈر چارۋا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى 1919 - يىلى ۋاڭنىڭ چارۋا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل يۇسۇپ تەيجى باغداشتا خەلققە مۇنداق جاكارلىغان: «سۇلايمان پەيغەمبەرگە دۇنيادىكى بارلىق ئىنسان - مەخلۇقات، جىن -

دۇە، پىرلەر ۋە ھەممە جانلىقلار ئىتائەت قىلغان. بۆرىلەر-
نىڭ قارنى ئاچسا، ئالدىغا قوي ئۇچرىسىمۇ سۇلايمان پەيغەم-
بەرنىڭ رۇخسىتىسىز يېمىگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ھەممە پەيغەمبەرلەردىن
ئالىي، بىزنىڭ شا مەخسۇت چىلىك ۋاڭ غوجام مۇھەممەد
پەيغەمبەر ئەۋلادى بولغىنى ئۈچۈن، سۇلايمان پەيغەمبەردىنمۇ
ئۈستۈن تۇرىدۇ، تاغ، چارۋا، يىرتقۇچ ھايۋان، دەل - دەرەخ،
ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسى غوجامنىڭ ئەمرىدە بولىدۇ.
شۇڭا، ۋاڭ غوجامنىڭ «تۆمۈر چارۋىچىلىرى» ئۆلمەيدۇ، يىتمەيدۇ،
تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر كىمكى «تۆمۈر چارۋا»
نى چىقىمغا ئۇچراتسا شەرتسىز تۆلەيدۇ». مۇشۇ «قائىدە»
بويىچە، ئەگەر بىر چارۋىچىغا ۋاڭنىڭ 500 تۇياق قويى
بېقىشقا تاپشۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ 300 تۇيىقى ساغلىق
ھېسابلىنىپ، يىللىق «ساناق» تا ئەسلىدىكى 500 تۇياق
چوڭ قوي تولۇق تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن تاشقىرى، 300
تۇياق ساغلىقنىڭ 300 تۇياق پاقلىنىمۇ تولۇق تاپشۇرۇ-
ۋېلىنغان. باشقا تۈردىكى چارۋىلارنىڭ «سانىقى» مۇشۇ ھېساب
بويىچە ھېسابلانغان. دېمەك، بىر يىل ئىچىدە
چارۋىلارنىڭ ھېچقانداق چىقىمغا ئۇچرىماسلىقى، تۆللەرنىڭ
100% ئەي بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولسىمۇ،
ۋاڭ ئوردىسى چارۋىلارنىڭ يىقىلىپ ئۆلگىنى، بۆرە يەپ
كەتكىنى ياكى ئەي بولالماي قالغىنىنى ھېسابقا ئالماي،
چارۋا باققۇچىدىن تولۇق تۆلىتىپ ئالغان. ئەگەر چارۋىچىلار
ئىسپات ئۈچۈن تامغا بېسىلغان تېرىلەرنى كۆرسەتسە ھېسابقا
ئالمىغان ياكى ساناقچى بەگ شۇ تېرىنىڭ قىممىتىدىن ئار-
تۇق پارە ئېلىپ، ئاندىن ھېسابقا ئالغان.

قويلارنىڭ يۇڭىغا كەلگەندە، قوشقارغا ئىككى جىڭدىن،
ساغلىققا بىر جىڭدىن، پاقلانغا يېرىم جىڭدىن يۇڭ ھې-



ساباپ ئالغان (ئۆلگەن، يىتكەن قويلارنىڭ يۇڭلىرىمۇ شۇ
ئۆلچەم بويىچە ھېسابلانغان). چارۋا باققۇچىلارغا ۋاڭ ئوردى-
سىدىن ھېچنېمە بېرىلمىگەن، ئۇلار ئاش - نانىنى ئۆز يېنى-
دىن يەپ، ئۆز يېنىدىن كىيىم كىيىپ، ۋاڭدىن بىر تىيىن
ھەق ئالمىغان. پەقەت يىللىقچىلارغا ۋاڭ ئوردىسىدىن يىلىغا
ئىككى دادەن ئارپا، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر قۇر كىيىم،
بىر جۈپ چۇرۇق بېرىلگەن.

ھەر يىلى يازدا ۋاڭنىڭ زالىم يۇسۇپ تەيجى باشچىلى-
قىدىكى 40 كىشىلىك ساناقچىلىرى ھەيۋەت بىلەن تاغلارغا
چىقىپ، ھەر بىر قورۇ قوي، يىلقا، كالا، تۆگىلەرنى ئالا
قويماستىن ساناپ، ۋاڭنىڭ «تۆمۈر چارۋا» لىرىنى كېمەينى
مەجبۇرىي تۆلىتىۋالغان؛ تۆلىيەلمىگەنلەرنى ئۈچ قىرلىق غۇلا-
دىلار بىلەن ئۇرغان. ساناقچى بەگلەر ھەربىر يۇرتقا بارغاندا،
شۇ يۇرت تەۋەسىدىكىلەر ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋال-
غان ۋە مال سويۇپ، سۈت - قايماق، سېرىقماي، قاتلىما
نانلار بىلەن باققان. ھەر بىر قورۇ قوي سانالغاندا، ئۇنىڭ-
دىن بىر قوي «شىلەن» دەپ ئاللاپ تۇتۇپ قېلىنىپ،
چارۋىچىنىڭ ھېسابىدىن چىقىم قىلىنغان. ئەگەر بىر كۈندە
15 قورۇ قوي ساناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن،
تاللىۋېلىنغان 15 قوي ساناقچىلارنىڭ ھەققى قىلىنىپ، بىر
يىللىق ساناقتا توپلانغان «شىلەن» لەرنى ساناقچى بەگلەر
دەرىجىلىرىگە قاراپ بۆلۈشۈۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر بىر
قورۇ قوينىڭ ئىچىدىن ساناقچى بەگ ياخشى كۆرگەن تۆت بەش
قوينى ئۆزى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ سانىنى «ۋاڭغا چارۋىچى
جاۋاب قىلىدۇ» دەپ يېزىپ قويۇپ، كېلەر يىلى چارۋىچىدىن
تۆلىتىپ قېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن، ساناققا قاتناشقان ئوردا
خادىملىرى چوڭىدىن كىچىكىگىچە ئۈچىنچى يىلىلا بىر
قورۇدىن قويغا ئىگە بولۇپ قالغان. ساناقچى بەگلەر بىر

ساناق ئورنىدىن 2 - بىر ساناق ئورنىغا يۆتكىلىش ۋاقتىدا، تەيجى بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ھەر بىر قويچىدىن 40 پارچىدىن قاتۇرۇلغان قايماق، 20 پارچىدىن پىشلاق، بەش جىڭدىن ئىرىمچىك، ھەر بىر يىلقىچىدىن 10 تورسۇقتىن قىمىز، ھەربىر پادىچىدىن 10 جىڭدىن سېرىقماي، 2 دانىدىن تاسما قاتارلىق نەرسىلەر «ۋاڭغا ھەدىيە» دېگەن نام بىلەن مەجبۇرىي يىغىۋېلىنغان. چارۋىچىلار ۋاڭنىڭ قويلىرىنىلا بېقىش بىلەن قالماي، تەيجى، قىزى، بەگ - دورغىلارنىڭ قويلىرىنىمۇ بېقىشقا مەجبۇرىي قىلىنغان. چارۋىچىلارنىڭ يارامлىق، قاۋۇل ئەمگەكچىلىرى بىر تەرەپتىن ۋاڭ - بەگلەرنىڭ چارۋىسىنى باقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان.

يەنە ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ھەر يىلى ھەر بىر چارۋىچىلىق كەنتىنىڭ 50 جۈپ بۇغا مۈڭگۈزى، 25 تۈلكە تېرىسى، 15 بۆرە تېرىسى، 15 سۇ لەيسۇن تېرىسى، 15 سۆسەر تېرىسى، 15 يىلپىز تېرىسى، ئىككى دانە ئېيىق تېرىسى، بىر دانە يولۋاس تېرىسى، 200 جىڭ موگۇ، بەش جىڭ مۇميا، بەش جىڭ تېكە مايىقى تاپشۇرۇشى ئالۋان قىلىنغان. ئەگەر قايسى بىر كەنت تولۇق تاپشۇرالمىسا، دورغىلار خەلقتىن زورلۇق بىلەن پۇل يىغىپ، كەم نەرسىلەرنى قازاق ئاھالىسىدىن سېتىۋېلىپ سانىنى توشقۇزۇپ، ۋاڭغا مەلۇم قىلغان.

1918 - يىلى مەخسۇت ۋاڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، 30 مەرگەننى 30 مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئېدىر تاغلىرىدا بۇغا ئېتىشقا ئاتلاندۇرغان. ئېدىرلىقتا 40 ياشلار چامىسىدىكى شەرۇللا مىرا قول بېقىۋاتقان ۋاڭنىڭ 300 ئېتى مىلتىق ئاۋازىدىن ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. شەرۇللا يىلقىلارنى مىڭبىر مۇشەققەتتە يىغىپ سانىسا 30 ئات كەم چىققان ۋە



ئۇلارنى بىر نەچچە ئاي ئىزدەپمۇ تاپالمىغان. شەرۇللانىڭ 30 ئاتنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيتتى. 1919 - يىلىق ساناق مەزگىلىدە، يۇسۇپ تەيجى ئادەملىرى بىلەن ئېدىر تېغىغا قاراپ ئاتلانغان. شەرۇللا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن ۋە تۆلەك تۆلەش ۋەھىمىسى شەرۇللانى ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. يۇسۇپ تەيجى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ: «شەرۇللا پادىشاھلىقنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلىپ ئۆلۈپتۇ، مۇنداق ئۆلۈم ئىمانسىزلىق بولۇپ، دوزاققا كىرىشكە لايىق. بىزگە پادىشاھلىقنىڭ ئامانىتى مۇھىم. شەرۇللا قۇمۇل ئادىمى، قۇمۇل خەلقىنىڭ ھەممىسى پادىشاھىمىزنىڭ قۇلى، شەرۇللانىڭ بالىلىرىمۇ پادىشاھقا قۇل، ئۇنىڭ كارغا كەلگەن بالىلىرىغا ۋاڭنىڭ قويى باقتۇرۇلسۇن، ئۆيىدىكى مال - مۈلۈكلەر پادىشاھلىق قىلىنسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئاندىن شەرۇللانىڭ ئۈچ ئېتى، 30 نەچچە قويى ۋە ئۆيىدىكى ئۈچ پارچە كىگىز، قازان، قاچا - قۇمۇچلىرىنى تارتىۋېلىپ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى زار قاقشاتقان. بۇ ۋەقەدىن پۈتۈن ئېدىر خەلقى غەزەپكە كېلىپ، شەرۇللاغا ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان. بۇ زورلۇق - زومىگەرلىككە خەلق ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتەلمىسىمۇ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن نارازىلىق بىلدۈرگەن. جۈملىدىن ئېدىرلىق نىياز باقى مۇنداق بىر شېئىر يېزىپ، يۇسۇپ تەيجى چۈشكەن ئۆينىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويغان:

بۇ دۇنيادا ئاجىزلارغا كىمكى قىلسا زورى - جازۇ،
قىيامەتتە چوقۇم تارتۇر ئۇنى ئادىل تارازۇ.

يۇسۇپ تەيجى بۇ شېئىرنى كۆرۈپ چىچاڭشىپ كەتكەن ۋە قاتتىق تەپتىش قىلغان. ئۇ، بۇنى نىياز باقى چاپلىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، ئېدىر خەلقىنى يىغىپ، نىياز باقى بوۋاينى 40 غولدا ئۇرغۇزۇپ، نومغا ئۈچ يىللىق

پالىغان. شۇنىڭدەك، مەلۇم بىر يىلى باغداشلىق ئۈچ پالۋانغا ۋاڭغا ئېيىق ئېتىپ بېرىشنى بۇيرۇغان. بۇ پالۋانلار ئېگىز گىلاڭدا ئۈچ ئېيىقنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئاتقان، ئوق بىرىگە تېگىپ، ئوق تەگمىگەن ئىككىسى پالۋانلارغا ئېتىلغان؛ ۋە ئۈچ پالۋاننى تالاپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن تېپىلغان. بۇ ۋەقە دورغىغا مەلۇم قىلىنغاندا، دورغا پاجىئەلىك هالدا ئۆلگەن ئۈچ پالۋانغا هېسداشلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى «پادىشاھىمىزغا ئېيىق ئەۋزەل» دەپ، ئۆلگەن ئېيىقنى ۋاڭغا تەقدىم قىلغان ۋە ئەھۋالنى ئېيتقان. ۋاڭ: ئۈچ پالۋان مىنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇپ ئۆلۈپتۇ، مەن بولسام خۇداغا يېقىن پادىشاھ، بۇلارنىڭ روھى بېھىشتا لايىق، خوتۇن - باللىرى يامان كۈنگە قالماس، ئېيىقنىڭ خانلىق ئۈچۈن قولۇمغا كەلگىنى ئەۋزەل» دەپلا كۇپايىلەنگەن. ئۆلگەن ئۈچ پالۋاننىڭ ئائىلە تەۋەسىگە هېچقانداق نەپىقە ياكى قۇتقۇزۇش بەرمىگەن. ئەكسىچە، بۇغا مۈڭگۈزى، ئېيىق پېيى ۋە ئېيىق مايلىرىدىن تېۋىپلەرگە دورا ياساتتىپ، ئۇنى قىممەت باهادا سېتىپ پايدا ئالغان، خۇشامەت ئۈچۈن خانغا ۋە جاڭجۇنلەرگە هەدىيە قىلغان. بۇنداق زورلۇقتىن نارازى بولغانلارغا يۈسۈپ تەيجى: «سەنلەر ساناقچى بەگلەرنى مېهمان قىلدۇق، ۋاڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى هەدىيە قىلدۇق، تۆلەك تۆلىدۇق، دېهقانچىلىققا ئىشلىدۇق، هەر خىل ئالۋان سېلىقلارنى تۆلەپ كەمبەغەللەشتۇق. بەزىلەر ئۆلدى، بەزىلەر جازالاندى ياكى پالاندى، دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ، پادىشاھىمىزغا ھاقارەت قىلىشىپسەن. ئويلاپ بېقىش! پۇل كىمنىڭ؟ چارۋا، يەر - زېمىن كىمنىڭ؟ سەنلەر پادىشاھىمىزنىڭ چارۋىسىنى بېقىپ، سۈت - قايماق، مايلىرى بىلەن جان بېقىشىۋاتىسەن. پادىشاھىمىزنىڭ چارۋىسى بولمىسا، سەنلەرگە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك



نەدىن كېلەتتى؟ چىنىڭ ۋاڭ غوجامنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۇلۇغ خانلىققا خىزمەت كۆرسەتكەن، خانلىقتىن سەنلەرنى پادىشاھىمىزغا دارخان (قۇل)، يەر - زېمىنلارنى جاساق (مۈلكى مىراس) قىلىپ بەرگەن. شۇڭا، هەممە نەرسە پادىشاھىمىزغا مەنسۇپ، قاچانكى پادىشاھىمىز سەنلەرنى «ئازاد» قىلىپ يارلىق چىقىرىدىكەن، ئەنە شۇ چاغدا ئولتۇرغان ئۆي، زېمىن ۋە چارۋىلار ئۆزۈڭلارنىڭ بولىدۇ. بۇ، شا مەخسۇتىنىڭ قۇمۇل ئەمگەكچى خەلقىگە سالغان دەھشەتلىك زۇلمىنىڭ «نەزەرىيىۋى ئاساسى» ئىدى.

## 8. قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى قول هۈنەرۋەنچىلىك

قۇمۇلدا قول هۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق سەنئىتى XIV ئەسىردىن باشلاپلا ئۆز دەۋرىگە لايىق تەرەققىي قىلغان. بىر نەچچە ئەۋلاد ۋاڭ ئوردىلىرى، ئىستىراھەت باغلىرى، شىپاڭلىرى، كونىشەھەر ئىچى، جۈمە مەسچىتى، ئالتۇنلۇقتىكى هېيتگاھ، ۋاڭلارنىڭ قەبرە - گۈمبەزلىرى، كېيىنكى دەۋرلەردە سېلىنغان مازار ۋە مەسچىت - مەدرىسلەرنىڭ تامچىلىق، ياغاچچىلىق ۋە نەققاشچىلىقلىرىغا ئىشلىتىلگەن هۈنەرلەر كىشىنى قايىل قىلىدۇ. قۇمۇلدا 1400 - يىللاردىلا نەپىس زەرگەرچىلىك هۈنىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقى، قۇمۇلغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى بۇددا مەدەنىيىتى خارابىلىقى، بۇت، قورچاق، هەيكەلچىلىك هەققىدە خاتىرىلەر بار. خەلق ئارىسىدىكى تۆمۈرچىلىك، موزدوزچىلىق، سەيپۇڭلۇق، كۆنچى ۋە كىگىزچىلىك هۈنەرلىرىمۇ ئۆز دەۋرىگە يارىشا تەرەققىي قىلغان. بۇ قول سانائەت ۋە هۈنەرۋەنچىلىك نەمۇنىلىرىدا قويۇق مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سەرخىل

ئۇسخىلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن. لېكىن شا مەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ قول سانائەت ھۈنەرلىرى ئىلگىرىلەش ۋە راۋاجلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بوغۇپ قويۇلغان. چۈنكى، قۇمۇل قول سانائەتچىلىرى ئۆز يېنىدىن ئاش - نان يەپ، بىر تىيىن ھەق ئالماي، يىل بويى ۋاڭنىڭ ئۆي ئىمارەتلىرى، گۈمبەزلىرى، باغ - بوستانلىرىنى ياسىغان، بەگ سىپارلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى قىلغان بولسىمۇ، بەگ - غوجاملار ئۇلارنى دېھقان - چارۋىچىلارغا ئوخشاشلا «ياخشى ئىشلىمىدىڭ»، «ئىشقا كېچىكتىڭ» دەپ ئەيىبلەپ، تۈرلۈك زۇلۇملارنى سالغان. بۇ زۇلۇملار دەستىدىن ھۈنەرۋەنلەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە جاق تويغان. بۇنى كۆرگەن خەلق بالىلىرىنى ھۈنەرۋەن قىلىشقا رازى بولمىغان، ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن، شا مەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە، ھۈنەرۋەنلەر زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن؛ قۇمۇلنىڭ ئېسىل قول سانائىتى تۈگىگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. پەقەت ۋاڭلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنلا قۇمۇل قول سانائىتى يەنە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

## 9. شا مەخسۇتنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئەھۋالى

شا مەخسۇت جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرگەن گۇاڭشۈي خان، شۈەنتۇڭ خان ۋە جاللات يۈەن شىكەيلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بولۇپ جەمئىي 54 يىل ۋاڭلىق قىلغان. ئۇ، بۇ جەرياندا بېيجىڭگە يەتتە قېتىم بارغان ۋە ھەر قېتىم بارغىنىدا خەلقتە نۇرغۇن ئالۋان - سېلىقلارنى سېلىپ، خانلىققا نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ بەدىلىگە خانلىق ئۇنىڭ مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى قوشلاپ ئۆستۈرۈپ



بەرگەن. دېمەك، ئۇنىڭ ھەر قېتىم بېيجىڭگە بېرىشى خەلق ئۈچۈن بىر بالا بولغان بولسا، ھەر قېتىم بېيجىڭدىن كېلىشى تېخىمۇ چوڭ بالايىئاپەتلەرنى پەيدا قىلغان. چۈنكى، ھەر قېتىمدا ئۇ، تۈرلۈك يېڭى - يېڭى زۇلۇم ئۈلگىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ خەلقنى ئازابلىغان. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بېيجىڭگە بېرىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

1915 - يىلى شا مەخسۇت: «يېقىندا زۇڭتۇڭ (يۈەن شىكەي) مېنى ھوزۇرىغا چاقىرىپتۇ، دەرھال بېرىشىم كېرەك، بېيجىڭگە بېرىشىنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرى قىلىنسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بەگلەر جىددىي تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشكەن: قۇمۇل چارۋىچىلىرىدىن 6000 تۇياق ساغلىق قوي يىغىپ ئېلىپ، ئۇنى 10 قوروغا بۆلۈپ، «تۆمۈر چارۋا» ھېسابىدا 10 نەپەر چارۋىچىغا بېقىشقا تاپشۇرغان. قۇمۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى خەلقتىن ۋاڭنىڭ يول راسخوتى ئۈچۈن، ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈش سېلىق ئالغان. خانلىققا تەقدىم قىلىنىدىغان سوۋغاتلارنى بېيجىڭگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، شەھەر ئىچىدىكى خەلققە تۆت ئات قوشقان 40 ھارۋا تەييارلاش سېلىقى سېلىنغان. ئەمما، نامراتلىشىپ كەتكەن خەلقتىن تۆت ئاتلىق 40 ھارۋا چىقمىغاچقا، ئەمەلدار - بەگلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىراكەشلىك قىلىپ چىققان خەنزۇلارنىڭ تۆت ئات قوشقان 40 ھارۋىسىنىڭ بىر يىللىقىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بۇنىڭ كىرا ھەققىنى شەھەر ئىچى خەلقىدىن يىغىپ بەرگەن. تۆمۈرتى رايونىنىڭ بۇلەي داۋان دېگەن يېرىگە تاغلىق چارۋىلارنى مەجبۇرىي ھەيدەپ بېرىپ، بۇلەي تاش ئالدۇرۇپ كەلگەن؛ ئاندىن ئۇنى بىر چى ئۇزۇنلۇقتا، بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە، ئۈچ سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تۆت بۇرجەكلىك ياسىتىپ، نەچچە مىڭ دانە چىدامىلىق بىلەي تەييارلاتقان. تاغ خەلقىدىن نەچچە مىڭ دانە ئېسىل

بۆرە، يىلپىز، تۈلكە، سۆلەيسۈن تېرىلىرى ۋە تاسما قامچىلارنى
يىغقان. قارا دۆۋە ۋە لاپچۇق خەلقىنى مەجبۇرلاپ، نەچچە
مىڭ دانە چىگە ئارغامچا، 10 ھارۋىدا قوغۇن قېقى، ئۈزۈم،
چىلان، جىگدە، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، ئالما قېقى،
ۋاسالغۇلارنى تەييارلاتقان. تاغ خەلقىغە يەنە بوغا مۈڭگۈ-
زى، ئارقار مۈڭگۈزى تەييارلىتىپ، بۇ مۈڭگۈزلەرنىڭ سىرتىغا
سېرىق تاۋاردىن قاپ كىيگۈزگەن. 80 دانە خوتەن گىلىمى،
80 دانە يىپەك گىلەم راسلىغان. ياركەنتنىڭ قىزىل تۇرۇق
يورغا ئېتىدىن 40 جۈپ تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا 2
مېتىردىن قىزىل تاۋار باغلىغان. بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىدىغان
بۇ سوۋغات ۋە ھەدىيىلەر ئۆز قەرەلىدە تەخ قىلىنىپ، ۋاڭنى
ئۇزىتىش تەييارلىقى قىلىنغان. ۋاڭ بىلەن بېيجىڭگە بىللە
بارىدىغانلار جەمئىي 100 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ 40 نەپىرى
پۇختا قوراللانغان مۇھاپىزەتچى، قالغىنى ۋەزىر، ئاخۇن،
موللا، تەرجىمان، بەگ، بوغالتىر، تېۋىپ، ئاشپەز، پوچتىچى
ۋە ھاكازالار ئىكەن. ۋاڭ بېيجىڭگە ماڭىدىغان كۈنى بەش شەھەر
12 تاغ ۋە شەھەر ئەتراپىنىڭ قېزى، دورغىلىرى ھەممە
خەلقنى ئۆيي بويىچە سەككىزدىن نان، بىر كىيىملىكتىن يىپەك
رەخت كۆتۈرۈپ كېلىشكە مەجبۇرلاپ، ئۇلارنى ئوردا ئالدىغا
تىزىپ تەييار قىلغان. بۇ نەرسىلەر ۋاڭنىڭ بېيجىڭگە ساق-
سالامەت بېرىپ كېلىشى «خۇدا» دىن تەلەپ قىلىنغان ھەدىيە
دەپ قارالغان. ئەمما، ۋاڭ بۇ نەرسىلەرگە ۋە خەلققە ئوردى-
سىدا تۇرۇپ نەزەر سېلىپ قويغان. ۋاڭ سەپەرگە چىقىدىغان
كۈنى ئۇنىڭ شەرىپىگە ناغرا چېلىش سەھنىسى ياسالغان،
ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى ۋە پۈتۈن شەھەر بازارلىرى زىننەت-
لەنگەن؛ ناغرىچى، سۇنايچى، كانايچى، دۇمباقچىلار تەييار-
لىنىپ، ناغرا خانا ئالدىغا توققۇز يۇلتۇزلۇق ئىككى دانە
يوغان يېشىل بايراق قادالغان. مېڭىش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا،



يامۇلدىن دوتەي، چىڭتەي، شەتەي، لوزۇڭ ۋە باشقىلار ئەس-
كەرلىرىنى باشلاپ، ھەيۋەت بىلەن ئوردىغا يېتىپ كەلگەن؛
ۋاڭنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرى، ئاخۇن - موللىلار،
بايلار ۋاڭنىڭ ئوردىدىن چىقىشىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشقان.
ۋاقىت توشقاندا، خاننىڭ ھۆرمىتىگە ئۈچ قېتىمدىلا 27 پو
(زەمبىرەك)، ۋاڭنىڭ يولغا چىقىش ھۆرمىتىگە 3 پو، جەمئىي
30 پو ئېتىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال خانلىق ئەسكەرلىرى ماڭغان، ئۇلار-
نىڭ كەينىدىن بېشىغا سەللە ئوراپ، يېشىل پەرىجە كىيىپ،
قۇرئان كۆتۈرگەن ئاخۇنۇم ئاتلىق ماڭغان؛ ئاندىن ئۆز رىتى
بويىچە تەرجىمان، 40 نەپەر پىيادە چېكىنىڭ (مۇھاپىزەتچى)،
ناھايىتى چوڭ سېرىق كۈنلۈك كۆتۈرگەن خىزمەتكار ماڭغان.
(بۇ كۈنلۈكنىڭ چۆرىسىگە بىر تۈمەن كىشىنىڭ ئىسمى
يېزىلغان سېرىق لېنتا ئېسىلغان، بۇ كۈنلۈكنى «ۋەنمىڭسى»
دەپ ئاتىغان). ئۇنىڭ كەينىدىن مۇھاپىزەتچىلەر
باشلىقى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەجدىھا سۈرەتلىك قىلىچ
ئاسقان ئاتلىق ئىككى ۋەزىر، ئۇنىڭ كەينىدىن سەككىز كىشى
كۆتۈرگەن تەخترىۋانغا ئولتۇرغان ۋاڭ ماڭغان. تەخترىۋان
تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئىچىگە بىر ئادەملا سىغىدىكەن.
ئۇنىڭ تۆپىسى گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان، چوققىسىغا ئادەم
بېشىدەك چوڭلۇقتا قۇببا ئورنىتىلغان. تەخترىۋاننىڭ رەڭگى
سېرىق بولۇپ، سىرتىغا توققۇز ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈ-
رۈلگەن، چۆرىسىگە قىزىل پۆپۈك تۇتۇلغان تەخترىۋاننىڭ
كەينىدىن ئاتلىق بەگلەر، ئۇنىڭ كەينىدىن توققۇز ئاخۇن،
ئۇنىڭ كەينىدىن بايلار، دورغىلار، قازىلار، ئاندىن ئاۋام
خەلق ئەگىشىپ ماڭغان. ئۇزاتقۇچىلار شەھەر ئىچىدىن چىقىپ
بازار بىلەن ئۆتۈپ، تاكى ھازىرقى شەرقىي ئايرودروم (قىزىل-
بۇلغۇن) غىچە ئۇزىتىپ بارغان. شەھەر ئىچىدىن قىزىل يۇل-
غۇنغا بارغىچە بولغان ئارىلىقتا خەنزۇ ئەمەلدارلار، بازاردا

ئۇلتۇرۇشلۇق خەنزۇ ئاھالىلەر، سودىگەرلەر، بايلار، يۇرت-دورغىلىرى قەدەمدە بىر دىگۈدەك چىدىر تىكىپ، چازا قۇرۇپ، خۇش بۇي گۈللەر يېقىپ، ئەتىر چېچىپ، ھەر خىل ئېسىل تاماقلارنى تەييارلاپ، ئۇلارنى ئۆز تەۋەسىدە زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالغان ۋە ئۇزىتىپ قويغان. ئۇزاتقۇچىلار قوشۇنى قىزىلبۇلغۇندىن قايتقان، ئەمما بەگ - ئەمەلدارلار، ئاخۇن موللىلار ۋە سودىگەرلەر ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشىيا) غىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ۋاڭنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن قايتقان. شىنجاڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەر تەۋەسىگە كىرگەندىن تارتىپ تاكى بېيجىڭگە بارغىچە يول ئۈستىدىكى ھەر بىر ناھىيە ۋە شەھەر «قۇمۇل ۋاڭى كېلىۋېتىپتۇ» دەپ، خانلىقنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، خەلقتىن ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، كۆكتات ۋە ئات - ئۇلاغلار ئۈچۈن يەم - بوغۇزى يىغىپ تەييارلاپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالغان ۋە ئۇزىتىپ قويغان. شا مەخسۇت بۇ قېتىم بېيجىڭدا يۈەن شىكەي بىلەن كۆرۈشكەن، يۈەن شىكەي ئۇنىڭ مەنسىپىنى شۇاڭ چىڭ ۋاڭ (قوش چىڭۋاڭ) لىققا ئۆستۈرگەن. شا مەخسۇت قۇمۇلدىن تەييارلاپ بارغان نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى يۈەن شىكەيگە تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن رازىلىقىنى ئالغان ۋە ئۇنى خۇشال قىلىۋەتكەن. بېيجىڭدا تۇرغان ئۈچ ئاي جەريانىدا، ۋاڭنىڭ كۈندىلىك ھەممە راسخوتى، يۈەن شىكەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن، خەلقتىن يىغىپ تەمىن ئېتىلگەن. ۋاڭ قۇمۇلغا قايتىدىغان چاغدا، بېيجىڭ خەلقىدىن يىغىۋالغان ئۇندىن ئېشىپ قالغان 1000 جىڭغا يېقىن ئۇنغا 4 ياشتىن 8 ياشقىچە 40 نەپەر خەنزۇ بالىسىنى 15 جىڭدىن 30 جىڭغىچە ئۇنغا تېگىشىپ سېتىۋېلىپ، قۇمۇلغا ئېلىپ چىققان. ۋاڭ ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشىيا) غا يېتىپ كەلگەن ھامان، يەنە قۇمۇل خەلقىگە ئاۋۋالقىدىنمۇ ئارتۇق سېلىق ۋە زۇلۇم سېلىنغان ھەمدە ۋاڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن خەلقنى ۋاڭنىڭ ئالدىغا مەجبۇرىي ئېلىپ چىققان.



## 10. تارانچى كۆمۈر كېنىدىكى ۋەقە

قۇمۇل تەۋەسىدىكى تارانچى كۆمۈر كېنىنى ئەمگەكچان قۇمۇل خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مېھنەت قىلىپ ئاچقان. ئەمما، كېيىن شا مەخسۇت ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى قىلىۋالغان. بەش شەھەر خەلقى ۋاڭ ۋە بەگلەرنىڭ ئاستانىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ۋە ئېگىلىكلىرىگە ھەقسىز ئىشلىگەندىن تاشقىرى، يىل بويى كۆمۈرلۈككە بېرىپ ۋاڭ ئۈچۈن كۆمۈر قېزىشقا مەجبۇر قىلىنغان. قېزىلغان كۆمۈرلەر بەش - ئالتە كۈندە بىر قېتىم قۇمۇلغا يەتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ۋاڭ ئوردىسىغا ۋە ئەمەلدارلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن، كۆپ قىسمى سېتىلىپ پۇلى ۋاڭنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان. ئەمگەكچى خەلق بۇ كۆمۈرلۈكتە ئاش - نانىنى ئۆز يېنىدىن يەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلاغ - سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ، ئېغىر دەرىجىدە ھەقسىز ئەمگەك قىلسىمۇ، يەنە «ئىشقا ۋاقتىدا كەلمىدىڭ»، «ياخشى ئىشلىمىدىڭ»، «قاچتىڭ» دېگەندەك بوھتانلار بىلەن جازالانغان، ئۇرۇلغان، ئۆلتۈرۈلگەن. كۆمۈرلۈكتە ئۆلگەنلەرنىڭ سوراق سوئالى بولمىغان. تارانچى كۆمۈر كېنى تاش كۆمۈر چىقىدىغان كان بولۇپ، ھەر بىر كۆمۈر قۇدۇقىدا تۆت جوتۇچى، تۆت كۆمۈر توشۇغۇچى، تۆت توپا توشۇغۇچى، تۆت قۇدۇق سۈيىنى تارتقۇچىدىن تەشكىللەنگەن 16 كىشى ئىشلىگەن. ئۇلار توپا ۋە كۆمۈرنى سېۋەت ياكى تاغار بىلەن يۈدۈپ سىرتقا ئېلىپ چىققان، سۈنى ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان تۇلۇم بىلەن سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تۆككەن. ئۇلار مۇشۇ يوسۇندا، ياساۋۇللارنىڭ نازارىتى ئاستىدا كۈنىگە 20 سائەت ئىشلىگەن. ئەگەر كىمكى ئېغىر ئەمگەكتىن ھالسىزلىنىپ تۇرۇپ قالسا، قامچا، كالتەك يېگەن. 1881 - يىلى ئەتىيازدا، كۆمۈر قۇدۇق-

لىرىدىن ئۈچىگە ئوت كېتىپ، كۆمۈر قېزىش ۋاقتىنچە توختاپ قالىدۇ. لېكىن ياساۋۇللار ۋاڭنىڭ: «بۇ — تەييار قۇدۇق، باشقا جايدىن قۇدۇق قېزىپ، كۆمۈرگە يەتكۈچە كىرىم توختاپ قالىدۇ. بۇ ئۈچ قۇدۇقتا دەرھال ئىش باشلانسۇن، ئەگەر قۇدۇقتا ھادىسە يۈز بېرىپ ئادەم ئۆلسە، مېنىڭ قومۇللۇق قۇللۇرۇم تۈگەپ قالمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقىنى جاكارلاپ، ئەمگەكچى خەلقنى ئۆلۈش — تىرىلىشىگە قارىماي قۇدۇققا چۈشۈشكە زورلايدۇ. 48 دېھقان ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، قۇدۇققا چۈشۈپ ئىشلەيدۇ. 4 - كۈنى قۇدۇق گۈمۈرۈلۈپ كېتىپ، 40 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. شا مەخسۇت ۋاڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە «شەرىئەتتە: قۇلنى ئىگىسى ساتسىمۇ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرسىمۇ ئىختىيارى، دېيىلگەن. بۇ 40 ئادەم مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن قۇدۇققا چۈشۈپ، كۆمۈر بېسىپ ئۆلدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىز ئۈچۈن سەدىقە، روھى جەننەتتە بولغاي، ئۆلۈكلەرنى كۆمۈۋېتىپ، كۆمۈر قېزىش تېز باشلانسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشەرگەن. مۇنداق ھادىسە بىلەن ئۆلگەن ۋە ياردار بولغانلارغا ۋاڭ ھېچقانداق نەپەقە پۇلى ياكى داۋالاش راسخوتى بەرمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، قومۇل خەلقى ۋاڭغا، شەتەي، جىڭتەي ۋە تەيجىلەرگە قىشلىقى ئۆز ھارۋىلىرى بىلەن ئوتۇن — كۆمۈر توشۇپ بەرگەن، بۇنىڭغىمۇ ھەق بەرمىگەن. يەنە «تاش كېسەر» دېگەن جايدا ھەممە تاشچىلارنى يىغىپ، قىش ۋە ياز تۈلۈك، ياغۇنچاق، تۈگمەن تېشى، ھاۋانچا قاتارلىق نەرسىلەرنى ياستىپ سېتىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ۋاڭغا كىرىم قىلغان.

## 11. تۈگمەن، «تۆمۈر تۇخۇ»، ئۆردەكلەر

شا مەخسۇت قومۇلنىڭ يەر - زېمىنلىرى، چارۋىلىرى، يەر ئاستى بايلىقلىرىنىلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ قالماي، قومۇلنىڭ سۇلىرىنىمۇ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، يەرلىرىنى سۇغىرىپ ئاشقان سۇنى خەلققە ساتقان؛ قومۇلنىڭ تۈگمەن ماڭدۇرغىلى بولىدىغان ئېقىن سۇلىرىنىڭ ھەممىسىگە تۈگمەن سالدۇرغان. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك 24 چوڭ تۈگمىنى بولۇپ، بۇ تۈگمەنلەرنىڭ بىر نەچچىسىدە ئۆردەك يەيدىغان ئۈن تارتىلغان، قالغانلىرىدا خەلقنىڭ ئۈنلىرى تارتىلىپ، ئۇنىڭدىن غەلە ئېلىنغان ياكى تۈگمەن ئىجارىگە بېرىلگەن. ھەربىر تۈگمەنچىگە مەجبۇرى 300 دىن «تۆمۈر تۇخۇ» ۋە «تۆمۈر ئۆردەك» مەجبۇرى بېكىتىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇخۇملىرىنى ھېساپ بويىچە كەم قىلماي تاپشۇرۇۋالغان، ئەگەر تۇخۇ، ئۆردەك ياكى تۇخۇم كەم بولۇپ قالسا، تۆلەتكەن. ئەگەر كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ ياكى يوقالغان بولۇپ، باققۇچىلارنىڭ تۆلەش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇلارمۇ چارۋىچىلارغا ئوخشاش ئېغىر جازاغا تارتىلغان.

## 12. شا مەخسۇتنىڭ كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشى

شا مەخسۇت ۋاڭلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ، ياشلىق دەۋرىنى كەيپ - ساپا سۈرۈپ، نەشە - ئەپيۇن چېكىش، ھاراق - شاراب ئىچىش، قوش ئويناش، ئوۋ ئوۋلاش، زىناخورلۇق قىلىش، قىز - چوكانلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ياكى ئۇلارنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشقا ئوخشاش پەسكەشلىكلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ، ياشلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق سانجىلغاندىن كېيىنلا، ئاخۇنلۇق، ئىشانلىق بابىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى باسماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئېلگىرىكىگە ئوخشاش زورلۇق - زومبۇلۇقتىن قولىنى تارتمىغان، بەلكى تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ، ئىنسانىي قېلىپتىن چىقىپ،

خەلقنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان؛ ئۇلارنىڭ ھوزۇر ھالاۋىتى ئۈچۈن، بىگۇناھ خەلقنى ھاقارەتلەش، ئۇرۇش، پالاش، ئۆلتۈرۈشلەر ئۇلارغا ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان. ۋاڭنىڭ ئەمەلدارلىرى — تەيجى، قازى، موللا، بەگ، دورغا، ئىشان ۋە باشقىلارمۇ زورلۇق ۋە زومىگەرلىكنى ئادالەتتىن ئۈستۈن قويۇپ، ھەقىقەتنى بېسىپ كەلگەن. مەسىلەن: 1885 - يىلى 7 - ئايدا شا مەخسۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ، ئازغانبۇلاق دېگەن جايدا ھاردۇق ئالغاندا، ھاراقنى راسا ئىچىپ مەست بولغان؛ مەسىلىكتە ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، چوش مەزگىلىدە بىر پادىچىنىڭ ئۆيىگە دۈچ كېلىپ قالغان، پادىچى چاقىرتىلغان. پادىچى 40 ياشلار چامىسىدىكى ئاقسۇلۇق توختى كېرىم بولۇپ، سومقاغا خەلقىنىڭ 40 — 50 كالىسىنى باقىدىكەن ۋە تەنھا ئىكەن. ۋاڭ ئۇنىڭغا قېتىق ئېلىپ چىقىشىنى بۇيرۇغان. توختى ۋاڭنى تونۇمىغاچقا، ئۇنىڭغا: قورسىقىمغا قېتىق يوق، شۇنچە نۇرغۇن ئادەمگە نەدىكى قېتىق، كالىنى ئاخشىمى ئىگىلىرى سېغىپ بولىدۇ، دېگەن. شا مەخسۇت شۇ ھامان: ئۇ ماڭا ھاقارەت قىلدى، ئېتىپ ئۆلتۈر! دەپ بۇيرۇق قىلغان. سىدىق بەگ دەرھال توختى كېرىمنى ئېتىپ، جەسىتىنى بىر توپ ئازغان تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەن. توختى كېرىمنى سورۇشتۇرۇشقا كىمنىڭ قۇدرىتى يەتسۇن؟

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ، كېيىنكى ھەپتىسىنىڭ بىر كۈنى ۋاڭ يەنە شىكارغا چىققان. بۇقېتىممۇ ئادىتى بويىچە، ئاۋات باغ دېگەن يېزىدا بەگ - ئەمەلدارلار بىلەن مەشرەپ ئويناپ، ھاراق - شاراپ ئىچىپ راسا كەيىپ بولغاندا، لوۋاڭ مىياۋ (كونا بۇتخانا) غا چىقىپ، بۇتخانا كۆلىدىكى ئۆردەكنى بىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئۆردەك كۆلدە لەيلەپ قالغان. غەرق مەست بولغان شا مەخسۇت ھېلىقى پادىچى توختى كېرىمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن سىدىق بەگكە: كۆلگە چۈشمەمسەن! دەپ ۋارقىرىغان. كەيىپ ھالدا تۇرغان



سىدىق بەگ ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چوڭقۇر كۆلگە ئاتلىق چۈشۈپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئاتتىن يىقىلىپ چۆكۈپ ئۆلگەن. سىدىق بەگنىڭ جەسىتىنى بالىلىرى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، شا مەخسۇت ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاۋات باغقا قايتىپ كېلىپ، كەيىپ - ساپاسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن.

شا مەخسۇت بىر كۈنى ئوردا ھويلىسىغا چىقىپ ھۇقۇشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان. ئۇ: بۇ — ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاۋازى يەتكەن جاي ۋەيران بولىدۇ دەپ، تۇرخۇندا تۇرغان ھۇقۇشقا مىلتىق ئاتقان. ئەمما، ئوق 18 ياشلىق يېتىم قىز خېلىچىخانىغا تەگكەن. بۇ قىز قوغۇنچى توختى دېگەن قېرى بوۋىسى ۋە مومىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئىكەن. ۋەقە ۋاڭغا مەلۇم قىلىنغاندا، ۋاڭ: رەسۇلنىڭ ئوقىدا ئۆلگەن كىشى شېھىتلىك دەرىجىسىدە بولىدۇ، روھى بېھىشكە كىرىدۇ» دېگەن قورۇق جاۋاب چىققان. بوۋاي بىلەن موماي يىغلاپ يۈرۈپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

1888 - يىلى يازكۈنلىرىنىڭ بىرىدە، شا مەخسۇت شىكارغا چىقىپ، ئۆرۈكلۈك تاغ يولىغا بارغاندا، شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق 40 ياشلاردىكى مەمەت باقىنىڭ ئېتىغا قىڭغىر مىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرىدۇ. لېكىن ئۇ، ۋاڭنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ۋاڭنى تونۇماي، سالام - سائەتسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. غەزەبلەنگەن شا مەخسۇت مەمەت باقىنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ: «مېنىڭ ئالدىمدىن ئاتتىن چۈشمەي، سالاممۇ قىلماي ئۆتتۈڭ» دەپ، ئۇنىڭ باش - كۆزىگە قامچا بىلەن ئۇرۇۋېرىپ، ئۇنىڭ ئىككى قاپىقىنى يېرىۋېتىدۇ. ئۇ، قانسىراپ ھوشسىزلىنىپ، 3 — 4 كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ سوراق - سوئالى بولمايدۇ، ھېچكىم ئېغىز ئېچىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ.

شا مەخسۇت قۇمۇلنىڭ يەر - زېمىن، سۇ بايلىقى، مال چارۋا، يايلاق، كان بايلىقى قاتارلىق ئىقتىسادىي تومۇرلىرى

نى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىمۇ قانائەت قىلماي، سودا - سېتىق ۋە تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، قۇمۇل، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردىكى ئاتاغلىق سودىگەر ۋە بايلار بىلەن شېرىكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ سودا شېرىكلىرىدىن مەمەت شاھاجى خوتەندىن تىجارەت بىلەن قايتىش ۋاقتىدا، 18 ياشلىق تۇراخۇن ئىسىملىك بىر بالىنى سېتىۋېلىپ، ۋاڭغا ھەدىيە قىلغان، سېتىۋالغان قۇللارنى ئەسلى ئىسمى بىلەن ئاتىماي، ھايۋانلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش ۋاڭنىڭ ئادىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ، تۇراخۇنغا «تۈيغۇن» دەپ ئات قويۇپ، ئۇنى ئاشخانىغا ئوتۇن، سۇ توشۇشقا سالغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئارىتام باغدا «تۈيغۇن» ئىسىملىك قۇش پەيدا بولۇپ قاپتۇ، دېگەن خەۋەر ئاڭلىنىدۇ. ۋاڭ: شۇ «تۈيغۇن» قۇشنى تۈيغۇن بېرىپ تۇتۇپ كەلسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. تۈيغۇن ئارىتام باغدا بىر ئاي تۇرۇپ، «تۈيغۇن» قۇشنى مىڭ تەسلىكتە تۇتۇپ كېلىدۇ. «بۇ قۇشنى 40 كېچە - كۈندۈز ئۇخلاتماي تەربىيىلىسە، تۈلكە ئالغىدەك مىش» دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى كۆندۈرۈشكە يەنە تۈيغۇن بالىنى مەسئۇل قىلىدۇ. تۈيغۇن بالا بۇ قۇشنى قونداقتا بىر ئايغىچە ئۇخلاتماي تەربىيىلەيدۇ، لېكىن، ئۇزاقتىن بۇيان تۈزۈك ئۇخلىيالماي كەلگەن بۇ بالا بىر كېچىسى ئۇخلاپ قالىدۇ. «تۈيغۇن» قۇشمۇ ئۇخلاپ قېلىپ، قونداقتىن يىقىلىپ، باغلىنغان تانا بوينىغا سىرتماق بولۇپ سىلىنىپ، ئۆلۈپ قالىدۇ. ۋاڭ: «بۇ مۇناپىق مېنىڭ قۇشۇمنى قانداق ئۆلتۈرگەن بولسا، مەنمۇ ئۇنى شۇنداق ئۆلتۈرىمەن» دەپ، تۈيغۇننىڭ پۇتىنى ئۈستۈن، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىپ قويىدۇ، بالا شۇ ھالدا جان ئۈزىدۇ.

شا مەخسۇتنىڭ پالەچ خوتۇنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن 12 چۆرە قىزنىڭ 11 نەپىرى پالەچ ئايالنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ۋاڭنىڭ قىز - كېنىزەكلىرىنىڭ



خىزمىتىنى قىلىشقا تەقسىم قىلىنىدۇ. 18 ياشلىق ئېرىنىگۈلنىڭ تەجەل ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىزنى ۋاڭ ئۆز خىزمىتىدە ئېلىپ قالىدۇ ۋە كېيىن بۇ چۆرە قىزغا يامان نىيەتتە بولىدۇ، قىز ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. غالجىرلاشقان ۋاڭ يامان نىيىتىدىن يانماي، قىزغا قول سوزغاندا، قىز غەزەپكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن، ۋاڭنىڭ جان يېرىگە قاتتىق تېپىپ، ۋاڭنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ، ئاندىن 12 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوردا بىناسىدىن ئۆزىنى پەسكە تاشلاپ، ئۆلۈۋالىدۇ. ۋاڭ بۇ ئىشنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇپ، قىزنىڭ جەسىتىنى خۇپىيانە كۆمدۈرۈۋېتىدۇ.

«ئوغرى قېرىسا سوپى بولىدۇ» دېگەندەك، شا مەخسۇت نۆۋىتى كەلگەندە، سوپىلارچە نامازخانلىقمۇ قىلغان. ئۇ، ئوردىسىغا مەخسۇس مەسچىت سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىمام - مەزىن تەيىنلىگەن. مەزىن يىل بويى يېمەك - ئىچمىكىنى ئۆيىدىن توشۇپ يەپ، كېچە - كۈندۈز مەسچىتتىن نېرى كەتمەي، بەش ۋاقلىق ناماز ئۈچۈن ۋاقتى - قەرەلىدە ئەزان چاقىرىپ تۇرغان. 1888 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى 71 ياشلىق بۇ مەزىن ھەزىمەت ۋاقتىدىن سەل كېيىن ئەزان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، شا مەخسۇت مەسچىتكە كىرىپ مەزىننىڭ جان يېرىگە غەزەپ بىلەن قاتتىق تەپكەن، مەزىن بىر ۋارقىراپلا جان ئۈزگەن.

شا مەخسۇتنىڭ 80 - نەچچە قۇشچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىككىدىن قۇش باققان. ئۇلارنى بىر قۇشبېگى نازارەت قىلغان. 160 نەچچە قۇشنى بېقىش ئۈچۈن، ئىككى كىشى «ئىتاچى» دېگەن نامدا مەخسۇس ئىت ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. قۇشچىلار ۋاڭغا ھەر ئايدا 15 تۈلكە تېرىسى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. شەنبە

كۆڭلۈك ئوۋغا چىققاندا، قىزلار ئوۋ ئالماي قويسا، قوشچىلار جازالانغان.

## 13. شا مەخسۇتنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقى

قۇمۇل خەلقى شا مەخسۇت دەۋرىدە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، جاھالەت ئىچىدە ئۆتكەن. شا مەخسۇت ئۆزىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىچى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دىنىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزىنى «پەيغەمبەر پۇشتى»، «دىنىي ۋەكىل» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ دىن ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، باشقۇرۇش ئىدى. شۇڭا، قۇمۇلدا فېئودال ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، خەلق ئىچىدىكى دەۋا – دەستۇرلار شەرىئەت مەھكىمىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەت يېقىندىن يار – يۆلەكتە بولغان ۋە ماسلاشقان. مەسىلەن، 1905 – يىلى شا مەخسۇت قۇمۇل شەھەر ئىچىدە يېڭى مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇپ، بىرقانچە ئون دادەنلىك يەر (بىر نەچچە يۈز مو يەر) نى ۋە نەچچە مىڭ چارۋىنى ئۇنىڭغا ۋەخپە مۇتلەق قىلىپ بەرگەن. بەگ – ئەمەلدارلار ۋە بايلارمۇ بىر قىسىم يەرلىرىنى ۋەخپە مۇتلەق ۋە ۋەخپە ئەۋلاد قىلىپ بەرگەن. ئۇ بۇ يەرلەردىن كىرگەن كىرىم بىلەن مۇدەررىس موللىلار ۋە تالىپلار تەمىنلەنگەن. چوڭ مەدرىسە ۋە يېڭى مەدرىسلەردە قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇغان. ئۇلار 5 – 10 يىلدىن كېيىن موللا، ئاخۇن دەرىجىسىگە يەتكەندە ئۆز جايلىرىغا ئاخۇن، ئىمام قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئاخۇنلار توققۇز دەرىجىگە ئايرىلغان، ئۇلارنىڭ ئەڭ



يۇقىرىسى ئەلەم، قازى، مۇپتى، مۇدەررىس قاتارلىقلار بولغان. ئۇلار ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن، دىنىي شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈش بىلەن ئۇنىڭدىن باشقا قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى مەھەللە ۋە كەنتلىرىدىكىمۇ مەسچىتلەر سېلىنىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ۋەخپە يەرلىرى بولغان. بۇ يەرلەردىن ئىمام، مەزىنلەر پايدىلانغان، مازار خانىقالارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدىن شەيخلەر، ئىشان ۋە سوپىلار پايدىلانغان. مەسچىت، مەدرىسە، مازار، خانىقالاردا رەجەپ، شاۋان، روزا ئايلىرىدا «خەلقنىڭ ئامانلىقى، يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن» نەزىر چىراغلار ئۆتكۈزۈلگەن. دۈشەنبە، جۈمە كۈنلىرى ئىشان – سوپىلار خانىقالاردا زىكرى سالغان. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان، تۇرمۇش قۇرغان، مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان (كۆچكەن) ۋە ۋاپات بولغان كۈنلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، مەسچىتلەردە خەلقتىن پۇل يىغىپ، نەزىر – چىراغلار ئۆتكۈزۈلگەن.

دىنىنىڭ قائىدە – يوسۇن ۋە نىزاملىرى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ھەرقايسى مەھەللە ۋە يېزا مەسچىتلىرى تەۋەسىدە نامازغا چىقمىغانلارنى سۈرۈشتە قىلىدىغان مۇتىسىپ ۋە ئايىپلار تەيىنلەنگەن. ئۇلار نامازغا چىقمىغانلارنى مەسچىتكە ئېلىپ چىقىپ، تەنقىد قىلغان ۋە تەنبىھ بەرگەن؛ ئۇنى ئاڭلىمىغانلارنى «بىناماز» دەپ ئاتاپ، سازايى قىلىپ، دەررە بىلەن ئۇرغان، ھەتتا جەرىمانە قويغان. «بىناماز» لار دىن ئەھلى ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك قوشاقلار بىلەن ئەيىبلەنگەن:

بىنامازنى كەلتۈرۈك، تۆۋە – ئەسۋە ئېيتتۇرۇك،
ھۆججەت قىلسا ئۆلتۈرۈك، كاپىر ئۆلسۇن بىناماز.

بىنامازنىڭ ساقىلى – ئىت قۇيرۇقى – داقىلقى،
ئۆتنى ئېلىپ ياقىلى، كۆيۈپ ئۆلسۇن بىناماز.

بىنامازنىڭ گۆرى تار، يىلان - چايان ئۇڭا يار،
ئاخىرەتتە خارى - زار، مۇردا تۇرۇر بىناماز.

ئاتا - ئاناڭ كېتىپتۇر، تارلەھەتتە يېتىپتۇر.
ساڭا نۆۋەت يېتىپتۇر، ئىبرەت ئالغىن بىناماز.

مۇسۇلمانلار بۇ جازادىن قورقۇپ نامازغا چىققان. نامازغا چىقمىغانلار مۇتىسىپتىن قورقۇپ، ئۆيلىرىدە ياتالمىغان، كوچىلاردىمۇ يۈرەكلىك يۈرەلمىگەن.

## 14. شا مەخسۇت ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرى ۋە شا مەخسۇتنىڭ ئۆلۈمى

فېئوداللىق ۋاڭلىق تۈزۈمىدىكى قۇمۇلنىڭ ئۆلۈم - يىتىم ۋە نەزىر - چىراغ ئىشلىرى دىنىي شەرىئەتنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا، دىنىي قائىدە - يوسۇن ۋە نىزام - بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئەمەل قىلىشى، بويسۇنۇشى، مەيلى كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن، دىنىي شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى ۋە قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى شەرت قىلىنغان. كىمىكى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا ياكى ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلسا، گۇناھكار ھېسابلىنىپ، ئەيىبلەنگەن ۋە جازاغا تارتىلغان. تۇرمۇش كۆچۈرۈش كاپالەتكە ئىگە بولمايۋاتقان جاھالەتلىك جەمئىيەتتە مۇنداق ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى كەمبەغەللەرگە تولىمۇ ئېغىر كەلگەن. ۋاڭ، خوجا، بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى بولسا، ھەشەمەتلىك ۋە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن. ۋاڭ - خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن چوڭ بالايىئاپەت بولغان.



ئەگەر ۋاڭ ياكى ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۆلسە، خەلق ئۈچ يىلغىچە قارىلىق تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىنغان، قارىلىق تۇتمىغانلار جازالانغان؛ ئەگەر ۋاڭ ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆلسە، شەھەردىكى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى خەلقلەر بىر يىلغىچە ئۇلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئەتىگەندە چىقىپ خەتمە قۇرئان قىلىشقا ئاخشىمى چىقىپ «ئاخشاملىق ناماز» ئوقۇشقا ۋە «ئىخلاس» ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىنغان، كەلگەن كىشىلەر تىزىم بىلەن يوقلىما قىلىپ تۇرۇلغان؛ يەنە ۋاڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قارىلىقىنى سۇندۇرۇش، كۆڭلىنى سوراش ئۈچۈن، يەتتە نەزىرىگە «يىپەك رەخت» قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىشقا، ھەتتا ئۆلگەن كىشىگە يىغلاشقا مەجبۇر قىلىنغان. شۇڭا، خەلق «ۋاڭلارنىڭ تىرىكى بىر ھەسسە زۇلۇم سالسا، ئۆلىكىمۇ بىر ھەسسە زۇلۇم بىلەن چىقىدۇ» دېيىشكەن.

تۆۋەندە شا مەخسۇتنىڭ ئۆلۈكىنىڭ چىقىرىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى: شا مەخسۇت 1930 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 81 يېشىدا لەقۋا كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەن. بۇنى ئۈرۈمچىدىكى جىن شۇرېن بېيجىڭدىكى دازوڭتۇڭغا تېلېگرامما بىلەن مەلۇم قىلغان. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى چىقىرىشقا يەتتە كۈن تەييارلىق قىلىنغان. پۈتۈن ئوردىغا ئاق رەخت بىلەن تور باغلىنىپ، ئاق بايراقلار قادالغان؛ بارلىق ئوردا خىزمەتچىلىرى ئاق كىيىم كىيىشكەن. ئاددىي خەلقنىڭ ئۆلۈكىنى ياغاچ تاۋۇتقا سېلىپ تۆت كىشى كۆتۈرگەن بولسا، شا مەخسۇتنىڭ ئاق يىپەك رەخت بىلەن بېزەلگەن مەخسۇس تەختىراۋانغا سېلىنغان ئۆلۈكىنى سەككىزدىن 16 كىشى كۆتۈرۈپ ماڭغان. ئۆلۈكنى ئۇزىتىش مۇراسىمىغا ھەممە خەلقنى ھەيدەپ كېلىپ، ھازا ئېچىشقا مەجبۇر قىلغان، يىغلىمىغان ياكى «ۋاي غوجام!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىمىغانلارنىڭ باشلىرىغا تاياق، توخماق تەگكۈزۈپ تۇرغان. تەختىراۋاننىڭ ئالدىدا شا مەخسۇتنىڭ ئاق

كىيىم كىيگەن ئۇخۇل نەۋرىلىرى، تەيجى ۋە ئاخۇنلار يىغىلىشىپ ماڭغان، تەخترۋاننىڭ كەينىدىن ئاق كىيىم كىيگۈزۈلگەن بىر نەچچە تۆگە قۇرئان قاچىلانغان ئىككى ئاق ساندۇق ئارتىلغان هالدا ماڭدۇرۇلغان. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاق كىيىم كىيگۈزۈلگەن، ئوقيا ئوقى ئارتىلغان بىر تۆگە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاق كىيىم كىيگۈزۈلگەن، ئىككى ساندۇق ئوق ۋە مىلتىق يۈكلەنگەن بىر ئاق تۆگە ماڭدۇرۇلغان. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاق كىيىم كىيگۈزۈلگەن، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلەر قاچىلانغان ئىككى ساندۇق يۈكلەنگەن ئاق تۆگىگە مىنگەن ئاق كىيىملىك بەگ خەلق توپىغا ساندۇقلاردىن چاچقۇ چېچىپ ماڭغان. ئۇنىڭ كەينىدىن شا مەخسۇتنىڭ ناماز ھەققىگە ئاتالغان كىيىملىرى قاچىلانغان ئىككى ساندۇق بىر ئاق تۆگىگە ئارتىلىپ ماڭدۇرۇلغان. بۇ ئاق تۆگىلەرنىڭ بوتىلاقلىرى ئانىسىدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇنلا ئايرىۋېتىلگەچكە، بۇ تۆگىلەر تىنىماستىن بوزلاپ ماڭغان. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر تۈركۈم ئىشان - سوپىلار شا مەخسۇتنىڭ ھاياتلىقىنى ماختايدىغان ھۆكمەت ئوقۇپ ماڭغان، ئۇنىڭ كەينىدىن تالىپلار ۋە قارىلار توپى يۇقىرى ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇپ ماڭغان. ۋاڭ ئوردىسىدىن تارتىپ ئالتۇنلۇققىچە بولغان بىر يېرىم چاقىرىم ئارىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى چېتىدە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قوراللىرى بىلەن تىك تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن.

مېيىت سېلىنغان تەخترۋان قايسى توپنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلسە، شۇ توپتىكىلەر ماتەم مۇزىكىسى چېلىپ ئۇزۇتۇپ قويغان. مېيىت ئاخىر شا مەخسۇت ئۆزى ھايات چېغىدا ياساتقان يېڭى گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى لەھەتكە دەپنە قىلىنغان.

دېمەك، شا مەخسۇتنىڭ ئۆلۈمىدە شەرىئەت قائىدىلىرى قاتتىق ئىجرا قىلىنغان، داغدۇغا ۋە ھەشەمەت ئىنتايىن زور بولغان، نۇرغۇن ئىقتىساد سەرپ قىلىنغان (ئېيتىشلارغا



قارىغاندا، نەزىر - چىراغ ۋە دەپنە ئىشلىرىغا 100 مىڭ سەر ئاق كۈمۈش ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭغا شۇ يىللىرى 5 مىليون جىڭ ئاشلىق سېتىۋالغىلى بولىدىكەن)، ئىشان - سوپىلار شا مەخسۇتنىڭ قەبرىسىدە 40 كېچە - كۈندۈز ساما قىلىشقان. قەبرە بېشىغا ئەتتىگىنى خەتمە - قۇرئان قىلىشقا، ئاخشىمى ناماز ئوقۇشقا كەلگەن - كەلمىگەنلەر يوقلىما قىلىنىپ تۇرۇلغان. بىر كۈن كەلمىگەنلەرگە 40 كۈنگىچە ئوردا ئىچىگە سۇ سېپىش جازاسى بېرىلگەن. ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرىنىڭ قەبرىلىرى قاراقسىز قالسا ياكى ئاسرالمىسا، شەيخلار جازاغا تارتىلغان، ھەتتا جانلىرىدىن ئايرىلغان. مەسىلەن: 1878 - يىلى شا مەخسۇتنىڭ قېيىن ئاتىسى بىشىر ۋاڭنىڭ قەبرىسى يېشىل گۈمبەزنىڭ قۇلۇپى چېقىلىپ، قەبرە يوپۇقى ئوغرىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن شا مەخسۇتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، زىمىستان قىشتىن باشلاپ كۇسۇبۇۋا، چولاق سوپۇر، ناپارمان سوپۇر، جارۇپكەش پەيزۇللا دېگەن تۆت بوۋاي گۈمبەزنى كېچە - كۈندۈز ساقلاشقا تەيىنلەنگەن. بۇ ياشانغان نامرات بوۋايلارنىڭ قېلىنراق كىيىم - كېچىكى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەزنىڭ ئىچى سوغۇق بولغاچقا، ئۇلار ئوت قالاپ ئىسسىنىپ ئۇخلاپ قالغان. گۈمبەزنىڭ ئىچىدە كۆمۈر ئىسى چىقىپ كەتكۈدەك تۆشۈك بولمىغاچقا، بۇ تۆت بوۋاي ئىس ئېلىپ كېتىپ، شۇ كېچىسى ئۆلۈپ قالغان.

بىر قېتىم شا مەخسۇت روزى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئالتۇنلۇقتىكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا چىققاندا قەبرە ئەتراپىدىن بىر پارچە خىشنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ قالدۇ - دە، قەبرىستانلىقتا قاراۋاتقان مەھەممەت شېرىپ، ئېلى مۇرات باقى، ئابدۇغوپۇر قاتارلىق تۆت شەيخنى «تۇزۇمنى يەپ، ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىسىگە ئوبدان قاراشماپسەن» دەپ، 40 غولدا ئۇرغۇزغان.

## 15. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ شا مەخسۇت دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئىتى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن ئاجايىپ ئېسىل ۋە نەپىس ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىنى ياراتقان. خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ ۋە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان 12 مۇقام ناخشا - قوشاقلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نەمۇنىلىرى ئەنە شۇ مىراسلارنىڭ داۋامى. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ 12 مۇقامى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە نەپىس مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ، 32 شۆبە، 72 چۇشۇرگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنغا باي، خىلمۇ خىل مۇڭلۇق، ئاھاڭلىق ۋە گۈزەل سەنئەتلىك ئەلنەغمە تۈركۈمى. خەلق ئەنە شۇ گۈزەل سەنئەت قورالى ئارقىلىق، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقە ۋە كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغان؛ خەلق قەھرىمانلىرىنى مەدھىيىلىگەن؛ ھۆكۈمران زالىملارنىڭ زۇلۇملىرى ۋە پەسكەشلىكلىرىنى مەردانىلەرچە پاش قىلىپ، ئۇلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن؛ ئەمەلگە ئاشۇرالماي كەلگەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلغان؛ ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى ۋە ئەمگىكى بىلەن ئىجاد قىلغان ھەم ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن غىجەك، راۋاپ، تەمبۇر، دۇتار، چاڭ، ناغرا، داپ، كاناي، سۇناي، نەي قاتارلىق مىللىي چالغۇلىرىنى گۈزەل، نەپىس ئاھاڭلارغا تەڭكەش قىلىپ، ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى نامايان قىلغان. بۇ تارىخىي مىراسلارنى خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن سەنئەتكارلار، ناخشا - ئۇسسۇلچىلار، سازچىلار تېخىمۇ بېيىتقان، كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. لېكىن قۇمۇل خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى فېئودال ۋاڭلار ۋە بەگلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان؛



بولۇپمۇ شا مەخسۇت دەۋرىدە قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان؛ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقنى كۈيلەيدىغان ئىلغار مەزمۇنلۇق شېئىر، قوشاقلار، ناخشا ۋە ئەلنەغمىلەر قاتتىق تەقىپ قىلىنغان؛ ھاپىزلار ئۇرۇلۇپ جازالانغان، تۇتقۇن قىلىنىپ قاماققا ئېلىنغان، ياكى پالانغان، ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. بىراق، شا مەخسۇتتەك فېئودال زالىملارنىڭ بۇنداق پەسكەش ۋە قەبىھ چارىلىرى خەلقنىڭ ئىلغار كۈيلىرىنى توختىتىپ قالالمىغان. ئەكسىچە، شا مەخسۇتنىڭ زۇلۇمى كۆپەيگەنسېرى، خەلقنىڭ سەۋرى - تاقىتى چېكىگە يېتىپ، ئۇنى پاش قىلىدىغان، يامانلايدىغان ناخشا - قوشاقلارمۇ كۆپىيىپ بارغان.

مەسىلەن:

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەش تۇلۇم.
شا مەخسۇتنىڭ دەردىدە،
نەگە بارساڭ كۆپ زۇلۇم.

شا مەخسۇتنىڭ زامانىدا،
ئالۋانلار ئېغىر بولدى.
قاتمۇ قات تېگىپ قامچا،
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

مۇشۇ قوشاقنىڭ ئېيتىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئالتۇنلۇقتا ئولتۇرۇشلۇق سۈپۈر شېرىدىپ، نۇر مۇھەممەددىن، گالى تۇردى قاتارلىق قومۇللۇق بەششەھەر ۋە تاغلىقلاردىن بولۇپ 30 دىن ئوشۇق ياش تۇتۇپ كېلىنىپ، 40 غولدىن ئۇرۇلغان ھەمدە شا مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر سالدۇرغان «تۆگە تاش» دېگەن جايدىكى ئوردا قورۇلۇشىغا ئەۋەتىلىپ، ئەتىيازدىن كۈز پەسلىگىچە 9 ئاي قاتتىق ئەمگەككە سېلىنغان. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى ۋە باشقا راسخوتلىرىنى ئاتا - ئانىلىرى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان. بۇ 30 نەچچە ياشقا يەنە «ۋاڭغا تىل تەگكۈزدى»، «پادىشاھغا ياندى» دېگەن گۇناھ ئارتىلىپ، نومغا ئىككى يىللىق پالانغان. بىر قېتىم شا مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر قاتناشقان بىر مەشرەپتە، قەدىمدىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تۆۋەندىكى خەلق قوشىقى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇلغان:

ئالتۇن خورىزىم،
پۆپەكلىرى ئالتۇن بوياق.
زامانىنىڭ دوشقارىدا،
قوللار ئاتلىق، بەگلەر ياياق.

قوشاقنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان نەزەر غەزەپكە كېلىپ، كۆزىگە قان تولغان ھالدا، قوشاق ئېيتقان راھەتباغلىق كىشىنى باستۇرۇپ، ئاغزىغا ئاياغ بىلەن قاتتىق ئۇرغان ۋە مۇنداق قوشاقنى ئىككىنچى ئېيتماسلىقنى جاكارلىغان.

### 16. شا مەخسۇتنىڭ ھەشەمەتخۇر ۋە ئىسراپخورلۇقى

1877 - يىلى شا مەخسۇت ئوغلى نەزەرنىڭ سۈننەت تويىنى قىلماقچى بولۇپ، ئوردىنى زىننەتلەش ۋە رېمونت



قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن بەششەھەر خەلقىدىن ئالۋانغا ئادەم يىغىپ، تاش كېسەر دېگەن تاغدا پەلەمپەي تاشلىرى ياساتقان. ھەر بىر پارچە تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىردىن بولۇپ، 4 سىڭىرلىق قىلىپ كەستۈرۈلگەن. ھەر بىر ئائىلە كېسىپ تەييارلىغان تاشنى ئۆز ئۇلاغ - ھارۋىسى بىلەن ئوردىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ تاشلار ئوردىنىڭ ئىچكىرىكى ئىشىكىدىن ئارتىپ تاشقىرىقى دەرۋازىغىچە بولغان 200 مېتىردەك يەرگە تۆت مېتىر كەڭلىكتە قىلىپ ياتقۇزۇلغان. بۇ تاشلارنى تەييارلاش جەريانىدا، بەششەھەر خەلقىدىن 16 كىشى تاش بېسىۋېلىپ ئۆلگەن، ئاللا نەپەر كىشى ئېغىر يارىلانغان. ۋاڭ تەۋەلىكىدىكى دورغا - قازىلار تۆت ئاي تاش چوقۇپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بەششەھەر خەلقىنى سۈننەت تويىغا خىنا (سوۋغات) ئۈچۈن، ھەربىر ئائىلە بويىچە سەككىز گەزدىن تاۋار، توققۇز دانىدىن توقاچ ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلغان. دېمەك، سۈننەت توي مەرىكىسى مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ، ۋاڭ خەلقتىن نۇرغۇن بايلىق يىغىۋالغان.

مىلادى 1907 - يىلى شا مەخسۇت چوڭ قىزى خان قۇچۇڭ خېنىمنى لۈكچۈن ۋاڭى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى ئىمىن ۋاڭغا ياتلىق قىلغاندا، ئىككى ۋاڭ ئوتتۇرىسىدىكى توي خۇددى رىۋايەتلەردىكى پادىشاھلار تويىدەك تولىمۇ چوڭ داغدۇغا بىلەن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ تويغا ئۆرۈمچىدىكى دۇفۇدۇتەي ۋە بۇيەنداشۇيلەر ئەلچى بولغان. توختام بويىچە، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە 200 تۆگە، 100 ئات، 100 كالا، 1000 تۇياق قوي، 200 دادەن بۇغداي، 100 دادەن گۈرۈچ، 100 دادەن قوناق، 100 دادەن كۆنجۈت، 100 دادەن زىغىر، 100 دادەن زاراڭزا، 100 دادەن كەندىر، 1000 جىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، 1000 جىڭ قاق، 1000 جىڭ

ھاراق، 100 تاختا چاي، 100 سەر ئالتۇن، 1000 سەر كۈمۈش، 5000 سەر قەغەز ئاقچا، يەنە يىلنىڭ تۆت پەسلىگە ماسلاشتۇرۇپ، قىشلىق 90 كۈنگە تۈلكە، بۆرە، سۇلەيسۇن، سۆسەر، قاماتېرىلىرىدىن 90 يۇرۇش جۇۋا ۋە پاختىلىق كىيىم، يازلىق 90 كۈنگە 90 خىل يىپەك رەختتىن 90 يۇرۇش كىيىم، كۈز ۋە ئەتىيازلىق 180 كۈنگە 180 خىل يىپەك رەختتىن 180 يۇرۇش ئەستەرلىك كىيىم، 1000 قۇتا ئالىي دەرىجىلىك ئەتىر، 360 دانە يىپەك ياغلىق ۋە 100 شىرەلىك خەيىسنىڭ قاتارلىق نەرسىلەرنى بەرگەن. يىگىتنىڭ قۇمۇلغا كېلىش - كېتىشىدە، يەنتە قۇدۇقنىڭ غەرب تەرىپىدىكى مەنزىللەرگە كېتىدىغان بارلىق چىقىمىنى لۈكچۈن ۋاڭى ئۈستىگە ئالغان، يەنتە قۇدۇقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەنزىللەرگە كېتىدىغان بارلىق چىقىمىنى قۇمۇل ۋاڭى ئۈستىگە ئالغان. لۈكچۈن ۋاڭى ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ۋە تەييارلىقلار بىلەن قۇمۇل تەۋەسىگە (يەنتە قۇدۇقنىڭ شەرقىگە) كەلگەندە، شا مەخسۇت خەلققە ئالۋان سېلىپ، ئۇن، گۈرۈچ، ماي، ئوتۇن - كۆمۈر، ئات - ئۇلاغ، ھارۋا، ئادەم قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، لۈكچۈن ۋاڭىنى كۈتۈۋالغان ۋە تۆۋەن ئوردىنى چۈشكۈن (قونالغۇ) قىلىپ بەرگەن. توي قۇمۇلدا 40 كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان. دورغا ۋە قازىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن، شەھەردىكى ھەربىر ئۆيلۈك پۇقرا توققۇز دىن ناننىڭ ئۈستىگە بىر كىيىملىك يىپەك رەخت قويۇپ تويغا خىنا قىلغان بولسا، يېزىدىكى چارۋىچىلار بىر جۈپ ئات ياكى كالا، 15 دىن 30 قىچە قوي خىنا قىلغان؛ قول - ئىلكىدە يوقلىرى يەر - زېمىنلىرىنى گۆرۈگە قويۇپ بولسىمۇ خىنا تەييارلىغان؛ تۆگمەنچىلەر 40 تىن ئۆردەك ياكى توخۇ، 100 دىن تۇخۇم، باغۋەنلەر 100 جىڭدىن ھەر خىل مېۋە، قوغۇنچىلار 15 جىڭدىن 100 جىڭغىچە قوغۇن قېقى تەييارلىغان. پۇقرالار



بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئوردىغا بارغاندا، توي ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئات - كالا، قويلارنىڭ زاسۋي شورپىسىغا سېلىنغان ماش - پۇرچاق، قوناق كۆجىسى بىلەن كۈتۈۋېلىنغان. شەنگەن، شەتەيلەر، تەيجى، قازى، بەگ - غوجا ۋە دورغىلار ۋاڭنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ چىقىم قىلىشىپ، تويغا ھەر خىل ئېسىل رەختتىن جاڭزا ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى تەقدىم قىلىشقان.

توينىڭ 1 - كۈنى يۇقىرى تەبىقىدىكى مېھمانلار ھەر خىل ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىلىنغاندىن كېيىن، ئالدى توققۇز دىن، ئاخىرى بىر گىچە پۈتۈن قوينىڭ گۆشى ۋە كىيىملىك رەختلەرنى زەللە قىلىپ ئېلىپ قايتقان، 2 - كۈنى بۇ مەنسەپدارلارنىڭ ئاياللىرى مېھمان قىلىنغان، مېھماندارچىلىق مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئەمەل ۋە ھۆرمىتىگە قاراپ ئېلىنىپ بېرىلىپ، 40 كېچە - كۈندۈز داۋاملاشقان. توي داۋامىدا ھەر كۈنى 2 — 3 — يۈز كەمبەغەل سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش، ئوت قالاش قاتارلىق ھەر خىل ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلغان. ئەگەر سۇسلۇق قىلسا، باش - كۆزىگە قامچا يېگەن. پۈتۈن ئوردا ۋە شەھەر ئىچى قىزىل، يېشىل ئىنتا، لوزۇنكىلار بىلەن زىننەتلەنگەن؛ بىر نەچچە جايغا سەھنە ياسىلىپ، ناغرا، سۇناي، چاغىنەي كانايلار چېلىنىپ تۇرغان؛ بۇ جايلاردا مەشرەپ سورۇنلىرى تۈزۈلۈپ، ناخشا - ئۇسسۇللار ئەۋجىگە چىققان؛ يەنە مەخسۇس تەييارلانغان سەھنىلەردە چاڭشى، ۋاۋاشى، گاڭگاشىلار قاتارلىق خەنزۇچە سەھنە ئويۇنلىرى ئوينالغان؛ سېرىك، چېلىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىقلار توينى تېخىمۇ قىزىتىۋەتكەن؛ سودىگەرلەر، باققاللار نەرسىلىرىنى يېيىپ بازارنى قىزىتقان. بۇ تاماشىلارنىڭ خىرىدارلىرى ئەلۋەتتە ئاق سۆڭەك بەگ - غوجىلار، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، باي سودىگەرلەر بولغان. «ئاق ساراي» نىڭ

گارنىزونلىرىغا پايانداز سېلىنغان بولۇپ، ۋاڭنىڭ ئايپىللىرىنىڭ مەخسۇس ھۇجرىلىرىنىڭ بىرىدە بەش ئايال ئورۇن ئالغان: ئۆينىڭ تۆرىدە ھەر خىل ئېسىل دۇخاۋا، تاۋار، زەرباپتىن تىكىلگەن يەتتە قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە يۇمشاق يۆلەنچۈككە يۆلەنگەن ھالدا يۈزلىرى قانسىز قوچۇق خېنىم ئولتۇرغان؛ ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە، بەش قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ، بەش قەۋەت دۆرەسكەل ئۈستىدە ئۇنىڭ قىزلىرى، ئۇلارنىڭ ئىككى چېتىدە ئۈچ قەۋەت دۆرەسكەل ئۈستىدە كېلىنلىرى ئولتۇرغان. بەگلەرنىڭ خېنىملىرى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھۇجرىنىڭ سىرتىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ يېنىدا 4 — 5 ھاپىز ئايال داپ چېلىپ، بېشىغا قارا خالتا كىيگۈزۈلگەن غىجەكچى ئەرلەرنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ناخشا ئېيتقان. مەخسۇس ھۇجرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار ھۇجرا ۋە ئۆيلەردە خىلمۇ خىل كىيىنگەن مەنسەپدارلار ۋە بايلارنىڭ ئاياللىرى ئولتۇرۇشقان. مېھماندارچىلىق ۋە زىياپەتلەردىن كېيىن، قىز ۋە يىگىتكە تەييارلانغان 320 ساندۇق كىيىم — كېچەك، ئۆي جاھازلىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلەر ئۆيمۇ ئۆي كىرگۈزۈلۈپ، مېھمانلارغا كۆرسىتىلگەن. توي ئۆتكۈزۈلگەن 40 كۈننىڭ ھەر كېچىسى لوكچۇن ۋاڭى ئۆزىنىڭ بەگ، سىپاھ، ئاخۇنلىرى بىلەن بىللە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسىغا توققۇز قېتىم تەزىمگە بارغان. 41 - كېچىسى قىز تۆۋەن ئوردىغا كۆچۈرۈلگەن، يولدا توققۇز جايدا ئاقچا بىلەن ئىسرىق سېلىنىپ ۋە گۈلخان يېقىلىپ، ئەتىر چېچىلغان. ھەربىر گۈلخان ياققاندا ئۈچ كالا، ئۈچ تۆگە، ئۈچ ئات، 90 تۇياق قوي ئۆلتۈرۈلۈپ، سەدىقە قىلىنغان. قىز تەختىراۋانغا سېلىنىپ، ئۇنى سەككىز ئايال كۆتۈرۈپ ماڭغان؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا توققۇز ئاخۇنۇم قۇرئان كۆتۈرۈپ، توققۇز قارى ئايەت ئوقۇپ، 40 ئىشان ھۆكمەت



ئېيتىپ ماڭغان. بەگلەر ۋە سودىگەرلەر «خۇدا پاشا قىزغا توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىز بەرسۇن، توققۇز ئوغۇلنىڭ ھەربىرى 90 يىلدىن پادىشاھلىق قىلسۇن» دەپ شوئار توۋلاپ ماڭغان. قىز كۆچۈرۈلگەندە، قىزنىڭ سەدىقىسى ئۈچۈن، تۆت ئەر قول، بەش ئايال قولنىڭ «ئازاد» قىلىنىدىغانلىقى؛ 100 سەر ئالتۇن، 1000 سەر كۈمۈش، 300 تۆگە، 100 ئات، 100 كالا، 1000 تۇياق قوي، 100 دادەن بۇغداي، 100 دادەن گۈرۈچ، 100 دادەن قوناق، 100 دادەن تېرىق سەدىقە بېرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن توققۇز قول ئازاد قىلىنمىغان، ھېچنېمە سەدىقە بېرىلمىگەن.

## 17. شا مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەرنىڭ ۋەھشى قىلمىشلىرى

شا مەخسۇتنىڭ دۇنيالىقتا كۆرگەن بىرلا ئوغۇل پەرزەنتى نەزەر دادىسىنىڭ ۋاڭلىق دۆلىتىدە بەكمۇ ئەركى، بەگباش، ئەخلاقسىز ۋە لوكچەك بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ تەلۋىلىك ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىغا ھېچ كىشى سۆز ئاچالمىغان. ئۇ، بالاغەتكە يەتكەندە، «ساجىدە خېنىم» ئىسىملىك ئاقسۆڭەك قىزغا ئۆيلەنگەن. مەركىزىي خانلىققا مەلۇم قىلىنىپ، نەزەرگە «بەيزى» لىك مەنسەپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ كەينى-سايا سورۇشىغا ھەمراھ بولۇش ھەم خىزمەت قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، 20 — 30 بەگ ۋە سىپاھ ئايرىپ بېرىلگەن. نەزەر يىل بويى ئاشۇ بىر توپ شېرىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەپيۇن — نەشە چېكىش، ھاراق ئىچىش، مەشرەپ ۋە ياراۋەت ئويناش، ناشايان ئىشلارنى قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئۆزىگە سېلىپ بېرىلگەن كىچىك ئوردىنى ئاشۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىغان مەيخانىغا ۋە بىگۇناھ كىشىلەرنى قىيناپ ئازابلايدىغان، جېنىغا زامىن بولىدىغان قاراڭغۇ زىندانغا ئايلاندۇرۇ-

ۋالغان. نەزەرنىڭ دادىسىنىڭ چەكسىز ھوقۇقىغا تايىنىپ
قىلغان ئەسكىلىكلىرى ۋە خەلققە قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇق-
لىرىنىڭ ھېچقانداق سوراق - سوئالى بولمىغان. نەزەر ئاشۇن-
داق ئىچىش، چېكىش، زىناخورلۇق بىلەن بەنت بولۇپ، ئۆيگە
ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر كەلگەن، دادىسى شا مەخسۇت
بىلەلمىگۇ بەش - ئالتە كۈندە بىر كۆرۈشكەن. شۇنداق
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ خوتۇنى ساجىدە خېنىم نەزەرنىڭ
ناشايان، بەتقىلىق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىر دېدەك
قىزدىن ئاڭلاپ قېلىپ، نەزەرگە ئۆچمەنلىكى كەلگەن. ئۇ،
ۋاڭنىڭ لاۋزىماتچىسى تۇران خاتىپنىڭ مەسلىھەتى بويىچە،
نەزەرگە بىر خىل دورىنى مەخپىي ئىچكۈزۈۋەتكەن. شۇنىڭ
بىلەن، نەزەر ئىشقا يارىماس بولۇپ قالغان. ئەمما بۇنىڭ
سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمىگەن. نەزەر بۇ ئەھۋالنى بەگلىرىگە
ئېيتقاندا، بەگلەر «40 كۈنگىچە چىرايلىق قىزلاردىن ھەر
كېچىسى بىرنى ئالسىلا ئەسلىلىرىگە كېلىلا ...» دەپ مەسلىھەت
بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، نەزەر پۇقرالارنىڭ 40 قىزىنى مەخ-
پىي يوسۇندا زورلۇق بىلەن نىكاھىغا ئالغان، بۇ قىزلارنىڭ
ئاتا - ئانىلىرى ياكى ئۆزلىرى ھېچقانداق قارشىلىق كۆر-
سىتەلمىگەن! ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسە قاتتىق جازالانغان.
نەزەر ئاياغ - ئاستى قىلغان قىزلارنى بىرنەچچە كۈن ساقلاپ
بېقىپ، بىر قىسمىنى ئۆيلىرىگە قايتۇرغان، بىر قىسمىنى
ئۆزى يېقىندىكى بەگلەرگە ۋە كاھلارغا مەجبۇرىي ئېلىپ بەرگەن.
نەزەرنىڭ تەلىپى بىلەن 20 — 30 بەگ ۋە سىپالارنىڭ
ئۆيلىرىدە نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «باراۋەت» لەرگە ئەنە
شۇ قىز - چوكانلار «ئىشتىراك» بولغان. نەزەرنىڭ ئەترا-
پىدىكى بەگ - سىپالار ھەر كۈنى پۇقرانىڭ چىرايلىق
قىزلىرىنى پايلاپ كۆرۈپ قويۇپ، ئاخشىمى مەلۇم بەگنىڭ
ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «غوجام پاشا» نىڭ باراۋىتىگە مەجبۇرىي



چاقىرتىپ كەلگەن. نەزەر ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى ئەپيۇن - نەشە
چېكىش، ھاراق ئىچىشكە ئاشۇ قىز - چوكانلارنىمۇ مەجبۇر
قىلغان. ھاراق ئىچىپ ۋە نەشە - ئەپيۇن چېكىپ مەست
بولغان ئەر - ئاياللار مەستچىلىكتە ئانىدىن تۇغما بولۇپ
ئۇسسۇل ئويناشقان ۋە ھايۋانلارچە قىلىقلارنى قىلىشقان.
بۇنىڭدىن نەزەر ناھايىتىمۇ ھوزۇرلىنىپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ
كەتكەن. مۇنداق «باراۋەت» ھەربىر بەگنىڭ ئۆيىدە بەش -
ئالتە كېچە - كۈندۈز ئۆتكۈزۈلگەن. مەجبۇرى ئېلىپ كېلىنگەن
قىز - چوكانلاردىن ياخشى كۆرۈنۈپ قالغانلىرى «باراۋەت»
نىڭ دائىملىق «ئىشتىراكچىلىرى» قىلىنىپ، نەچچە كۈندە
بىر قېتىم ئۆيىگە قايتۇرۇلغان.

مۇشۇ سەۋەب بىلەن، نەزەرنىڭ «باراۋىتى» گە مەجبۇرىي
قاتناشتۇرۇلغان نۇرغۇن ياش ئاياللارنىڭ ئۆيلىرى بۇزۇلغان،
ئۇلارنىڭ ئەرلىرى جازالانغان ياكى ھاقارەتلەنگەن. مۇنداق
ۋەھشىيلىك ۋە زالىملىققا چىدىمىغان كىشىلەر شا مەخسۇتقا
كۆپ قېتىم ئەرز - داد ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەرزلەر
سورالماي، ئەكسىچە، ئەرز قىلغۇچىلار جازالانغان. مەسىلەن:
ۋاڭنىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىدىن قارىتاللىق گوشۇك ئۆمەر-
نىڭ ئايالى نەزەرنىڭ «باراۋىتى» گە خېرىدار قىلىنىۋېلىنغاندا،
ئۆمەر بۇ خورلۇققا چىدىماي، تەيجىلەرگە ئەرز قىلغان، ئەمما
تەيجىلەرمۇ قورقۇپ، بۇنىڭغا ئامال قىلالمىغان. ئۆمەر ئاخىر
شا مەخسۇتقا ئەرز قىلغان. شا مەخسۇت ئۆمەرنى ئوردا
مۇھاپىزەتچىلىكىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئايالى بىلەن قارىتالغا
كېتىشكە بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئايالىنى قۇتقۇزۇپ
قالالىغان. توغۇچىلىق يۈسۈپنىڭ ئايالى «باراۋەت» كە قوشۇ-
ۋېلىنغاندىن كېيىن، يۈسۈپ ئەلەمگە چىدىماي، ئۆزىنى ئۆل-
تۈرۈۋالماقچى بولغان. ئۇنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنى
ئۆلۈم يولىدىن توسۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ شا مەخسۇتقا

ئەرز قىلغان. ئەمما، شا مەخسۇت ئۇنىمۇ قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يېزىغا ھەيدىگەن. نەزەر دادىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىپ، 10 دىن ئارتۇق بىگۇناھ كىشىنى ئۇرۇپ – قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مەسىلەن، بازار بېگى ئابلىز بەگنىڭ ئوردا ئىنىكىسى بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان نەزەر بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، «ئابلىز بەگ بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى ئېمىتىۋاتقان ئىنىكانا بىلەن نېمىشقا بىر جايدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدۇ، بۇنىڭدا چوقۇم مەسىلە بار» دېگەن گۇمان بىلەن، ئابلىز بەگنى تۇتۇپ كېلىپ، قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شا مەخسۇت ئابلىز بەگنىڭ دادىسى ناسىر بەگنى چاقىرتىپ كېلىپ: «مېنىڭ دۇنيالىقتىكى شۇ يالغۇز شاھزادەم سىزنىڭ بالىڭىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ بىر كېلىشمەسلىك. بۇ ھەقتە شاھزادەمگە بىر نەرسە دېسەم، ئۇنىڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ. سىز خاپا بولمىسىڭىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ناسىر بەگكە بەش دادەن بۇغداي، بىر ئاز رەخت، قوي ۋە بىر نەچچە مو تېرىلغۇ يەر بېرىلىپ، ئابلىز بەگنىڭ ئۆلۈمى تىنچىتىلغان. نەزەرنىڭ ئاغىچىسى ئاپاچىدە خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان، ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىنغان چىنار ئىسىملىك 17 ياشلاردىكى خەنزۇ دېدەكنى نەزەر «مېنىڭ ئۈستۈمدىن يامان گەپ تارقىتىپتۇ، نام – شەرىپىمىزگە داغ چۈشۈرۈپتۇ» دېگەن بوھتان بىلەن ئابدۇلكېۋىر دېگەن چاكارىغا بۇيرۇق بېرىپ، ئېگىزلىكتىن ئوتۇنخانىغا تاشلاتقۇزغان. گۇناھسىز چىنار قىز ئوتۇن ئۈستىگە چۈشۈپ پارچىلىنىپ ئۆلگەن، بۇ دۇنيادىن نام – نىشانسىز كەتكەن.



## 18. سۈرگۈن ۋە نوم

قۇمۇل خەلقى ۋاڭلىق تۈزۈمنىڭ زۇلمىدىن باشقا، فېئوداللىق دىنىي شەرىئەتنىڭ قائىدە – قانۇنلىرىنى مۇتلەق ئىجرا قىلىشتىن كېلىدىغان زۇلۇمنىمۇ تارتىشقا مەجبۇر ئىدى. ئىشان، مۇتىسىپلار ناماز ئوقۇمىغانلار، روزى تۇتمىغانلارنى، تاماكا، ناس، نەشە چەككەن ۋە ھاراق – شاراب ئىچكەنلەرنى، بېشىغا ياغلىق ئارتماي ئېتىزغا ئەمگەك قىلغىلى، ئوتۇن تەرگىلى چىققان، سۇغا ياكى بازارغا چىققان ئاياللارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئوردىغا تاپشۇرۇپ جازالاتقان. كۈنىگە 5 – 10 ئادەم تۇتقۇن قىلىنغاچقا، ئوردا قاماقخانىسى ئادەمگە توشۇپ كەتكەن، ئەينى زاماندا مۇھەممەت بىشىر ۋاڭنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئامان غوجا ئىسىملىك بىر مەنسەپدار ھازىرقى كونا ئايرودرومنىڭ يۇقىرىسىدا قورۇ – جاي ۋە راۋاق سېلىپ ئولتۇرغان. ئوردا قاماقخانىسىغا پاتماي قالغان ئادەملەرنى «سۈرگۈن» دېگەن نام بىلەن ئاشۇ ئامان غوجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. قۇمۇلدا شۇنىڭدىن باشلاپ «سۈرگۈن قىلىش» كېلىپ چىققان. ئۇ جاي «ئامان قاغا» دەپ ئاتالغان.

ئامان قاغا ئەسلىدە ۋاڭنىڭ يانتاقلىقى بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەر بىرى ئامان غوجا باشچىلىقىدا ھەر يىلى ئىككى ھارۋىدىن يانتاق چېپىپ، ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇپ تۇرغان. «ئامان قاغا» دا كۇسۇتكە كۆپ بولۇپ، ئۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان «گۇناھكارلار» ئوردىغا كۇسۇتكە تېرىسى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. ئۇلار كۇسۇتكە تۇتۇش ئۈچۈن، قاپاق بىلەن سۇ توشۇپ كېلىپ، كۇسۇتكىنىڭ ئۇۋىسىغا قۇيغان. سۇنى كۆرگەن كۇسۇتكە ئۇۋىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ھامان «گۇناھكارلار» ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، تېرى-

سىنى ئېلەپ تەييارلىغان. كۆسۈتكىنىڭ چوڭلۇقى ئاسلاندەك بولۇپ، «گۇناھكارلار» نىڭ ھەربىرى 10 كىشىلىك جۇۋىغا يەتكۈدەك كۆسۈتكە تېرىسى تاپشۇرۇشى شەرت بولغاچقا، ئۇلار بۇ ئالۋاننى ئاز دېگەندە بىر يىل، كۆپ دېگەندە بىرقانچە يىلدا مىڭ مۇشەققەتتە ئورۇنداپ بولغان؛ شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ «گۇناھى» تۈگەپ، ئوردىنىڭ ھۆكۈمىنى شەرتسىز ئادا قىلغان ھېسابلىنىپ، تىلىدىن ھۆججەت ئېلىنىپ، قايتۇرۇلغان. بۇ بىر نەچچە يىل جەريانىدا، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى ئائىلىسىدىكىلەر توشۇپ بەرگەن؛ ئائىلىسىدە ئادىمى يوق كىشىلەر تاماق ۋە كىيىم-كېچەكتىن قىسىلىپ، ئۆي-ماكانلىرىنى گۆرۈگە قويۇپ ياكى سېتىپ خىراجەت قىلىپ، ئاخىر بىر يوقسۇللۇققا ئايلانغان. يەنە بەزى يەككە-يېگانىلەر قاپاق بىلەن سۇ توشۇپ بوز يەر ئېچىپ، ئۇ يەرگە تېرىق تېرىپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى يېمەك قىلىپ، ئاشقان ۋاقىتتا كۆسۈتكە تۇتقان. مۇنداقلارنىڭ سۈرگۈن ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەن.

1913 - يىللىرى قۇمۇلدا قاتتىق يەر تەۋرىگەندە، ئامان غوجىنىڭ قورۇسى ۋە راۋىقى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئامان غوجا ۋە سۈرگۈن قىلىنغان بىر نەچچە يۈز بىگۇناھ كىشى راۋاق ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن. شۇندىن كېيىن «گۇناھكارلار»نى نومغا، كېيىنرەك ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) تەرەپكە سۈرگۈن قىلغان.

نوم — ھازىر ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. بۇ جاي ئەسلىدە قۇمۇل ۋاڭلىرىغا قاراشلىق بولۇپ، دورغا، مىرابلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدا ئادەم ناھايىتى شالاڭ بولغان. «نوم» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، موڭغۇللار «نوم تولغىلى» دەيدۇ، ئۇيغۇرچە «يۇرتنىڭ باشلامچىسى» دېگەن بولىدىكەن. نومنىڭ شىمالىنى موڭغۇ-



لىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھىنگان تاغلىرى، شەرقىي ئىڭگىز ۋە ئىمىر تاغلىرى، جەنۇبىنى تىيانشان تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ؛ غەربىي چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك. ئۇ يەردە سوكسوك، يۇلغۇن، قارىياغاچ كۆپ ئۆسىدۇ. نومنىڭ يېرى قارا توپىلىق، مۇنبەت، ئەمما ھاۋاسى ئىسسىق، دائىم شامال-بوران چىقىپ تۇرىدۇ. ئاھالىسى كەڭ سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. سايدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئەڭ ئېغىر «گۇناھكار»لار شۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە شۇ يەردىكى تۈرمە، زىندانلارغا سولانغان. تۆت مولۇق يەردە تۈرمە، چوڭقۇرلۇقى بەش-ئالتە مېتىر كېلىدىغان، ئاستى كەڭ، ئېغىزى كىچىك، ئىچى سىلىق سۇۋالغان تونۇر شەكلىدىكى بىر قانچە زىندان بولۇپ، «گۇناھكارلار» گۇناھىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ تۈرمە ياكى زىندانغا تاشلانغان؛ ئەڭ ئېغىرلىرى كېچە-كۈندۈز زىنداندىن چىقىرىلمىغان، ئۇلارنىڭ تەرەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولغان، ئاش-تاماقنى شۇ يەرگە تاشلاپ بەرگەن، پەقەت ئۇنىڭ ئۆلۈكىلا سىرتقا چىقىرىلغان؛ ئەمما گۇناھى يېنىكرەك دەپ قارالغانلار كۈندۈزى زىنداندىن چىقىرىلغان، ئەمما ئىككى پۇتىغا 40 جىڭدىن 80 جىڭغىچە كېلىدىغان كۆتەك سېلىنىپ، قول ئەمگىكىگە ئىشلىتىلگەن؛ بەزىلىرى كېچىسى زىنداندا ياتقۇزۇلۇپ، كۈندۈزى نازارەت ئاستىدا ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان؛ يەنە بەزىلىرى پەقەت نومغا سۈرگۈنلا قىلىنىپ، تۈرمە ياكى زىندانغا سېلىنماي، ۋاڭ-دورغىلارنىڭ دېھقانچىلىقىغا ئىشلىتىلگەن. نومغا سۈرگۈن قىلىنغانلار نومدىكى ئازاب-ئوقۇبەت ھەققىدە مۇنداق قوشاق توقۇغان:

نوم دېمەڭلار، نوم دېمەڭلار،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.

يوللىرى قوڭغۇر – تېگەنە،
ئادەملىرى ئالۋانچىكەن.

نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، توغراقنىڭ سانى يوق.
ھاۋاسى ئىسسىق، جارى قاتتىق،
خەلقىنىڭ ئارامى يوق.

نومغا سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ بەزىلىرى مۇددىتىنى توشقۇزۇپ قايتقان، بەزىلىرى شۇ يەردە ئۆلۈپ جەسىتى قالغان، بەزىلىرى شۇ يەردە ئۆيلىنىپ ئولتۇراقلىشىپمۇ قالغان. شا مەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە، نومدىن باشقا، باي ۋە توغۇچى يېزىلىرىغا، كېيىنرەك ئارا يۇلتۇز تەرەپكىمۇ تۈرمە ۋە زىندانلار سېلىنىپ، «گۇناھكارلار» شۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان؛ ئۇ يەرلەرنى يەرلىك ھاكىمدارلار باشقۇرغان.

## 19. تورپاقلار قوزغىلىڭى

XX ئەسىرنىڭ باشلىرى يەنى مىلادىنىڭ 1907 – يىلى (گۇاڭشۇيىنىڭ 33 – يىلى) ئەتىياز پەسلىدە، قۇمۇل دېھقانلىرى تېرىقچىلىققا ئالدىراش كىرىشىپ كەتكەن. سېرىق تال مەزگىلىدە، ۋاڭنىڭ «سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق» سېلىقى باشلىنىدۇ. غورىگۈل كۆن كۆچۈرۈپ ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ئاران بېقىۋاتقان، سان – ساناقسىز ئالۋان – ياساق، باج – سېلىق ۋە قاقتى – سوقتىلىقلاردىن بىزار بولۇپ جېنىدىن جاق تويغان دېھقانلار ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ، ۋاڭنىڭ زالىملىقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە جاۋابەن، ئاشلىق سېلىقىنىڭ ئېغىرلىقى توغرىسىدا ۋاڭغا ئەرز سۇنىدۇ؛ ۋاڭ دېھقانلارنىڭ



ئەرزىگە قۇلاق سالمايدۇ، خەلقنىڭ ئاھ – زارىغا پىسەنت قىلمايدۇ. خەلق بۇنىڭدىن غەزەپلىنىدۇ. يارى توگمەنلىك ياش نامرات دېھقان جارۇللا «سېتىۋېلىنىدىغان بەش دادەن ئاشلىق» نى تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا ۋاڭلىقنىڭ زۇلمىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ شىكايەتنامە قالدۇرىدۇ. ئاكا – ئۇكا تورپاق موللا راجى، زارىپ، شاكىرلار «سېتىۋېلىنىدىغان 13 دادەن ئاشلىق» نى تۆلەشكە ئامالسىز قېلىپ، قۇمۇلنىڭ لاپچۇق دېگەن يېزىسىغا قېچىپ كېتىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، ۋاڭنىڭ ئارانچى كۆمۈر كېنىدا ھادىسە يۈز بېرىپ، ئاستانە، توغۇچى، قارا دۆۋە، لاپچۇق دېھقانلىرىدىن 17 كىشى ئۆلىدۇ. ۋاڭ ئۆلگۈچىلەرنىڭ بالا – چاقىلىرىغا نەپەقە ياكى خىراجەت بەرمەيدۇ. ئاۋام خەلق بۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. بۇ ھال خەلقنىڭ بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ۋاڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە پىلتە بولۇپ بېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاۋام خەلق ۋاڭنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، يوغان بىر پارچە ئاق لاتىغا تەلەپلىرىنى يېزىپ، ئۇنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستىگە (ۋاڭنىڭ خانىشىنىڭ دېرىزىسىگە ئۇدۇل قىلىپ) ئېسىپ قويىدۇ. ئەمما، ۋاڭ بۇ تەلەپنامىگىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. ئاۋام خەلق يەنىلا سەۋرى – تاقەتلىك بولۇپ، دېھقانلاردىن ئۆزخوجا ئەخمەت، موللا نازى، دۇگامەت قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل سايلاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلدىكى مەھكىمىسىگە ئىلتىماس سۇنىدۇ. ئۇلار ئىلتىماسىدا، غەللە – پاراقنى كېمەيتىشنى، نامۇۋاپىق ئالۋان – سېلىقنى ئازايتىشنى، پۇقراغا مەلۇم ياشاش ھوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ۋاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، چىڭ سۇلالىسى مەھكىمىسى بۇ تەلەپكە قوشۇلماي، ۋاڭنىڭ تەرىپىنى

ئالدۇ ھەمدە: «سېلىقلەرنى مەركىزىي خانلىقى قومۇل ۋاڭلىرىغا
دارىغان قىلىپ بەرگەن، ۋاڭغا ئەلۋەتتە ئالۋان - سېلىق
تۆلەيسىلەر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دېھقانلار بۇنىڭغا قەتئىي
ئۇنىمايدۇ. غەزەپكە كەلگەن خەلق ئاخىر قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇلار شەھەر ئىچىنىڭ
شەرقىدىكى ۋاڭلىققا تەۋە گۈمبەز باغچىدا بارىگاھ قۇرىدۇ ۋە مۇ-
شۇ باغچىنى مەركەز قىلىپ، ۋاڭلىق بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىدۇ.
تۆرپاق ئاكا - ئۇكىلار ۋە تارانچى كۆمۈر كېنىدىكى
مېيتلارنى ئۇزاتقۇچىلاردىن 300 دىن ئارتۇق ئاممىمۇ قوز-
غىلىپ چىقىپ، ئۆز خوجا ئەخمەت، موللا نازى، دۇگامەت،
پاششەپ، خوجامنىياز قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىلگىرى
قوزغىلىپ چىققان شەھەر ئىچى، راھەتباغ ۋە گۈمبەز باغچا
قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا قوشۇلىدۇ. قوز-
غىلاڭ تېزلىكتە بەششەھەرگە ۋە قومۇلنىڭ يېزا - قىشلاق،
تاغلىرىغىچە كېڭىيىپ، ئادەم سانى مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ.
بۇ قوزغىلاڭ ۋاڭنىڭ خەلقنى دەپسەندە قىلىشىغا قارشى
تۇرۇشتىن ۋاڭنىڭ فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى
تۇرۇشقا قاراپ راۋاجلىنىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا نامرات دېھقان-
لاردىن باشقا، بىر قىسىم ئەمەلدارلار، بايلار، سودىگەرلەر،
دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە خېلى كۆپ ئاياللارمۇ قاتنىشىدۇ.
قوزغىلاڭنى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار
ئاساسەن تۆرپاق لەقەملىكلەر جەمەتىدىن بولغاچقا، بۇ قوزغى-
لاڭ «تۆرپاق يېغىلىقى» ياكى «تۆرپاق قوزغىلىڭى» دەپ
ئاتىلىدۇ.

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شوئارى: بىزگە ئەركىنلىك كېرەك.
ۋاڭغا ئالۋان تۆلىمەيمىز، توختام بويىچە ھۆكۈمەتكە سېلىقلا
تۆلەيمىز، چېكىدىن ئاشقان ئالۋان - سېلىققا قارشى تۇرىمىز،
دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ قوزغىلاڭچىلاردا تاياق - توق-



ماق، كەتمەن - پالتىدىن باشقا ھېچقانداق ھەربىي قورال
بولمىغان. ئۇلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى يېزىلى-
رىدىكى دېھقانچىلىقنى ئىشلىسە، بىر قىسمى كۆرەشنى داۋام-
لاشتۇرۇپ، شۇ يوسۇندا نۆۋەتلىشىپ تۇرغان. يېزىغا دېھقان-
چىلىق قىلغىلى بارغانلار ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى
ئامبارلاردىن ئاشلىق، ياغ، چارۋىلارنى ئەكىلىپ، كۆرەشنى
داۋاملاشتۇرۇۋاتقان دېھقانلارنى تاماق بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ
مەزگىلدە ۋاڭ ۋە بەگ - غوجاملارنىڭ يەرلىرى تېرىلماي
ئاق قالغان. ۋاڭ بىر تەرەپتىن جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىپ،
دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن
شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭ ئېتىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش كو-
يىدا بولغان.

قوزغىلاڭچى دېھقانلارمۇ ۋاڭنىڭ جاھىللىقىغا جاۋابەن،
بىر تەرەپتىن كۆرەشنى تېخىمۇ ئۇلغايتسا، يەنە بىر تەرەپتىن
قومۇل تىڭى ئارقىلىق ۋاڭلىق بىلەن سۆزلەشكەن، يەنە بىر
تەرەپتىن يارتاغوجەخمەت، دالچى ئىبراھىم باشلىق
12 كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچى جاڭجۈنىگە
ئەرز سۇنغان. ئۇلار ئەرزىدە، شامەخسۇتنىڭ زالىملىقى،
ئالۋان - سېلىقنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، شۇڭا
شامەخسۇتنى ۋاڭلىققا ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.
شۇ يىلى ئاقسۇنىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن ياڭزېڭشىن قومۇلغا
يېتىپ كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يېۋەندا خۇا
قومۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ياڭزېڭشىنغا تاپشۇرغان.
قوزغىلاڭچىلارمۇ ياڭزېڭشىننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەرز ئېيتقان.
ياڭزېڭشىن بىر تەرەپتىن شامەخسۇت بىلەن سۆزلىشىپ مەسى-
لىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن
شامەخسۇت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پارا ئېلىپ،
دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىگەن. ئۇ،

مەسىلىنى ئۆزىچە «ھەل قىلىپ»، چوڭ تاشقا خەت ئويدۇرۇپ، توختام قىلدۇرۇپ بەرگەن. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار «بىزگە ئەركىنلىك كېرەك، ۋاڭنى ئالمايمىز. تەيجىلەرنى ئېتىراپ قىلمايمىز، ھەقسىز يەر تېرىپ بېرىش توختىتىلسۇن، قەرەللىك ۋە ئۆلچەملىك باج يولغا قويۇلسۇن، شەرتلىرىمىزنىڭ ئورۇنلىنىشىغا قومۇل مەھكىمىسىنىڭ شەيتەيى كېپىللىك قىلسۇن» دېگەن تەلىپىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن، ياڭزېڭشىن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلالماي، ئۆز يولىغا راۋان بولغان.

بىر كۈنى قوزغىلاڭچىلار غەزىپىگە چىدىماي، شامەخسۇت ۋاڭنى يوقىتىشقا ئاتلىنىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىدىن بېسىپ كىرىپ، ئوردىغا يېقىنلاشتى ۋە ئوردىنى قورشىۋالدى. ۋاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئوردىنىڭ توققۇز دەرۋازىسىنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. قوزغىلاڭچىلار ئوردا دەرۋازىلىرىدىن كىرەلمەي، ئوردىنىڭ سىرتقى چوڭ دەرۋازىسىنى سىرتىدىن خىش - كېسەك بىلەن تام سېلىپ ئېتىۋېتىدۇ ۋە قورشاۋنى كۈچەيتىدۇ. شامەخسۇت سۇلايمان قازى، خوجامنىياز قازى ۋە بىر خەنزۇ ئەمەلدارنى ئۆز نامىدىن ۋەكىل قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆزلىشىشكە چىقىرىدۇ. ئۇلار سۈلھ قىلىپ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭغا كۆنمەيدۇ ۋە ۋاڭنىڭ ۋەكىللىرىگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ؛ ئەگەر تەلەپ ۋە شەرتلىرىگە كۆنمىسە، ۋاڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شامەخسۇت قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆزىگە خىرىس قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە شەرت قويۇۋاتقانلىقىغا چىدىماي، قانخورلۇقى تۇتىدۇ - دە، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا بەل باغلاپ، بارىكۆلدىكى چىڭ سۇلالىسى جىڭتەيىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جىڭتەي ئەسكەر باشلىقى يىشىڭفۇنى بىر لىيەن ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ۋاڭ بېقىپ سەمرىتكەن بىر توپ لۈكچەكلەر بىلەن



بىرلىشىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن تىركىشىدۇ، يىشىڭفۇمۇ قومۇل مەھكىمىسى ۋە ياڭزېڭشىنلارغا ئوخشاش، دېھقانلارنىڭ ۋاڭغا ئالۋان تۆلىشىنى سۈلھ قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدۇ. قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇم باشلايدۇ. شەھەر دەرۋازىلىرى ۋە سېپىل بېشىغا مۆكتۈرۈلگەن ئەسكەر ۋە لۈكچەكلەر قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ئېتىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلاردىن 30 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى يارىدار قىلىدۇ. راھەتباغلىق توختى ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولۇپ، سۇقوۋۇق دەرۋازىسىنى تاللىشىش جېڭىدە بېشىنى دەرۋازا قىسىۋېلىپ ئۆلۈپ قالىدۇ. قوللىرىدا قورال - ياراق بولمىغانلىقتىن ئورۇنسىز زىيان ۋە چىقىم تارتىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار چېكىنىشكە، تارقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۈچ ئاي قورشاۋدا قالغان ۋاڭ ئوردىسى قورشاۋدىن قۇتۇلىدۇ. ۋاڭنىڭ يالاقچىلىرى جىڭتەيىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە قوراللىق لۈكچەكلەرنى باشلاپ يۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە قوزغىلاڭچىلارنى قولغا ئېلىشقا كىرىشىدۇ. شۇ قېتىمدا ئۇلار جەمئىي 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى تورپاق موللاراجى، تورپاق زارىپ، تورپاق دۇگامەت، ئۆز خوجائەخمەت، موللانازى، ئۆز خوجامنىيازلارنىڭ بېشىنى كېسىدۇ؛ تورپاق شاكىر، توختىنىياز قاتارلىق 30 نەچچە كىشىنى تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىدۇ؛ قالغان 150 نەچچە كىشىنى بىر يىللىقتىن 16 يىللىقىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، نوم زىندانىغا تاشلايدۇ. ئۇلار ھەتتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ قالىدۇ ياكى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىدۇ؛ ھايات قالغانلىرىمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمەي،

بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشەلمەي، ئۆز ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ.

دېمەك، شا مەخسۇت قوزغىلاڭچىلاردىن پۇخادىن چىققۇدەك ئۆچ ئېلىپ، ئۇلارنى قانلىق باستۇرغان. ئۇ، ئالۋاننى كېمەيتىش ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئالۋان - ياساقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرغان. ئۇ، چوتنى خاتا سوقۇپ: خەلقنى قانچىكى باستۇرسام، زۇلۇمنى قانچىكى ئېغىرلاتسام، پۇقرالار ماڭا شۇنچە شەرتسىز بويسۇنىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. تورپاق قوزغىلىڭى بولۇپ ئۆتۈپ بەش يىلدىن كېيىن، كۆلىمى تېخىمۇ زور قوراللىق دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇھەممەت نىياز (ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان)

ئى. ئەسقەرى



# قاسىم ئورغاقچى

## جاڭ خۇشىن

قاسىم ئورغاقچى سانجى رايونىدا داڭقى چىققان ئورغاقچى بولۇپ، بازارغا سېلىنىش بىلەنلا كىشىلەر ئۇنى تالىشىپ سېتىۋالاتتى. قاسىم ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگەك تەرى ۋە كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرى بىلەن ماناستىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ شەرەپكە ئېرىشكەن. كىشىلەر بۇ ئاددىي «ھۈنەرۋەن» نىڭ تارىخىنى بىلگۈسى كېلىدىغاندۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

### سەرسانلىقتا ئۆتكەن يېرىم ئۆمۈر

قاسىم 1900 - يىلى تۇغۇلغان. ساۋەندە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى تۇرپانلىق بولۇپ، كېلىپ چىقىشى تۆمۈرچى ئىدى. قاسىمنىڭ چوڭ دادىسى مەھمۇت، دادىسى ناسىر ۋە تۆت ئاكىسىنىڭ ھەممىسى ئۇستا تۆمۈرچىلەردىن ئىدى. كونا جەمئىيەتتە تۆمۈرچىلەر مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان جاپاكەشلەرگە ئوخشاشلا باينىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان، مىڭبىر جاپا بىلەن تۆمۈرچىلىك قىلىپ پۇل

ئاپسىمۇ، گۆلى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن. قاسىم قامچا تۇتالىغۇدەك بولغاندىلا، دادىسى تۇرمۇشقا دالدا قىلىش ئۈچۈن قوي باقتۇرۇپ پۇل تاپتۇرغان. ئۇ 13 ياشقا توشۇپ كۆرۈك ئارتالايدىغان بولغاندا، دادىسى ئۇنى زورى بىلەن تاكى 48 ياشقا كىرگۈچە تۆمۈرچىلىك قىلىشقا سالغان. قاسىم كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىكى ئالتۇندەك دەۋرىنى جاھان كېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئۈرۈمچى، چۆچەك، ماناس، شىخو ئارىلىقىدا تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەن. ئۇ تۆمۈرچىلىك قىلغاندىن باشقا، ئوتۇن توشۇش، قوي بېقىش، دورا كولاش، ئوتۇن تارتىش، چېكەتكە يوقىتىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلغان. ئۇ، تۆمۈرچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ياخشى ھۈنىرى بىلەنمۇ قورسىقىنى تويغۇزالماي، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ باشقا كەمبەغەللەرگە ئوخشاش يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. قاسىم 1952 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىدىن ماناسقا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

## قاسىمنىڭ ئورغاق بىلەن داڭ چىقىرىشى

قاسىم ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن تۆمۈرچىلىك قىلاتتى. ئاكىسى قادىر گاچا ئىدى، ئۇلار كىچىككىدىلا دادىسىدىن تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەنگەن. دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى ماناسقا كېلىپ ماكانلىشىپ، تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، يېڭى تۆمۈرچىلىك ھاياتىنى باشلىغان. بىر قېتىم بىر ئادەم: بۇ ئورغاق كەسمەيدىكەن، دەپ قايتۇرماقچى بولۇپ قاسىمنى ئىزدەپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا قاسىم يوق ئىدى، گاچا ئاكىسى قادىر ئورغاقنى قولىغا ئېلىپلا، ياخشى بىلەنمىگەنلىكىنى بىلىپ، گەپ قىلمايلا ئورغاقنى بىلەپ پارقىرىتىۋېتىدۇ ھەمدە پۇشقىقىنى قايرىپلا پاقالچىقىدىكى بىر تۇتام



تۈكنى پاك - پاكىز ئېلىۋېتىپ، ئورغاقنى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىۋېتىدۇ، ئەتراپتىكى كىشىلەر ھەيران بولۇشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولىدۇ. ئورغاقنى قايتۇرغىلى كەلگەن ھېلىقى كىشى ھەيران قېلىپ، گەپ قىلمايلا ئورغىقىنى ئېلىپ ئىتتىك كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گاچىنىڭ ئورغىقىنىڭ نامى چىقىدۇ. ئورغاق تۇغرىسىدىكى بۇ قىزىق پاراڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ھەممە ياققا تارايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گاچىنىڭ ئورغىقىنى كىشىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان بولدى. گاچا ئورغىقى دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان ئورغاق ئەمەلىيەتتە قاسىم سوققان ئورغاق ئىدى. گاچا قادىر بولسا كۆرۈك تارتىش، بازغان سوقۇش قاتارلىق قوشۇمچە ئىشلارنى ئىشلەيتتى.

1958 - يىلى قادىر ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاسىم ئورغىقى ئىسمى جىسمىغا لايىق «قاسىم ئورغىقى» دېگەن نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلايدۇ. قاسىم ئورغىقىنىڭ نامى پۈتۈن ئوبلاستتا داڭق كەتكۈزۈۋېتىدۇ.

## قاسىم ئورغىقىنىڭ قىس مال بولۇپ قېلىشى

1955 - يىلى قاسىم باشچىلىقىدا 12 نەپەر تۆمۈرچىدىن تەركىب تاپقان تۆمۈرچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ. 1956 - يىلى 6 - ئايدا ئىتتىپاق كوپېراتىپى، 1959 - يىلى ئىتتىپاق كوپېراتىپى ئاساسىدا رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ، كۆپچىلىك قاسىمنى زاۋۇت باشلىقلىققا بولۇشقا كۆرسەتكەندە، ئۇ، مەن كادىر بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ قاراپ يەنىلا بازغانچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 60 - يىللارغا كەلگەندە ھۈنىرىنى كامالەتكە

يەتكۈزىدۇ. ئۇ سوققان ئورغاقلار سۈيىگە ياخشى قانغان، ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپلا قالماستىن، تولىمۇ كۆركەم بولۇپ، ئېسىپ قويۇلسا ئايدەك پارقىراپ بىر تۈرلۈك گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشاپ تۇراتتى. قاسىمنىڭ ئورغاق سوقۇشتىكى ئاساسلىق تەجرىبىسى: ئورغاقنىڭ بىسىغا ياخشى پولاتنى ئارىلاشتۇرۇپ ياخشى تاۋلاپ، كۆپ بازغانلاش؛ ئورغاقنى تەكشى يېسىلاپ، سۈيىگە قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 60 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە شەرقتە سانجى، ئۈرۈمچىدىن تارتىپ، غەربتە شىخەنزە، ئىلىغىچە بولغان جايلاردىن قاسىمنىڭ ئورغىقىنى سېتىۋېلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە، تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالماي قالدى. كوللېكتىپ بويىچە زور مىقداردا سېتىۋالغۇچىلارغا رېمونت زاۋۇتى ئون ئورغاققا قاسىم سوققان ئورغاقتىن بىرنى قوشۇپ بېرىش چارىسىنى قوللاندى. زاۋۇتنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەسىپ جەھەتتە ئالاقە باغلاش ئۈچۈن بارغاندا، قاسىم سوققان ئورغاقتىن بىرنەچچىنى ئالغاچ بېرىپ دوستلىرىغا سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «سانجى گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى گېزىتتە قاسىم سوققان ئورغاقنى تونۇشتۇرۇپ، بىر مەھەل زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى.

## ئورغىقى ياخشى، قەلبى گۈزەل قاسىم

كىشىلەر قاسىمنىڭ ئورغىقىنى ياخشى دەپ ماختاپلا قالماستىن، قاسىمنىمۇ ياخشى ئادەم دەپ تەرىپلىشىدۇ. قاسىمنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ياخشى پەزىلىتىگە ئوقۇلغان بۇنداق بىر ھېكايە تا ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن - ئېغىزىغا كۆچۈپ كەلمەكتە:



1923 - يىلى قاسىم كۆتەك ھارۋىسى بىلەن ئالتايغا تىجارەت قىلغىلى ماڭغاندا، مىللىي توقۇنۇش بولۇپ، يول ئۈستىدە خەنزۇلار قاچ - قاچ بولۇۋاتقان پەيتكە توغرا كېلىپ قالىدۇ. بىر ئات ھارۋىسى بىلەن بەش خەنزۇ (ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار) ساۋەنگە قاراپ قېچىۋاتاتتى. بۇ چاغدا قاسىم ۋەزىيەتنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، تىجارەتنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال ئات ھارۋىسى بىلەن ساۋەن تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. ھېلىقى خەنزۇلار ئولتۇرغان ئات ھارۋىسى چۆللۈككە كەلگەندە باندىتلار ئاتلارنى بۇلاپ كەتكەچكە، ئۇلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە باندىتلارنىڭ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. قاسىممۇ دەسلەپتە قورقۇپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ قاچىدۇ، بىرئاز قاچقاندىن كېيىن تازا توغرا قىلمىغانلىقىنى، ئۆزى خەتەردىن قۇتۇلۇپ ھېلىقى بەش خەنزۇ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ھارۋىسىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئىككى ئېتىنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ كەلگەن يولى بىلەن ھېلىقى بەش خەنزۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئېتىنى ئۇلارنىڭ ھارۋىسىغا قوشىدۇ، بۇنى كۆرگەن خەنزۇلار تەبىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قېلىشىدۇ. نەتىجىدە ھېلىقى بەش خەنزۇ كىشى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

قاسىم تېخىمۇ كۆپ ۋە ياخشى ئورغاق سوقۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سىمېنا قوشۇپ ئىشلەيتتى. بەزىدە كۈنىگە 16 سائەتتىنمۇ كۆپرەك ئىشلەيتتى. زاۋۇت ئىككى ئادەم كۈنىگە ئون دانە ئورغاق سوقۇشنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار كۈنىگە 15 دانە ئورغاق سوقاتتى. زاۋۇت ئىككى ئادەم كۈنىگە ئالتە كەتمەن سوقۇشنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار كۈنىگە ئون كەتمەن سوقاتتى. كېيىن زاۋۇت

پار بازغىنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ بەرگەندە، ئۇ كۈنىگە 30 دىن ئارتۇق ئورغاق سوققان. ئۇ كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭ 1966 يىلىدىكى ئارخىپىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «1955 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلدا ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، رېمونت زاۋۇتىدا پەسىللىك، يىللىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋە 13 قېتىم بەشتە ياخشى ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ، ساۋەن بويىچە تۆت قېتىم مۇكاپاتلانغان.»

زاۋۇت رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن 70 - يىللاردىن تارتىپلا ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: كۈچۈم بار، گەپ يوق يەنە بىرنەچچە يىل ئىشلىيەلەيمەن، دېگەن. مۇشۇنداق بىرنەچچە قېتىم كەينىگە سۈرۈش بىلەن 1976 - يىل 11 - ئايدا 75 ياشقا كىرىپ قالغان قاسىم يەنىلا ئورغاق سوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلگەن رەھبەرلەر قاسىمنىڭ 70 ياشتىن ئاللىبۇرۇن ئاشقانلىقىنى، ياشىنىپ قالغاندىمۇ تۆمۈرچىلىكتەك ئېغىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، زاۋۇت رەھبەرلىكىنى تەنقىدلەپ: «مۇشۇنچىلىك ياشقا كىرىپ قالغاندىمۇ نېمىشقا دەم ئېلىشقا چىقارمايسىلەر؟» دەپ سورىغان. شۇنىڭ بىلەن، زاۋۇت باشلىقى بۇيرۇق بېرىپ، قاسىمنى دەم ئېلىشقا چىقارغان. 86 ياشلىق قاسىمنىڭ پەرزەنتى يوق بولسىمۇ، ئۇ ھەر ئايدىكى 119 يۈەن پېنسىيە پۇلى بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە. ئەپسۇسلىنارلىقى، قاسىمنىڭ قۇلىقى ئېغىرلىشىپ، كۆزى تورلىشىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، سالامەتلىكى يەنىلا ناھايىتى ياخشى. مەن ئۇنى زىيارەت قىلغان چېغىمدا، ئۇ: «كۆزۈم ناچارلاشمىغان



بولسا، يەنە ئىككى يىل تۆمۈرچىلىك قىلغۇم بار ئىدى» دېدى. بۇ نامسىز پېشقەدەم چوغدەك قىزىل قەلبىنى خەلققە بېغىشلىدى.

قاسىمنىڭ ئورغىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قاسىم ئورغاق سوقۇش تەجرىبىسىنى ۋە «تۆمۈر تامغىسى» (ماركا) نى كۆڭلىدىكى شاگىرتى — مەھەممەت ئېلىغا قالدۇردى. مەھەممەت ئېلىنىڭ سوققان ئورغاقلىرى قاسىم سوققان ئورغاقلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ، كىشىلەر ھېلىھەم مەھەممەتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئورغاقلىرىنى سېتىۋالماقتا. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، مەھەممەت ئېلى يولنىڭ بويىدىكى ئۆيىنىڭ تېمىغا ۋە قورۇسىنىڭ ئالدىغا ھاك بىلەن شەرتلىك بەلگە سۈپىتىدە قاسىمنىڭ ئورغىقىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، خېرىدارلارنى جەلپ قىلماقتا.

(«سانجى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 10 - سانىدىن ئېلىندى).

**ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى**

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# مەرىپەت يۇلتۇزى — مەرۇپ سەئىدى

**ھاكىم جاپپار**

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئالىملىرى، يازغۇچى — شائىرلىرى، قەھرىمان — باتۇرلىرى، تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كىشىلىرى، مەرىپەتكە يېتەكلىگۈچى تەربىيەچىلىرى بولىدۇ. ھېچقانداق ئالىم، يازغۇچى، قەھرىمان — باتۇرلىرى ۋە باشقا ئىلغار زاتلىرى بولمىغان مىللەت بىچارە مىللەت، چۈشكۈنلەشكەن مىللەت ھېسابلىنىدۇ، مۇنداق مىللەت خەلقىدە غۇرۇر، ئىپتىخارلىق بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار — ئەڭ قەدىمىي بىر مىللەت، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك كۆپلىگەن ئالىملىرى، يازغۇچىلىرى، باتۇرلىرى بارلىققا كەلگەن. لېكىن، مەن بۇ ئەسلىمەدە قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىملىرى، قەھرىمانلىرى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى ئۈستىدە سۆز ئاچماي، يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن بەزى دانىشمەن كىشىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنىلا ئەسلەپ ئۆتىمەن. بۇ كىشىلەر ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت — مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئالغا بېسىشى، نادانلىق ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى زامانىۋى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن



ئەجىر سىڭدۈرگەن؛ مەرىپەت يولىدا تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغاندا، قەتئىي تەۋرەنمەي، زۇلۇمغا قارشى، مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان، ھەتتا ھەققانىيەت ۋە ئەركىنلىك يولىدا ئىسسىق قېنىنى تۆكۈپ، ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدا شانلىق نام قالدۇرغان. مەسىلەن، قەشقەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا (1862 — 1924)، مەرىپەتپەرۋەر شائىر قۇتلۇق شەۋقى (1876 — 1938)، تۇرپاندا ئۆتكەن يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى (1896 — 1932)، ئاتۇشتا ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر شائىر مەمتىلى توختىھاجى (تەۋپىق) (1901 — 1936)، ئىلىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر، پېداگوگ، شائىر مەرۇپ سەئىدى (1898 — 1942) قاتارلىق كىشىلەر — بىر دەۋردە ئۆتكەن زاماندىش كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىنى مائارىپ ئىشلىرىغا، خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، ئۆز خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئويغىتىشقا پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلغان.

مائارىپ — ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ جۈملىدىن پەن — تېخنىكىنىڭ ئاساسى. مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماي تۇرۇپ، ھېچبىر مىللەت دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ. ئەكسىچە، بىچارە، بوزەك مىللەت بولۇپ، خارلىقتا، نادانلىقتا قالىدۇ. يۇقىرىدا نامى ئاتالغان پېشقەدەملەر — مائارىپنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىغان پېشۋالار؛ مائارىپنى ئاساس قىلىپ، ئۆز خەلقىنى يېڭىلىققا باشلىغۇچى، ئىلىم — پەن نۇرىنى چاچقۇچى مەرىپەت يۇلتۇزلىرى. شۇڭا، بۈگۈنكى مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ۋە تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. ئۇلارنىڭ ئىلىم — مەرىپەت ھەققىدىكى يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ «زۆرۈرىيەت» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولىشى جاھالەت ۋە نادانلىقتىن، تەپرىقە ۋە ئىختىلاپىدىن بولىدۇ؛ ئىززەت - ئابروي ۋە قۇۋۋەت ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىقتىن بولىدۇ» دەيدۇ.

شائىر قۇتلۇق شەۋقى بىر شېئىرىدا:

«قېرىنداشلار، تۇر ئەمدى، پۈتۈن ئىنسان ئويغاندى،
جەمئىيەتتە ياشىغان ئەھل - ئىمان ئويغاندى.
بىزلەر ئۆتتۇق خارلىقتا، ھەسرەت بىلەن زارلىقتا،
قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇللۇقتىن، مەردۇ - مەيدانى ئويغاندى».

دەپ يازىدۇ.

ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زارلانغان ھالدا:

«ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالىڭاياق، دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن» دەيدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر مەمتىلى توختىھاجى (تەۋپىق):

«نەچچە يىللاپ ئۇخلىدۇق، كۈندۈز ئىدى قاراڭغۇلۇق،
ئېچىلىپ ئېرپان يولى، قاراڭغۇلۇق بولدى يورۇق.
ئەي ۋەتەن ئەۋلادى، ئەمدى ئۇيقۇدىن كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىلىم - ئېرپان نۇرىنى ئال، مىللىتىڭ بېشىغا چاچ»

دەپ يازىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر مەرۇپ سەئىدى مەرىپەت گۈلزارىنى كۈيلەپ:

«ئېچىلغان گۈل — قىزىلگۈل، ھەرگىز سولمايدۇ،
گۈلزارلىققا قەست قىلغان ھايات كۆرمەيدۇ.
بىز باھاردا ئۆسكەن گۈل، دائىم ئۆرلەيمىز،
دەككە بېرىپ دۈشمەنگە، كۈرەش ياسايمىز.



غالىب بولۇپ مەلئۇنىنىڭ بىرىنى قويمايمىز» دەپ يازىدۇ.

بۇ مەرىپەت كۈيچىلىرى ئۆز خەلقىنىڭ روناق تېپىشى ۋە گۈللەپ ياشىنىشى ئۈچۈن بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن كۈرەش قىلىپ، خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابروي ۋە ئىناۋەت قازانغان، خەلقنى ئالغا يېتەكلىگۈچى ئىلغار پىكىرلىكلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە مۇتەئەسسىپ، قارا كۈچلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالغان. ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ۋە مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى، كۆزى ئېچىلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى؛ ئۇلار خەلقنىڭ پەقەت ئىتائەتچان بولۇشى، ئۆمۈرۋايەت غاپىللىقتا، نادان ۋە بىلىمسىزلىكتە ئۆتۈشىنىلا تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا، ئەكسىيەتچى كۈچلەر خەلقنىڭ بۇ سۆيۈملۈك زاتلىرىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى: ئابدۇقادىر داموللام 1924 - يىلى ئەكسىيەتچىلەر ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ سۇيىقەست قىلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى؛ شائىر قۇتلۇق شەۋقى 1938 - يىلى، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932 - يىلى، مەرىپەتپەرۋەر مەمتىلى توختىھاجى (تەۋپىق) 1936 - يىلى، مەرىپەتپەرۋەر مەرۇپ سەئىدى 1942 - يىللىرى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى توختىھاجى (تەۋپىق) لار توغرىسىدا خېلى كۆپ ئەسەر ۋە ئەسلىمىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، مەرۇپ سەئىدى توغرىسىدا بىرەر ئەسلىمە يېزىلىپ باقمىدى، كۆپ كىشىلەر مەرۇپ سەئىدىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، مەرۇپ سەئىدى توغرىسىدا بەزى ماتېرىياللارنى توپلاپ بۇ ئەسلىمىنى يازدىم.

مەن مەرۇپ سەئىدىنى (خەلق ئىچىدە «مەرۇپ ئەپەندى» دەپ تونۇلغان) كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەنىدىم. بۇ كىشىنىڭ ئاپالى دىلەم ئاپا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدىن

ئىدى، مەنمۇ شۇ يېزىلىق ئىدىم. مەرۇپ ئەپەندى شۇ يېزىغا ئارىلاپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، ئوتتۇرا بويلۇق، دۇغىلاق كەلگەن، ئاق يۈزلۈك، كېلىشكەن ئادەم بولۇپ، ناھايىتى رەتلىك كىيىنىپ يۈرەتتى. مەرۇپ رىھىم باقىي ئوغلى سەئىدى 1898 - يىلى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق باي سېيىت يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى كىچىك ۋاقتىدا ۋاپات بولۇپ كېتىپ، كىچىك دادىسى ئابدۇل باقىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. ئۇ، ياش ۋاقتىدا ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ چىلەك رايونىدا سابىت داموللا ۋە ھىزىم ئاخۇنۇم (كېيىن ئىلىغا كېلىپ نىلقىدا ئولتۇراقلاشقان) لارنىڭ قولىدا ئوقۇپ، پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، بولۇپمۇ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىدىنمۇ خەۋەردار بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزلۈكىدىن داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ بارغان، جۈملىدىن ئىجتىمائىي پەنلەردىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان.

1918 - يىللىرى غۇلجىغا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. دەسلەپ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ، نوغايتۇ يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. دادامتۇ يېزىسىدىكى مەكتەپ «دەرنەك» دەپ نام ئالغان بولۇپ، 1910 - يىللىرى دادامتۇ يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق سالىخ جانباي (تەرەققىيپەرۋەر كىشى، 1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭغا قارشى «ئازادلىق جەمئىيىتى» ناملىق مەخپىي تەشكىلات قۇرغان؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، غۇلجا ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەم دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان. مەرۇپ ئەپەندى مۇشۇ يېزىلاردىكى مەكتەپلەردە تىل، ھېساب، جۇغراپىيىلەردىن دەرس بېرىپ



كەلگەن. ئۇ چاغلاردا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا، پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشقا ئىنتايىن قارشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەرۇپ ئەپەندى يېڭىچە پەننىي دەرسلەرنى مەخپىي ئۆگىتىشكە مەجبۇر بولغان. ھەتتا بەزىدە دىنىي ئورۇنلاردىكى مۇتەئەسسىپ مۇتەۋەللىلەر مەكتەپكە كېلىپ قالغاندا، پەننىي دەرسلىكلەرنى يېغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئالدىغا «ھەپتىيەك» (قۇرئاننىڭ پارچىسى) نى قويۇپ ئولتۇرغان. مەرۇپ سەئىدى غۇلجىدىكى يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېز ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. ئۇ، بۇ چاغدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭىلىققا ئىنتىلىش، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش، پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يېڭىلىقنى دادىل ياقلىغۇچى، مەرىپەت ئۇرۇقلىنى چاچقۇچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. ئۇ، بەزى مۇتەئەسسىپ، جاھىل كۈچلەرنىڭ «كالتا قۇيرۇق»، «جەدىتچى» دەپ ھاقارەتلىشىگە قارىماي، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتچىلىككە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان. ئۇ قاش دەرياسى بويىدىكى قاش يېزىسىغا چىقىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەندە، مۇتەئەسسىپ، خۇراپاتلار تەرىپىدىن: «بۇ كالتا قۇيرۇق بالىلىرىمىزنى كاپىر قىلىدىغان بولدى» دەپ قوغلىۋېتىلگەن: ئۇ يەردىن ئىنوروسۇن يېزىسىغا بېرىپ ئىشلىگەندىمۇ، يەنە شۇنداق ئاھانەت ۋە تۇسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەن. شۇ چاغدا، دادامتۇ يېزىسىدىكى سالىخ جانباي ئۆز خىراجىتى بىلەن يەنە ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ، مۇئەللىملەر ئۈچۈن ئۈچ ئېغىز بۆلۈم سېلىپ، مەرۇپ ئەپەندىنى قايتۇرۇپ كەلگەن.

مەرۇپ سەئىدى مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، ئاق كۆڭۈل، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان، يۇقىرى ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە مەرىپەتچى

ئىدى. ئۇ، تەربىيە خىزمىتىدە باللارغا ئەزەلدىن ئىجابىي، ئەخلاقىي تەربىيە بېرىپ كەلگەنىكى، باللارغا تەن جازاسى بېرىشكە قەتئىي قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆز خەلقىنى ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىنى نادانلىق بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى.

1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭدا جۇملىدىن ئىلى رايونىدا مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بىر مەزگىل جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىدى. مەرۇپ ئەپەندىمۇ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مائارىپ ۋە خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى داڭقىنى ئاڭلىغان غۇلجا يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ھۈسەيىنبەگ يۇنۇس، ئابدۇراخمان ئەپەندى شادى، مەمتىلى ئاخۇن، مەھەممەت يۈسۈپ، ئابابەكرى ئەلى قاتارلىقلار مەرۇپ سەئىدىگە بىر قۇر مەخسۇس يېڭى كىيىم - كېچەك قىلىپ، ئۈچ دەرۋازىدىكى سىدىق ئىگەن ئادەمنى خادىك ھارۋا بىلەن نوغايتۇ يېزىسىغا ئەۋەتىپ، مەرۇپ ئەپەندىنى شەھەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن؛ ئاندىن ئۇنى توغرا كۆۋرۈك مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئۇزاق ئۆتمەي، شەھەر بويىچە نۇقتىلىق مەكتەپ — ئۈچ دەرۋازا مەكتىپىگە مۇدىر قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، مەرۇپ ئەپەندىنىڭ ئابرويى، نام - شۆھرىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مائارىپقا بېغىشلىغان پېداگوگ بولۇپلا قالماي، يەنە يېتىشكەن شائىر ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەتبۇئاتتا بېسىلىپ تۇراتتى. مەرۇپ ئەپەندىنىڭ مۇنۇ بىر شېئىرى 1930 - يىللاردا ئىلى ۋادىسىدىكى ھەممە مەكتەپلەردە ئومۇمىي خور قىلىپ ئېيتىلغان:

ئەتىياز پەسلى — خۇشاللىق پەسلى،
قىش ئازابىدىن قۇتۇلۇش پەسلى،



ھەممە جانلىقلار ياپراپ كېتىشتى،
خۇشاللىقىدىن سايراپ كېتىشتى.

ئۇنىڭ «ئېچىلغان گۈل»، «ئەتىياز پەسلى» ناملىق شېئىرلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭىغا سېلىنىپ، ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

مەرۇپ سەئىدى ئىشلىگەن ئۈچ دەرۋازا مەكتىپى «ھۈسەينىيە» مەكتىپى دەپ ئاتىلاتتى. مەرۇپ سەئىدى كېيىن ئۇنى «ئۈمىد مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتكەن. مەرۇپ ئەپەندى بۇ ھەقتە: «بىزنىڭ ياش بوغۇنلىرىمىز — بىزنىڭ كېلەچىكىمىزنىڭ ئۈمىدى. شۇڭا، ئۈمىدلەر مەكتىپى بولسۇن» دېگەن. شۇ ۋاقىتلاردا، «ئۈمىد مەكتىپى» غۇلجا شەھىرىدە نام چىقاردى. بۇ مەكتەپكە بالىسىنى بېرىدىغانلار، بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار تېزلا كۆپىيىپ كەتتى؛ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدى. مەرۇپ سەئىدىدىن كېيىن ئوسمان ئەيسا، ئابدۇرېھىم ئەيسالار مۇدىر بولغان ۋاقىتلاردىمۇ بۇ مەكتەپنىڭ نامى مەشھۇر ئىدى. مەنمۇ يولداش داۋات ساتتارلار بىلەن بىللە 1937 — 1938 - يىللىرى يېزىدىن كىرىپ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. «ئۈمىد» مەكتىپىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇغۇچىلىرى يەنىلا مەرۇپ سەئىدىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىنى ئالغان شاگىرتلاردىن ھازىرقى سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋە ئالىي ئىنژېنېرى ئەنۋەر ئەزىزى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋە ئالىي چارۋا ئىنژېنېرى ئابدۇراخمان ھەسەن قاتارلىقلار بار. بۇ مەكتەپتە شۇ چاغلاردا ئوسمان ئەيسا، ئابدۇرېھىم ئەيسا، خۇدابەردى تالىپ، ئۆمەرجان ئەپەندى، ۋىلەم ئەپەندى، ئالىم ئەيسا، ئابدۇرېھىم تالىپى، مۇھەممەدجان تۇردى، مۇنجىيە خانىم، رەشىدە خانىم قاتارلىق خىللانغان پېشقەدەم

ئوقۇتقۇچىلار ئىشلەيتتى. بۇ مەكتەپتە يەنە دەرستىن سىرتقى تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرۇژۇكلىرى، جۈملىدىن سانايىنەفىسە، مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرۇژۇكلىرىمۇ بار ئىدى؛ مۇددەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكلىرى، مۇشائىرە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.

مەرۇپ ئەپەندى مائارىپ ساھەسىدىلا ئەمەس، جامائەت ئەربابى سۈپىتىدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللىنىپ تۇراتتى. ئۇ، 1931 - يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا ئىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۇيۇشما دەسلەپ مەخپىي قۇرۇلغان؛ 1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى: مەرۇپ سەئىدى، مەمەت يۇسۇپ شاھاجى، مەمتىلى ئاخۇن سەئىدى، ھۈسەيىن يۇنۇس، كېرىر زاكىر، تېيىپ ھاجى سابىت، ئابدۇرېھىمجان ھەسەن، قاسىمجان قەمبىرى، جالالىدىن يەھيارى، ئابابەكرى ئەلى، غاپپار يولۋاس، مۇھەممەد لاتىپ، رېھىمجان سابىرى، قاسىم قىسمىتى، نەسرىدىن ناسىرى، ھاپىز مەمەت قاتارلىقلار، ئاساسىي باشقۇرغۇچىلىرى: ھۈسەيىن يۇنۇس، مەرۇپ سەئىدىلەر ئىدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىمۇ مائارىپنى گۈللەندۈرۈش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، يېتىم - يېسىرلەرنى يېقىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، غۇلجىنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيلىرىدىن بولغان مەرۇپ سەئىدى، ھەبىب يۇنۇچىلار ھەر يىلى ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىدى. مەرۇپ سەئىدى 30 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارغا كۆپلىگەن شېئىر - ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرغان. مەسىلەن، «ئىلى دەرياسى» گېزىتىگە بېسىلغان «زىيالىي» (1933 - يىل)،



«بولسا ئىدى» (1934 - يىل)، «تۇرۇك دېھقانلار» (1934 - يىل)، «ئىلى تاغلىرى» (1936 - يىل)، «ئايخان ئانام»؛ «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان «ئۇيغۇر قىزى» (1940 - يىل)، «پۈتۈن شىنجاڭ گۈللەندى» (1940 - يىل) قاتارلىقلار. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ دىئالېكتىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە بۇ شېئىر ۋە ماقالىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ھازىرغىچە تاپقىلى بولمايۋاتىدۇ. مەرھۇم مەرۇپ ئەپەندى بىلەن مەيلى غۇلجا ياكى ئۈرۈمچىدە بىللە ئىشلىگەن، ئۇنىڭ بىۋاستە تەلىم - تەربىيىسىنى ئالغان شاگىرتلارنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1936 - يىلى ئەتىيازدا مەرۇپ سەئىدىنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولدى. ئاندىن ئۇ، 1937 - يىلى ئائىلىسىنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇ مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئۇ، ئۈرۈمچىدە گېزىت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى، سىفەن مەكتىپىگە بېرىپ پېداگوگىكىدىن دەرس ئۆتتى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆز قارىشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بىلىش دائىرىسى كېڭەيدى. شۇ مەزگىللەردە ئۈرۈمچىدىكى بەزى مۇھىم ئورۇنلاردا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىشلەيتتى. جۈملىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچەنمۇ كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. مەرۇپ سەئىدى ۋاڭ باۋچەن قاتارلىق كوممۇنىستلار بىلەن بىللە ئىشلەش جەريانىدا ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك دۇنيا قارىشى، ئىستىلى ۋە ئىنقىلابىي تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان؛ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار زاتلار بىلەن يېقىنلاشقان. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي روھتىكى ياش زىيالىيلار مەرۇپ سەئىدىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنى دائىم ئىزدەيدىغان بولغان. مەرۇپ

سەئىدىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا سەئىدى: «مەرھۇم ئىنقىلابىي شائىر
لۇتپۇللا مۇتەللىپ غۇلجىدىن تارتىپ تاكى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ
بارغاندىن كېيىنمۇ گېزىتخانىغا، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تۇرات-
تى، دادام بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلىشىپ كېتەتتى» دەيدۇ. مەر-
ھۇم شائىر داۋۇت تۇرەخمەتوۋ ئۆزىنىڭ بىر ئەسلىمىسىدە:
«1938 - يىلى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە
ياسىن خۇدابەردى بىلەن ئىككىمىز بىردىن شېئىر كۆتۈرۈپ
بارغانىدۇق، مەرۇپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كىردۇق. ئۇ، بىزنىڭ
ئوقۇش ئەھۋاللىرىمىزنى سورىدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىياتقا
تولاراق قىزىقىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقىنىمىزدا، ئۇ: «ھەممە دەرس-
لەرنى ياخشى ئوقۇش كېرەك، شائىر بولۇش ئۈچۈن چوڭقۇر
ۋە كەڭ بىلىم ئېلىش، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ھايات توغرىسى-
دىكى پەنلەرنى، مەسىلەن، تارىخ، پەلسەپە، ئومۇمىي ئىجتىما-
ئىي پەنلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنى ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋات-
قان تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن،
دەپ يازىدۇ. دېمەك، مەرۇپ ئەپەندى ياشلارنىڭ ئۇستازىلا
بولۇپ قالماي، ئەڭ يېقىن دوستى ھەم مەسلىھەتچىسىمۇ بول-
غان. مەرۇپ ئەپەندىنىڭ بىۋاستە تەلىمىنى ئالغان شاگىرتى،
يولداش ئەنۋەر ئەزىزى ئۇنى ئەسلەپ: «مەرۇپ ئەپەندىم
ئاجايىپ بىلىملىك ھەم كەڭ قورساق، ئۆزىنى تۇتۇشىمۇ
بىلىدىغان، باشقىلارغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ئادەم ئىدى.
ئۇ كەمتەر بولۇپ، دائىم خۇشال - خۇرام يۈرەتتى، ئۇنىڭ
سىماسى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ» دەيدۇ.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى بولۇۋالغان جاللات
شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن يېقىن
ئۆتكەن ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيە - تەسىرىنى قوبۇل قىلغان،
خەلق ئىچىدە يۇقىرى بىلىم ھەم نوپۇزغا ئىگە بولغان، بو-
لۇپمۇ ئىلغار ئىدىيىدىكى ياشلارنىڭ ئەڭ يېقىن يۆلەنچۈكى



ۋە سىردىشى بولۇپ قالغان مەرۇپ سەئىدىنىمۇ ئۆزىنىڭ كۆ-
زىگە قادالغان مىخ دەپ بىلىپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ كويىغا
چۈشكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئىشپىيونلىرىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا بولغان
نازارەتنى كۈچەيتكەن. ئاخىر 1940 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 -
كۈنى شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە
تاشلىغان. مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا سەئىدى (ئۇنىڭ
بىلەن ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ يېقىن دوستلاردىن
ئىدۇق. ئابدۇللا سەئىدى ئۈرۈمچىدىكى سوچىلىق ئالىي تېخنى-
كومىنى ئەنۋەر ئەزىزى ۋە ياقۇپجانلار بىلەن بىللە پۈتتۈرۈپ،
سۇ مۇتەخەسسىسى، ئىلى يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى
بولغان، ھازىر غۇلجىدا دەم ئېلىشتا) ماڭا يازغان خېتىدە، شۇ چاغ-
دىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «... دادامنى تۇتۇپ
كەتكەندە، مەن تەمرات نازارىتى تەرىپىدىن ئېچىلغان ئالىي
تېخنىكومدا ئوقۇۋاتاتتىم. شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچەن ئاپام
بىلەن ئىككىمىزنى ئالدىغا چاقىرتىپ: ما فۇ شېجاڭنىڭ تۈرمى-
دىن قاچان چىقىشى مەلۇم ئەمەس، سىلەر غۇلجىغا قايتىپ كېتىڭ-
گىزلار دەپ، دادامنىڭ ئۈچ ئايلىق مائاشىنى ۋە بىزنىڭ
ماشىنا كىراھەققىمىزنى بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ
بىلەن بىز غۇلجىغا قايتىپ كەلدۇق. تەتىل ۋاقتى توشقاندا
مەن يەنە ئۈرۈمچىگە قايتىپ باردىم. دادامنىڭ غۇلجىدىن
ئالغاچ كەلگەن ئىچ كىيىملىرىنى ئۈرۈمچى جىڭۈۋچۈغا ئاپار-
غاندىم، قوبۇل قىلىپ ئالدى. ئەمما دادامنى كۆرسەتمىدى.
1942 - يىلىغا كەلگەندە، ۋەزىيەت يەنىمۇ جىددىيلىشىپ،
شېڭ شىسەينىڭ ياۋۇزلۇقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن دادامدىن خەۋەر ئالالمىدىم. شۇ يىلى شېڭ شىسەي

چېن ئەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىمۇ
يوقاتقانىدى. 1944 - يىلى شىڭ شىسەي ئىچكىرى ئۆل-
كىگە كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىن كەلگەندە، بىر
تۈركۈم مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەنىدى. مەن دا-
دامنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن بارسام، خېلى كۈنلەرگىچە:
«ئەتە كەل، ئۆگۈن كەل» دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. كېيىن
ئەنۋەر ئەزىزى بىلەن بىللە بارغانىدىم. تۈرمە باشلىقى بۇ
قېتىم قېلىن تۈپلەنگەن بىر ئىسىملىكنى ئېلىپ چىقىپ، ئەن-
ۋەر ئەزىزىنىڭ دادىسى نەجمىدىن ئەزىزىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈل-
گەنلىكىنى، يەنە بىر كىچىك دادىسىنىڭ ئوكۇل سېلىپ ئۆل-
تۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن ماڭا قاراپ: «دادىڭ مەرۇپ
سەئىدى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن» دېدى. مەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈل-
گەن بولسا، جەسىتىنى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى بېرىشىنى
تەلەپ قىلدىم. ئۇلار: «بۇ شىڭ شىسەينىڭ قىلغان ئىشى،
ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر بەك كۆپ، هازىر تاپقىلى بولمايدۇ»
دەپ جاۋاب بەردى. مەن ھەسرەت بىلەن قايتىپ كېلىپ،
شۇ كېچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم. ئەتىسى چارۋىچىلىق
نازارىتىدىكى ئىسمايىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نەزىر ئۆتكۈزدۈم.
ئەلقەم ئەختەم ماڭا يازغان خېتىدە، دادامنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈ-
رۈلمەي، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى
نازارىتىنىڭ ئارخىپلىرىدىن تەكشۈرۈپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.»

ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر، پېداگوگ، شائىر مەرۇپ سەئىدى
44 يىل ياشىدى. ئۇ، مۇشۇ قىسقا هاياتىدا پۈتۈن ئۆمرىنى
خەلقنى ئاقارتىش ئىشىغا ئاتىدى؛ ئەكسىيەتچى هاكىمىيەتكە،
مۇتەئەسسىپ جاھىل قارا كۈچلەرگە، خۇراپىي كۆز قاراشلارغا
قارشى كۈرەش قىلدى؛ خەلقنى غايىللىقتىن، نادانلىق بالاسى-



دىن قۇتۇلۇپ ئويغىنىشقا ئۈندىدى. ئۇ، ئۆز هاياتىدا ئىلغار
پەننىي بىلىملەر بىلەن قوراللىنىپ، خەلقنى ۋە مىللەتنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ، قەلبىمىزدە
مەڭگۈ هايات!

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# نورۇز قومنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئىبراھىم ئەلقەم

نورۇز قوم — ھازىرقى شايار ناھىيىسىنىڭ قايلۇر يېزا كۆكبۇيۇن 5 - كەنتى بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېڭى مەھەللە يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، توقسۇ - شايار تاشيولى بۇ مەھەللىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. نورۇز قومنىڭ تۇپرىقى شور ھەم زەيكەش، شورلۇقلار 30%نى ئىگىلەيدۇ، يەنە قوم تىزمىسىمۇ بار.

بۇ جاي مىلادى 1420 - يىللىرى يۇرت بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ، شايار ناھىيىسىگە نىسبەتەن خېلى قەدىمىي، تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن مەھەللىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مىلادى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بۇ جاي ئاساسىي جەھەتتىن يۇلغۇن، كۆرۈك، ئاق تىكەن، ئاز - تولا توغراق، چۈچۈكبۇيا، بېسىلغاق، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، شۇ چاغدىكى بەزى كىشىلەر بۇ يەر چارۋا بېقىشقا بەك ئەپلىك ئىكەن، دەپ قاراپ باشقا يۇرتلاردىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار تەدرىجىي كۆپىيىپ بۇ مەھەللىنى شەكىللەندۈرگەن. نوپۇس سانىمۇ تەخمىنەن 50 — 60 قا، ئائىلىلەر 18 — 20 گە يەتكەن.



ئۇلار چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئايرىم - ئايرىم بوز يەرلەرنى ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنىمۇ باشلىغان. 1537 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز ئۆسكەن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مەھەللىلەرگە بۆلۈپ ئاتايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. مەسىلەن: تېرەك مەھەللە (ھازىرقى نورۇز قوم كەنتىنىڭ 3 - مەھەللىسى)، ئاق قوم (2 - مەھەللە)، ئەگىر بۇلۇڭ (1 - مەھەللە)، مۆمۈش (ھازىرقى 1 - مەھەللە)، قەيلەپ (5 - مەھەللە)، شەنبە بازار (ھازىرقى 4 - مەھەللە)، بوستان، قارا تېرەك قاتارلىق مەھەللىلەرگە ئايرىلغان.

شۇ چاغلاردا بۇ مەھەللىدىكى غوجا ئىمىن دېگەن كىشى ئوقۇغان، بىلىملىك، يۇرتقا نىسبەتەن خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا، مىلادى 1541 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (يەنى بىر چارشەنبە كۈنى) يۇرتتىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە سازەندىلەرنى يىغىپ، بىر نەچچە قوي ئۆلتۈرۈپ، قازان - قومۇچلارنى تەييارلاپ، مەھەللىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىر، كەڭلىكى 200 مېتىر كېلىدىغان قومنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىققان، ئاندىن تاماق (پولو) تەييارلاپ، بىللە ئېلىپ چىققان ئادەملەرنى مېھمان قىلىپ، بىر كۈن قىزىق ئويۇن - تاماشىلارغا ئويۇشتۇرغان. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلىغان، ئويۇن تازا قىزىپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، غوجا ئىمىن پۈتكۈل جامائەتكە بۈگۈنكى كۈننىڭ قۇتلۇق نورۇز كۈن ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر خۇشاللىققا چۆمۈپ، بۇ خۇش خەۋەرنى باشقا قوشنا مەھەللىلەرگىمۇ يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى بۇ جايدا ئۈچ كۈن نورۇز بايرىمى ئوينىغان، ۋە بۇ جاينى «نورۇز قوم»

دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ جاينىڭ نامى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان.

«نورۇز» دېگەن سۆز ئەنئەنىۋى باھار بايرىمىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇم» سۆزى بۇ جايدىكى ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنلىرى توپلىنىپ ئۆتكۈزىدىغان سەيلىگاھ مەيدانىنى «قۇم ئۈستى» نى كۆرسىتىدىكەن. بۇ جاي كېيىنچە تېخىمۇ ئاۋاتلاشقان، ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ شەكلىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان. كىشىلەر بىر تەرەپتە «نورۇز» تەنتەنىسى قىلىشسا، يەنە بىر تەرەپتە مىللىي ئەنئەنىسى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «مەشرەپ»، «ئۇسسۇل» ئوينىغان؛ بىر تەرەپتە چاقپەلەك چۆرۈپ قىز - ئوغۇللار ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە شادلىق ئىچىدە ئايلىنىپ ئۇچۇشسا، يەنە بىر تەرەپتە بىر تۈركۈم ئوغلانلار ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىشتىن ئىبارەت كۆپ خىل مىللىي مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىشقان. شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ يەنە بەزى كىشىلەر توخۇ سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىمۇ ئېلىپ بارغان. پۈتۈن قۇم ئۈستى ئەتراپى قايناق ئويۇن - تاماشاغا تولغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇنداق قىزىق ئويۇننى «كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئويۇن»، «كۆككە ئويۇن» دەپ ئاتاشقان ۋە كېيىنچە «كۆككىبويۇن» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا ئادەتلەنگەن.

XVII ئەسىرلەرگە كەلگەندە، «كۆككە ئويۇن» دېگەن نام فونېتىكا جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، «كۆك بويۇن» دېگەنگە ئۆزگەرگەن ۋە ھازىرمۇ يەنىلا «كۆك بويۇن»، «نورۇز قۇم» دېگەن ئىككى ئاتالغۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مىلادى 1682 - يىلىغا كەلگەندە، سوپى - ئىشانلار پاش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىغان ھەم «دىنىي ئەقىدە»، «ئۇلۇغلارغا باش ئۇرۇش»، «مازار چۆگىلەش» دېگەندەك



پائالىيەتلەر ئەۋج ئېلىپ، بۇ جايدىكى خەلقنىڭ ھەر خىل مىللىي ئەنئەنىۋى پائالىيىتى بىردىنلا «ساپايى چىلىش»، «ھۆكۈمەت ئېيتىش» قاتارلىق دىنىي پائالىيەتكە ئايلىنىپ، يىلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «نورۇز» بايرىمىمۇ چەتكە قېقىلىپ، پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدىغان، نوقۇل دىنىي پائالىيەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بولغان. سوپى - ئىشانلارنىڭ تەسىرىدىن، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالسا باخشىلارنى تاپىدىغان، باخشىلار قىزىل كۆزلۈك ۋە ئالدامچىلىق قىلىپ كىشىلەرگە ئۆزىنى «ئاجايىپ - غارايىپ» شاپائەتچى، «جىن - شاياتۇنلار» نى قوغلايدىغان ئۇلۇغ كىشى قىلىپ كۆرسىتىپ، كېسەل ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئوت چۆرۈپ، پىرە ئوينايدىغان ئەھۋاللار ئەۋج ئالغان. نەتىجىدە بۇ جايدىكى ساددا، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل خەلق نادانلىق ئىچىدە قېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور دەرىجىدە چېكىنىشكە يۈزلەنگەن؛ بۇرۇنقى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي پائالىيەتلىرى چەتكە قېقىلغان ۋە ئەيىنى ۋاقىتتا «نورۇز قۇم» ھەققىدە يېزىلغان خەلق قوشاقلىرىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلانغان.

مىلادى 19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ، بۇ جايدىكى خەلق ئۆزىنىڭ نادانلىقتا قالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى قايتىدىن داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىغان؛ بۇرۇنقى كۆپ خىل رەڭدار پائالىيەتلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «نورۇز قۇمدىكى نورۇز بىر كۈن» دېگەن بايرىمنى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قايتىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان، دىنىي پائالىيەتلەر ئازايغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پائالىيەت بولىدىغان جاي يەنە «نورۇز قۇم»، «كۆكبويۇن» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىۋەرگەن. كۆك بويۇن يۇرت بولۇپ شەكىللەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە

باشتىن - ئاياغ بۇ مەھەللىنىڭ ئەسلى نامىنى ساقلاپ قالغان.

1949 - يىلغا كەلگەندە، كۆكبويۇن خەلقى پارلاق يېڭى تاڭ نۇرىنى كۆردى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە يېڭى ھاياتقا قەدەم قويدى. بۇ كەنت خەلقىنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلاندى ھەم توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

1949 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە بولغان 42 يىل جەريانىدا، بۇ مەھەللىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 - يىلدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 35 ھەسسە كۆپەيدى ھەم ناچار تۇپراق ئۆزگەرتىلىپ مۇنبەت مول ھوسۇللۇق ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ جايدا يېقىلغۇ ئورمان، ماتېرىياللىق ئورمان، مېۋىلىك ئورمان قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئورمانلار ئازادلىقتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 175 ھەسسە، چارۋا 30 ھەسسە كۆپەيدى. دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىمۇ ئازادلىقتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. رادىئو، تېلېۋىزور ۋە ئۈنئالغۇلار ئومۇملاشتى. دېھقانچىلىق جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، دۆلەتكە 10·000 جىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىپ ئېيزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئېيزىلىق پارتكومنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ كەنتنىڭ ھازىرقى نامىمۇ بۇرۇنقىدەك «نۇرۇزقۇم»، «كۆكبويۇن» كەنتى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

(ئاپتورى: شايار ناھىيە قايلۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# مەن ۋە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش تېلېگراف ئىستانسىسى

**جاڭ مىڭجېك**

مەن سىچۈەننىڭ تۇڭجياڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولسامۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنبەت، كەڭ زېمىنى شىنجاڭدا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلىدىم ۋە ياشىدىم. شىنجاڭدا ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مەن تېلېگراف - خەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا رىشتە باغلىدىم، بۇ ئىش مېنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىم بولۇپ قالدى.

1932 - يىلى قىزىل ئارمىيىنىڭ 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسى خۇبېي، خېنەن، ئەنخۇي چېگرا رايونىدىن سىچۈەننىڭ شىمالىغا كىرىپ، تۇڭجياڭ، جياڭگېن، باجۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە سىچۈەن، شەنشى ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى ھەمدە سىچۈەن مىلتارىستلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى زور دەرىجىدە ئۇلغايتتى. مەن شۇ چاغدا ئەمدىلا 15 - 16 ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، مەنمۇ ئارمىيىگە تىزىملاندىم، قىزىل ئارمىيىدە شاگىرتچىلىك ئەسكەر بولۇپ، روتا شتابىنىڭ خەۋەرچىلىكىنى قىلدىم، كېيىن پولك كوماندىرى ياڭ شىيۇكۇننىڭ مۇھاپىزەتچىسى

بولدۇم. قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقاندىن كېيىن، قىسىمغا ئەگىشىپ قارلىق تاغلاردىن، يايلاقلاردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىلگىرىلەپ، كۆزمىلىك جاپالارنى چېكىپ، 1937 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭغا كەلدىم.

شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان، پارتىيىمىز بىلەن بىرلىك سەپ تۈزگەن بولغاچقا، بىزنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىمىزنى قارشى ئېلىپ، بىزنى ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزدى. شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە بىنائەن، بىز ئۆزىمىزنى «قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى» دەپ ئاتىماي، سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىنىڭ جەڭچىلىرى» دەپ ئاتىدۇق. يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدىكىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى — چېن يۈن، دىڭ فا، چېن تەنچيۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ھەربىي تېخنىكىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن قىرىشقا، مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا پائال تەييارلىق كۆردى.

1939 - يىلى كۈزدە، پارتىيە ۋەكىلى 10 نەچچە يولداشنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بىز ئۇزاقتىن بۇيان بېرىشنى ئارزۇ قىلغان جاي بولغاچقا، ئۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇش بىز ئۈچۈن تەلەي ھېسابلىناتتى. مەنمۇ دەل شۇلار قاتارىدا تاللاندىم. پارتىيە ۋەكىلى ئۆگىنىشكە بېرىشقا تاللانغانلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، بىزنى بىر يەرگە جەم قىلدى، بىر سوۋېتلىك بىزگە سۆز قىلدى، فىڭ شۇن تەرجىمان بولدى. ئۇلار بىزنى مەدەنىيەت



بىلىملىرىدىن سىناپ كۆردى، يەنى تاللانغانلارنى گېزىت ئوقۇتتى. مەن خەتلەرنى كۆپ تونۇمىغاچقا، گېزىتتىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئابزاسنى دۇدۇقلاپ ئوقۇپ بېرىپ لاياقەتلىك بولدۇم. ئاخىرى ياڭ تيەنيۈن، شيەنبى چىلو، ليۇمىڭراڭ، خې شىشىسەي، شيا جۇڭيۇڭ، ليۇ ۋۇسەي، لۈ يۈيۈي، شى چاڭخەن، ئەن جىڭۋېن، سۇن شىبىن، ليۇدالى، ۋاڭ چۇڭجى، رېن شۇۋۇ يەنە يېشى چوڭراق، كاتىپلىق قىلىدىغان بىرى (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) ۋە مەن جەمئىي 15 كىشى تاللاندۇق. ئۇلاردىن ۋاڭ چۇڭجى، رېن شۇۋۇ، ليۇدالى ۋە ھېلقى مەن ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى كېسەل سەۋەبىدىن ئوقۇيالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن دۆلىتىمىزگە قايتۇرۇۋېتىلدى. يولغا چىقىش ئالدىدا، بىز پارتىيە ۋەكىلى دىڭ قادىن پارتىيە تەشكىلىي رەسمىيىتىمىزنى قانداق يۆتكەيمىز؟ دەپ سورىدۇق. ئۇ بىزگە تەشكىلىي مۇناسىۋەتلىرىڭلارنى يۆتكىمەڭلار، بۇ ئىشنى خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونال بىلىدۇ، سىلەرنىڭ ھەممەڭلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دەپ جاۋاب بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىشتىن ئاۋۋال بىز كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇردۇق، شېڭ شىسەي تارقىتىپ بەرگەن ھەربىي كىيىملەرنى، لاتا پايپاق، لاتا خەيلەرنى سېلىۋېتىپ، فۇجۇ كۆڭلەك، كاستۇم - بۇرۇلكا، سوۋېت پايپىقى (پاختا يىپتىن توقۇلغان پايپاق)، توپلەي، يەنە قالپاق، پەلتو كىيدۇق، گالستۇك تاقىدۇق. مېنىڭ پۇتۇم چوڭ بولغاچقا، 42 - نومۇرلۇق ئاياغ كىيەتتىم. پۇتۇمغا مۇۋاپىق ئاياغ ئېلىش ئۈچۈن، ماگىزىنلارغا نەچچە قېتىم قاتراپ يۈرۈپ ھېرىپ تەرلەپ كەتتىم. بۇ، مېنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بۇنداق كىيىملەرنى كىيىپ، ئەجەبىيچە ياسىنىشىم ئىدى.

بىز موسكۋا ئەتراپىدىكى ئورمانلىققا جايلاشقان مەكتەپتە

تۆپتوغرا بىر يىل ئوقۇدۇق. بۇ مەكتەپتە بىز ئوقۇيدىغان ئاشۇ بىرلا سىنىپ بار ئىدى. مەكتەپنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇق، تەمىناتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ھەر كۈنى تۆت ۋاق تاماق يەيتتۇق، ھەر يەكشەنبە كۈنى پويىز بىلەن موسكۋاغا كىنو، تىياتىر كۆرۈشكە، سەيلى - ساياھەتكە باراتتۇق. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا، مەكتەپ بىزنى ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇردى، بىز پاراخوت بىلەن ۋولگا دەرياسىنى بويلاپ قارا دېڭىز ئەتراپىدىكى كاللىنىن شەھىرىگە باردۇق. ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر مەكتەپكە يۆتكەلدۇق. بۇ مەكتەپمۇ موسكۋا ئەتراپىدىكى ئورمانلىقتا جايلاشقان بولۇپ، بىز بارغاندا بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىسىم ئىسپانىيىلىك ساۋاقداشلار بار ئىكەن.

بىز مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، مەكتەپتىن بىز پارتىيە تەشكىلىي تۇرمۇشىمىزنى قانداق ئۆتكۈزىمىز، پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى نەگە تاپشۇرىمىز دەپ سورىدۇق. مەكتەپ دائىرىلىرى مەكتەپتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ، سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپەڭلار — ئۆگىنىش دەپ جاۋاب بەردى.

بىز بىر يىل ئىچىدە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ تارىخىنى، تولاراق سىمسىز تېلېگراف كەسپىي ئىشلىرىنى، شۇنداقلا ئاخبارات كەسپىنى، مەسىلەن: رەسىم تارتىش، چىرتيوژ سىزىش، ئىز قوغلاش، ئالاقىلىشىش، ئۆزىنى نازارەت قىلىۋاتقان قويرۇقلارنى تاشلاپ كېتىشكە دائىر بىلىملەرنى ئۆگەندۇق. سىمسىز تېلېگراف كەسپىدە ھەم نەزەرىيە ئۆگەندۇق، ھەم مەشغۇلات قائىدىسىنى، قۇراشتۇرۇشنى ۋە رېمونت قىلىشنى ئۆگەندۇق. بىزدىن تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ سىم يولى خەرىتىسىگە زاپچاسلارنىڭ جايلىشىشىغا دائىر بىلىملەرنى يادلىۋېلىش، زاپچاسلارنى قۇراشتۇرۇشنى، بۇزۇلسا رېمونت قىلىشنى بىلىش،



تېلېگراممىنى بېرىش - قوبۇل قىلىش، مەشغۇلات قائىدىسىنى پىششىق ئۆگىنىش، يەنە تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ ئانتېنناسىنى جايلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى تېز يوشۇرۇش قاتارلىقلارنى بىلىش تەلەپ قىلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە رادىئو ئىستانسىسىغا دائىر ئىنگلىزچە كەسپىي ئاتالغۇلارنى ئۆگەندۇق.

بىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىمىز تۆۋەن ئىدى، ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن كېيىن ھەربىي يۈرۈش، جەڭ قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆگىنىش پۇرسىتى بولمىغانىدى. ئەمدىلىكتە مۇشۇنداق ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتى بولغانلىقى، ئىنقىلاب ئېھتىياجلىق بىر خىل كەسپىي تېخنىكىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ ئۆزلىرىنى تەربىيىلەۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى مىننەتدار ئىدى، شۇڭا بىز چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىققا بەل باغلىغانىدۇق.

سوۋېتلىك ئىنستروكتورلار ئىنتايىن ئەستايىدىل دەرس ئۆتەتتى، دەرسلەرنى بىز تولۇق بىلگىچە قايتا - قايتا چۈشەندۈرەتتى. بىزمۇ دەرسلەرنى ئىنتايىن شىجائەت بىلەن ئۆگىنەتتۇق، دەرس ئارىلىقلىرىدا، ھەتتا كەچتە ئۇخلايدىغان چاغدىمۇ دەرسخانىغا بېرىپ مەشغۇلات قىلاتتۇق، كۆپ ھاللاردا مەكتەپنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بىزگە كۆيۈنۈپ بىزنى دەرسخانىغا كىرىشتىن توسۇيتتى.

1941 - يىلى باھار بايرىمىدا ئوقۇشىمىز ئاياقلاشتى. مەن ياڭ تيەنيۈن، تەن جېنۋېن بىللە تەقسىمات بويىچە تۈنجى تۈركۈمدە دۆلەتكە قايتىدىغان بولدۇق. مېڭىش ئالدىدا، بىزگە ئۆگەنگەن لېكسىيە، يازغان خاتىرىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ دەپ ئۇقتۇرۇلدى، مەكتەپنىڭ تەرجىمانى فىلىپوۋ بىزگە ھەمراھ بولۇپ پويىز بىلەن ئالمائاتاغا باردى، ئۇ يەردە بىر ھەپتە ئايروپىلان ساقلىدۇق. بۇ مەزگىلدە بىزگە

يېڭى ئىسىم قويدى، ماڭا رۇسچە كالىي دەپ ئىسىم قويۇلدى. مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم جاڭ مىڭجېڭ ئىدى، يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدا جاڭ شاۋچىڭغا ئۆزگەرتىلگەنىدى، بۇ يەردە يەنە شاۋچىڭ دەپ ئۆزگەرتىلدى. بىزگە يەنە شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ما ئىسىملىك بىرى رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، بۇ بىر تۈزۈم ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

بىز ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچى (دىخۇا) گە بارغاندىن كېيىن، باشقا يولۇچىلار كەتكەنگە قەدەر ئايروپىلاندا كۈتۈپ تۇردۇق، ئاندىن ماشىنا كېلىپ بىزنى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا ئاپاردى. ئىستانسا مۇدىرى شۆي زۇدې بىزنى بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ۋاقىتنىچە سىرتقا چىقماي تۇرۇشنى تاپىلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش ئىنسترۇكتورى مارانچېۋ كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى، ئىستانسىنىڭ مۇدىر ئىنسترۇكتورى ۋارناكوۋ بىزگە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇقتۇردى، شۆي زۇدې تەرجىمانلىق قىلدى. مارانچېۋ بىزگە: بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سىلەرنى شىڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشكە ئاپىرىمەن، سىلەر باش تېلېگراف ئىستانسىسىدا بىر مەزگىل پراكتىكا قىلغاندىن كېيىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىسىلەر، دېدى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن، بىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئىشلىتىشنى پراكتىكا قىلىشقا كىرىشتۇق. شۇ چاغدا باش تېلېگراف ئىستانسىسىدا مانىكوۋ ئىسىملىك يەنە بىر سوۋېتلىك ئىنسترۇكتور، شۇنداقلا باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جا يۇ شېڭ، تېلېگراف خادىملىرىدىن جۇ يۇچۇن (چېگرا ئىشلىرى 1 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ زوجۇننىڭ يولدىشى)، چېن فىڭيى (تاشقورغان ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى گەي فېيپىڭنىڭ يولدىشى) قاتارلىقلار بار ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن باش ئىنسترۇكتور: شىڭ دۇبەن



بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭ سىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ۋاقتى يەتمەيدىكەن، دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ، بىزگە ئانكېت تارقىتىپ بەردى، بىز يالغان ئانكېت توشقۇزۇپ، مەزمۇنىنى ئېسىمىزدە ساقلىدۇق. مەن ئانكېتقا ئىسمىمنى شاۋچىڭ دەپ، يۇرتۇمنى سىچۇەننىڭ يىبىڭ ناھىيىسىدىن دەپ، دۇبەننىڭ دوستى لى پېيتيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كۇنمىڭدىن كەلگەن، ھەربىي ئۇنۋانىمنى جۇڭۋېي دەرىجىلىك تېلېگراف خادىمى دەپ توشقۇزدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېنى باش تېلېگراف ئىستانسىسىدا ئەپقېلىش، ياڭ تيەنيۈنىنى خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنى تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى قىلىش، تەن جىڭۋېننى قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تېلېگراف خادىمى قىلىش قارار قىلىنىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، باش ئىستانسىنىڭ مۇدىرى شۆي زۇدې قولغا ئېلىنىدى، ئارقىدىن مۇئاۋىن مۇدىر جا يۇشېڭمۇ قولغا ئېلىنىدى، ئۇلارغا توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئورۇندى دېگەن گۇناھ ئارتىلدى. ئىستانسىنىڭ سابىق باشلىقى جاڭ لۇسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىدىغان چاغدا ئىستانسىغا كېلىپ كونا كەسىپداشلىرى بىلەن خوشلاشتى، مەن شۇ چاغدىلا ئۇ چېگرا ئىشلىرى 2 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن پېيشېڭنىڭ يولدىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، چېن پېيشېڭ بۇرۇنلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇۋېتىلگەنىدى. كېيىن جۇ يۇچۇن بىلەن چېن فىڭيىمۇ ئاسىيلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دېگەن بەتنام چاپلانغاچقا، ئىستانسىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇلارنىڭ جورىلىرىمۇ قولغا ئېلىنىدى. ئىستانسىدا مەن جۇ يۇچۇن بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتىم، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا: سەن تېخى كىچىك، نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن. بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك دىققەت قىل، دېگەنىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا،

ئىستانسىنىڭ خادىملىرى ئازىيىپ كېتىپ، بۇ جاي چۆلدەرەپ قالغاندەك بولدى.

كېيىن يەرلىك تېلېگراف ئىستانسىسىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن تېخنىك لى يۈەنفىن ئىستانسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، تېخنىكىلىق ئىشلارنى باشقۇردى. يەنە مايتاغدىن ۋاڭ يۇچاڭمۇ مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى، ئەرلىز تېخىدىكى (ئىچكى موڭغۇلدا) ئىستانسىنىڭ تېلېگراف خادىملىرى ۋاڭ شۈلى بىلەن ۋاڭ جېجىنمۇ قايتىپ كەلدى. ھەممىدە ئىستانسىدا 3 ـ قارارلىق سىمسىز تېلېگراف تېخنىكا كۇرسى ئېچىلدى.

بىز ئىستانسىدا بىر خىللا ئىشنى قىلاتتۇق. ئادەتتە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەۋەتكەن كىشى ئەتتىگەندە ئىستانسىدىن كېچىكىسى قوبۇل قىلغان تېلېگراما شىفىرلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى، كەچتە ھەرقايسى جايلارغا يوللىنىدىغان تېلېگراممىلارنىڭ شىفىرلىرىنى ئەكىلىپ بېرەتتى، بىز ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى زادىلا بىلمەيتتۇق. تەشكىلىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن، ئىستانسىنىڭ ئىنستىرۇكتورى مەن بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلاتتى. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاز ـ تولا رۇسچە ئۆگەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن زورۇقۇپ تۇرۇپ سۆزلىشەلەيتتىم. ئۇ، ماڭا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىر ئىستانسىنىڭ شىفىرلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىپ يوللاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. مەن: بۇ ئىستانسا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىزنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسى ياكى خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئېلىمىزنىڭ مەلۇم بىر جايىدىكى يەر ئاستى تېلېگراف ئىستانسىسى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. قىسقىسى، ئىنقىلاب ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بۇ ئىستانسىدا مەن بۇ ۋەزىپىنى رازىلىق بىلەن ئورۇنلىدىم. بۇنىڭدىن باشقا، ئىنستىرۇكتور 100 ۋاتلىق بىر تېلېگراف ئاپپاراتىنى قۇراشتۇرىدىغانلىقىنى، مەن ئۇنىڭغا ياردەمچى



بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئىنستىرۇكتور تەربىيىلەش كۇرسىدىكىلەرگە تېخنىكا دەرسى ئۆتكەندە، مەن ۋاقىتلىق تەرجىمانمۇ بولدۇم. ئىنستىرۇكتور ھەر ئايدا سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن مائاش ئېلىشقا بارغاندا، ماڭىمۇ ئىش ھەققى ئالغاچ كېلەتتى. مەن ئۇنى ئىمزا قويۇپ بېرىپ تاپشۇرۇۋالاتتىم. بىزگە تاموژنا پۇلى (گومىنداڭنىڭ مەركىزى بانكىسى تارقاتقان تاموژنا بېجى تاپشۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان ئاكسىيە بولۇپ، كېيىن پۇل ئورنىدا خەجلەندى) تارقىتىلاتتى. ماڭا بەرگەن ئىش ھەققى 80 يۈەن بولۇپ، ھەربىر يۈەنى شىنجاڭنىڭ ئۈچ يۈەنىگە توغرا كېلەتتى. بۇ ئىش ھەققى مېنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىن ئالىدىغان مائاشىمدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئىدى. بۇ جەرياندا باش ئىنستىرۇكتور يەنە مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ، لەنجوۇغا بېرىپ ئىشلەشكە ياخشى تەييارلىق قىلىپ قويۇشۇمنى ئۇقتۇردى.

1942 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش قارارىغا كېلىپ، كوممۇنىستلارنى كۆپلەپ تۇتقۇن قىلدى. 1943 ـ يىلى سوۋېتلىك ئىنستىرۇكتورلار قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ باشقارما ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتكەن خادىملارمۇ قايتىپ كەلدى. ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى، مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئەۋەتىلگەنلەر نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. 7 ـ ئايدا يەنە بىر نەچچە يولداش باشقا جايلارغا تەقسىم قىلىندى. مەن بىلەن ياڭ تيەنيۈن چۆچەككە، تەن جىڭۋېن ئارىتۇرۇككە، ۋەن يۇلىن ئىلىغا، ياڭ ۋېنشيەن بىلەن ۋۇ نەنسەن ئالتايغا تەقسىم قىلىندۇق، پەقەت لى باۋخۇالا ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ نوپۇس بۆلۈمىدە قېپقالدى. بىز باشقا جايغا تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئاخبارات توپلىساقلا

ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتۇق. بىز چۆچەككە بارغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلخانىسىغا بارغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشالمىدۇق. سىرتتا تەقسىم قىلىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا، شېڭ شىسەي يەنە بىزنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، بىز سەككىز كىشى (جۈملىدىن ليۇشۇمىڭ) بىر گۇرۇپپا بولغانلىقىمىزنى، تەشكىل لى باۋخۇانى گۇرۇپپا باشلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ۋە سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلاپ، گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئاخباراتلىرىنى توپلايدىغانلىقىمىزنى بىلدۇق. 1944 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىدىن ئادەم كېلىپ: باشقارما باشلىقى سىلەرنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى دېگەن باھانە بىلەن، ياڭ تيەنيۈن بىلەن مېنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىزنى ئۇدۇل ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ مەھكىمىسىدە قۇرۇلغان تۈرمىگە ئاپىرىپ سولاپ قويدى.

تۈرمىگە تاشلىنىپ تۆت ئايدىن كېيىن، بىر كۈنى ئەتىگەندە گۇندىپاي تۇيۇقسىز مېنىڭدىن: لى باۋخۇانىڭ ئۆيى نەدە؟ دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىلمەيمەن دەپ جاۋاب بەردىم. مەن كۆڭلۈمدە «لى باۋخۇا تۈرمىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ» دەپ پەرەز قىلدىم.

گومىنداڭ مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي قاماپ قويغان «جىنايەتچىلەر»نى ئېنىقلاپ، بىرمۇنچە كىشىلەرنى قويۇپ بەردى. بىز ئەلۋەتتە قويۇپ بېرىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدۇق، ئەمما تۈرمىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى خېلى بوشاپ قالدى، «جىنايەتچىلەر» ھويلىدا ئاپتاپقا قاقلىنالايدىغان بولدۇق. شۇنداق قىلىپ، يەنە نۇرغۇن سەپداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. سۆھبەتلىشىش داۋامىدا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمى-



غان نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئۇقتۇق. باش تېلېگراف ئىستانسىسى توغرىسىدا مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدۇق: قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يۆنىلىش قوشۇنى خېشى كورىدورىدىن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى تېلېگراف ئىستانسىسىدىكىلەرگە كېچە - كۈندۈز دىجورنىلىق قىلىپ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارغا غەربكە ـ شىنجاڭغا كېلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى يەتكۈزۈش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن بولسىمۇ، ئالاقە قىلالماپتۇ؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يۆنىلىش قىسمى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن تېلېگراف ئىستانسىسىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ تېلېگراف ئاپپاراتى ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ، ھەمدە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى كۆچۈرۈۋاپتۇ؛ باش ئىستانسىنىڭ باشلىقى جاڭ لۇسىمۇ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىغا بېرىپ، گازارمىنىڭ سىمسىز تېلېگراف كۇرسىدىكىلەرگە دەرس ئۆتۈپتۇ؛ مەن باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئىنستىرۇكتورنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەلۇم بىر ئىستانسىنىڭ تېلېگرامما شىفىرلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىپ، ئىنستىرۇكتورغا بىۋاسىتە ئاپىرىپ بەرگەنىدىم. بۇ ئەھۋاللار باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ پارتىيىمىز بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 40 يىلدىن كېيىن، يەنى 1980 - يىلى بەزىلەر شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن يولداش فىڭ شۈەندىن بۇ ئەھۋالنى سورىغاندا، ئۇ: بىز ئەينى چاغدا شېڭ شىسەيدىن يوشۇرۇن ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىسى بولغان چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما بەرگەن، دېگەن.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىزنىڭ بىرنەچچە سەپدىشىمىز كېيىن بىلەن تۈرمىدىن چىقتى، بىز يەنە ئۆزلۈكىمىزدىن تەشكىللىنىپ، گومىنداڭغا قارشى مەخپىي كۈرەشنى قانات يايدۇردۇق.

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# خوتەن چىگرا ئىشلىرى ئىش بېجىرىش ئورنى توغرىسىدا ئەسلىمە

ۋاڭ داۋجيەن

1941-يىلى كۈزدە، مەن ۋە چاڭ ۋېنجيې، ياڭ جىجۇڭ، قۇربان تۆتەيلەن مەدەنىيەت كادىرلىرى كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، سىياسىي كادىرلار كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندۇق. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن يەنە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا بۆلۈندۇق. بىزنى ئۇ يەردە ئىستانسا باشلىقى لى يۈەنفىن قوبۇل قىلدى. ئۇ، بىزگە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى ئۇقتۇردى، بىزدىن ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى، خىلاپلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. بىز تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ ياتىقىدا يېتىپ، كوللېكتىپ ئاشخانىدا تاماق يېدۇق، بىزگە خالىغانچە سىرتقا چىقىشقا يول قويۇلمايتتى.

باش تېلېگراف ئىستانسىسى ياڭماۋخۇ (مۇيكا) غا جايلاشقان بولۇپ، ئىستانسىنىڭ ئۆيى ئىككى قەۋەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تېلېگرامما بېرىش - قوبۇل قىلىش ئۆيى،

ئاستىدا ئاپپارات ئۆيى بار ئىدى، ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 50—60 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. تېلېگرامما بېرىش - قوبۇللاش ئۆيىنىڭ يېنىدا دەرسخانا ۋە ياتىقىمىز بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، باش تېلېگراف ئىستانسىسى 3 - قارارلىق تېخنىك خادىملار تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرستا بىز تۆت كىشىدىن باشقا، يەنە جاڭ جياچۈن قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. كۇرسانتلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئونغىمۇ يەتمەيتتى. ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ سوۋېتلىك سابىق باش ئىنستروكتورى مارانچىۋ بارلىق كۇرسانتلارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا سۆز قىلدى. ئۇ بىزدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىمسىز تېلېگراف تېخنىكىسىغا ئائىت كەسپىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى؛ بولۇپمۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دىققەت قىلىشنى، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى سىرتتىكىلەرگە دېمەسلىكنى تاپىلىدى.

بىزنىڭ بۇ سىنىپىمىزغا لى يۈەنفېن رەھبەرلىك قىلاتتى، دەرسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى سوۋېتلىك ئىككى ئىنستروكتور رۇسچە ئۆتەتتى، لى يۈەنفېن بىلەن لىيۇ فامىلىلىك بىرەيلەن تەرجىمانلىق قىلاتتى. بىز سىمسىز تېلېگراف تېخنىكىسىغا دائىر پرىنسىپلارنى، ئەمەلىي مەشغۇلات قائىدىسىنى ئۆگىنەتتۇق، ھەر كۈنى ئاپپاراتنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلدۇق. ئىنستروكتورلار دەرسنى ئىنتايىن ئەستايىدىل ئۆتەتتى، بىزگە يۇقىرى تەلەپ قوياتتى، ئەمما ئىنتايىن قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ، قاپىقىنى زادىلا تۈرمەيتتى، بىزمۇ ناھايىتى تىرىشاتتۇق، ئۆگىنىش نەتىجىمىزمۇ خېلى ياخشى ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا تېلېگرامما بېرىش - قوبۇللاش تېخنىكىسىنى مۇستەقىل ئىشلەش ماھارىتىنى ئىگىلەپ بولغانىدۇق.

1942 - يىلىدىن باشلاپ، بىزنى ئائىلىمىز تۇرۇشلۇق



جايىنى ئاساس قىلىپ خىزمەتكە تەقسىم قىلدى. مېنىڭ ئائىلەم خوتەندە بولغاچقا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىغا تەقسىم قىلىندىم، ئۇنۋانىم شاۋۋېي دەپ بېكىتىلدى.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ قاتناش يوللىرى قولايسىز، ئاپتوموبىللار ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن خوتەنگە ماڭغاندا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى مېنى ۋە مەن ئېلىپ ماڭغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئاپىرىپ قويۇشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر يېرىم تونىلىق قارا ماشىنا ئاجراتتى. بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ماشىنا خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىدا تۆت كۈن تۇردى، ئىستانسىنىڭ سابىق باشلىقى جاشىپىڭ (ياڭ تيەنيۈن) شۇ ماشىنىدا ئۈرۈمچىگە قايتتى.

خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنى شەھەر ئەتراپىدىكى بۈك - باراقسان، باغ - ۋارانلىق بىر قورۇغا جايلاشقانىدى. ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئادەتتە مۇدىر لى ۋېنجيې، مۇئاۋىن مۇدىر يەن يۈكشۈن، ئىستانسا باشلىقى، تېلېگراف خادىمى، ئاشپەز، مۇلازىم قاتارلىق ئالتە كىشى بار ئىدى. مۇدىر ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئايرىلمايتتى، مۇئاۋىن مۇدىر دائىم سىرتلارغا چىقىپ ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. ئىستانسىنىڭ ئىشلىرىغا مەن مەسئۇل ئىدىم، ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم ئۈرۈمچىدىكى باش تېلېگراف ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تېلېگرامما بېرەتتۇق ۋە تېلېگرامما قوبۇل قىلاتتۇق. تېلېگرامما بېرىشتە بەش خانىلىق مەخپىي شىفىرنى قوللىناتتۇق. تېلېگراممىلارنى تەرجىمە قىلىش مۇدىرنىڭ ئىشى ئىدى. شۇڭا، بىز تېلېگراممىلارنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئىدۇق. ئىستانسىمىزدا زەرەتلەش ماشىنىسى بولمىغاچقا، باتارېيىلەرنى ھەر قېتىم خوتەن شەھىرىگە ئەكىرىپ

ئامانۇي تېلگېراف ئىستانسىلىرىدا زەرەتلەپ كېلەتتۇق.

كۈندىلىك خىزمەت داۋامىدا، مەن ھەر 3 — 5 ئايدا بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلار بەزىدە ئۈچ-تۆت كىشى، بەزىدە بەش-ئالتە كىشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئۇلار دائىم ئاخشىمى كېلەتتى، ئەتىگەنلىك ناماز ۋاقتىدا ئۇلارنى كۆرۈپ قالاتتۇق، ئۇلار بىر دەم تۇرۇپلا يەنە يوقاپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتۇق. لېكىن ئۇلار كەلگەن ھامان، ئىستانسىمىزنىڭ خىزمىتى، بېرىلىدىغان، قوبۇل قىلىنىدىغان تېلېگراممىلار كۆپىيىپ كېتەتتى؛ ئۇلار كەتكەندىن كېيىن تېلېگراممىلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئازلاپ قالاتتى، ھەتتا بەزىدە كۈندە ئاپپاراتنى ئېچىپ باش ئىستانسا بىلەن ئالاقە قىلىپ قويساقلا، بىر كۈنلۈك ئىشىمىز تامام بولاتتى. ئۈرۈمچىدىكى ۋاقىتتا، سوۋېتلىك باش ئىنستروكتور بىزنىڭ تەربىيىلىنىش كۇرسىدىكى ساۋاقداشلارنى قوبۇل قىلغان چاغدا، سەككىز - توققۇز ئازسانلىق مىللەت كۇرسانتلىرىنىڭ ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىق ئەھۋالىنى ئەسلىسەم، ئۇلار چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ سىرتلاردا ئىشلەيدىغان خادىملىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

1943 - يىلى كۈزدە، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى لى ۋېنجې بىزگە: خەلقئارا ۋەزىيەتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى. بىز بۇ خەۋەردىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇق. خوتەن تېلگېراف ئىستانسىسى قۇرۇلغىنىغا ئىككى يىل بولغان، ئۇنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشىمىزمۇ خېلى ياخشى بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا خېلى رىشتە باغلىغانىدۇق. لى ۋېنجې ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى ئاشپەز، قارا خىزمەتچىنى دەرھال خىزمەتتىن بوشاتتى. تېلگېراف ئىستانسىدىكى ئىككىيلەننى قەش-



قەر گارنىزون شتابىغا يۆتكىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، مەن بىلەن يەن يۈكشۈن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدۇق. كېيىن ئاڭلىشىمچە، لى ۋېنجېي ئاقسۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بوپتۇ.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خاراكتېرى، خىزمەت ئوبيېكتى بىزگە نائېنىق ئىدى. بىز ئۆزىمىز قىلىۋاتقان ئىشنىلا بىلەتتۇق، باشقا ئىشلارنى سوراشقا بولمايتتى، ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشقىمۇ يول قويۇلمايتتى، بولمىسا، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھېسابلىناتتۇق. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىش بېجىرىش ئورنىدىكىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى، كۆپچىلىك ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئاخىر چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى توغرىسىدا مەلۇم تونۇش ھاسىل قىلدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشقان ئاخبارات ئورگىنى ئىكەن، ئۇ 3 - ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاخبارات توپلايدىكەن، خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت ئوبيېكتى — ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەھۋاللىرى ۋە يۆزلىنىشىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئىكەن. تەشكىل ئەۋەتكەن خادىملار سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ ئۇ يەرلەرگە بېرىپ ئاخبارات توپلايدىكەن، ئاخبارات توپلىغاندىن كېيىن خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، تېلگېراف ئىستانسىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئاخبارات يوللايدىكەن، ئۇ جايلارغا ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق ئىدى، ئۇلار ئېشەكلەرگە مىنىپ، چۆل - جەزىرىلەردىن، ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈپ، خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىپ، باشقا ئەللەرگە بېرىپ ئاخبارات توپلايتتى. بەزىلىرى بىر كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمەيتتى، بىز تار قىلىپ كەتكەنگە قەدەر،

ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغانىدۇق.

(ۋاڭ داۋجيەن، گەنسۇلۇق، ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سودا ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن، 1987 - يىلى - پېنسىيىگە چىققان).

ئالىمجان ياسىن تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئەزىز



# 1937 - يىلى ئارا يولتۇز (شىڭشىڭشيا)غا بېرىپ، شىنجاڭغا كىرگەن غەربىي يولنىڭ ئارمىيىسىنىڭ كادىر - جەڭچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش جەريانى

سۆزلەپ بەرگۈچى: گۇڭ زىڭخۇەن
رەتلىگۈچىلەر: جىڭ ۋېنيۇ، جۇلىفاڭ

1935 - يىلدىن 1936 - يىلىغىچە، مەن شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە تۈەنىنىڭ جۇڭشياۋ دەرىجىلىك مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. 1937 - يىلى 1 - ئايدا، يېڭىدىن قۇرۇلغان تەلىم - تەربىيە 4 - چوڭ ئەترىتىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدۈم. چوڭ ئەترىتىمىز قارىمىقىدا ئالتە ئوتتۇرا ئەترەت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 800 نەچچە ئادەم بار ئىدى. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى شۇ چاغدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، تەمىر قىلىش، پاك دىيانەتلىك بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش» تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. شىنجاڭ ئەينى ۋاقىتتا مىلىتارىستلار ئىگىلەپ تۇرغان جاي بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ باشقۇرۇش-

دىكى رايون ئەمەس ئىدى. شۇڭا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلىك سەپ خىزمىتى ئارقىلىق، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مەلۇم ئالاقە ئورناتقانىدى.

1937 - يىلى 3 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، مەن شىڭ شىسەينىڭ ئاغزاكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئۇنىڭ بۇيرۇقىدا: «كومپارتىيىنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنى گەنسۇ ئۆلكىسىدە گومىنداڭ تەرىپىدىن قورال كۈچى ئارقىلىق تارقىتىۋېتىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ئامال قىلىپ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا تارقاق ھالدا كىرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا قوشۇلدى. ھازىر ۋاڭ شياۋدىيەن كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىنىپ، ئارا يولتۇز (شىڭشىڭشيا) غا ئەۋەتىلدى. لېكىن، ھازىر قومۇلدا تۇرۇشلۇق مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى يولۋاس كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يېرىم يولدا توسۇپ زەربە بېرىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. شۇڭا، سىزنى ئالدى بىلەن يولۋاسنىڭ قوشۇنى (ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى) نى يوقىتىپ، توسالغۇنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئارا يولتۇزغا بېرىپ كومپارتىيە قوشۇنىنى كۈتۈۋېلىش ھەمدە ئۇلارنى شىنجاڭغا كىرگىچە قوغداپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم» دېيىلگەنىدى. كۈچنى كۆپەيتىش ئۈچۈن شىڭ شىسەي يەنە جاڭ يۈگجاڭ تۈەنجاڭلىقىدىكى 48 - تۈەننى 4 - چوڭ ئەترەتكە قوشۇپ، مېنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشىمغا تاپشۇردى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى، بىز ئۈرۈمچى-



دىكى غەربىي باغچىدىن يولغا چىقتۇق، ئۇ كۈنى قار ئارىلاش يامغۇر ياغقانىدى، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ھەربىيچە قارا ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ماڭدۇق. بىرىنچى كۈنى تۇرپانغا چۈشتۇق، ئىككىنچى كۈنى يەتتە قۇدۇق دېگەن يەردە قوندۇق. يولۋاسنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىز ئەسلى بەلگىلەنگەن قونالغۇ جايىنى ئۆزگەرتكەن بولساقمۇ، يېرىم كېچىدە يولۋاسنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى بايقاپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاجايىپ كەسكىن جەڭ قىلىپ، يولۋاسنىڭ نەچچە يۈز ئەسكىرىنى يوقاتتۇق ياكى يارىلاندۇردۇق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئۇلار چېكىندى. بىز ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. قومۇلغا 50 كىلومېترچە كېلىدىغان جايدا، يولۋاس قوشۇنىنىڭ گازارما ياساپ، يولىمىزنى توساقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. بىز دەرھال جەڭگە ئاتلىنىپ، بىر كېچە - كۈندۈز جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق، يولۋاس قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسىم ئەسكىرى كۈچىنى يوقاتتۇق. ئەڭ ئاخىردا، قومۇلنىڭ نەنسەن دېگەن يېرىدە، يولۋاسنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتتۇق. يولۋاس ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە بايلىقىنى ئات-ئۇلاغلارغا ئارتىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن دېگەن يېرىگە قاراپ قېچىپ كەتتى. مەن بىر پەي ئەسكەرنى

باشلاپ، شىنجاڭ ـ گەنسۇ چېگرىسىدىكى مازۇڭشەن تېغىغىچە بىر يېرىم كۈن قوغلاپ، يولۋاسنى تاپالماي قايتىپ كەلدىم. يولغا چىققان ۋاقتىمىزدىن تارتىپ يولۋاسنىڭ قوشۇنىنى يوقاتقىچە جەمئىي يېرىم ئاي ۋاقىت كەتتى. جەڭدە بىز تەرەپتىن بىر پەيجاڭ ۋە ئالتە نەپەر جەڭچىلا قۇربان بولدى، ئون نەچچە ئادەم يارىلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېچكىرىدىن قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان يول ئۇزۇل ـ كېسىل راۋانلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) غا بېرىپ، شىنجاڭغا كىرىدىغان قىزىل ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىشىمىزغا ئاساس سېلىندى.

جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىز ئازراق ئارام ئېلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق.

كۈتۈۋېلىش خىزمىتى كۇشۇي («ئاچچىقسۇ» دېگەن مەنىدە) پونكىتىدىن باشلاپ ئىشلەندى، ئۇ يەر ئادەم ئىز باسمىغان جاي ئىدى. بىز ئاۋۋال قىزىل ئارمىيىنىڭ ئالتە نەپەر جەڭچىسىنى كۈتۈۋالدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى كىشى يارىلانغان بولۇپ تۆگىگە مىنىپ كەلدى. بىز ئارا يۇلتۇزدىن قايتىپ كېلىپ ئاندىن بىراقلا ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويايلى، دەپ ئويلاپ، ئاۋۋال ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق. ئىككىنچى كۈنى جاپالىق يول يۈرۈش ئارقىلىق، بارلىق قوشۇنىمىز كۈتۈۋېلىش ئورنى ـ ئارا يۇل-



تۇزغا يېتىپ بېرىپ، ئالدىن يېتىپ كەلگەن ۋاڭ شياۋدىيەن بىلەن ئۇچراشتى. ۋاڭ شياۋدىيەن بىزنى دەم ئېلىش جايىغا ئورۇنلاشتۇردى. بىردەمدىن كېيىن، ۋاڭ شياۋدىيەن ئىككى ئادەمنى بىز دەم ئېلىۋاتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ بىزگە: «بۇلار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى شى پىڭ بىلەن تېڭ دەيىۋەن بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى، ئاندىن كېيىن مېنى ئۇلارغا: «بۇ كىشى ــ گۇڭ زىڭۋەن، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا هال سورۇشۇپ، مۆكداشتۇق. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىز ئۈرۈمچىگە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىپ، ئېلىپ كەلگەن نان، قازان، نىنى، بامبۇك كونسېرۋاسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى 500 نەچچە كادىر ـ جەڭچىگە تارقىتىپ بەردۇق. بۇ يېمەكلىكلەر ئارا يۇلتۇزدىن قۇمۇلغا بارغىچىلا يېتىدىغان بولغاچقا، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە بارغىچە يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكنى قۇمۇلغا بارغاندا تولۇقلىماقچى بولدۇق. ئارا يۇلتۇزدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ يولغا چىقتۇق، كۇشۇي پونكىتى، چاڭلىيۇشۇي قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە قۇمۇلغا يېتىپ كەلدۇق. ئاندىن ئۈرۈمچىگە بارغىچە يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈكنى تولۇق تەييارلاپ، تۆتىنچى كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ يەنە قۇمۇلدىن يولغا چىقتۇق. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، مەن شېڭ شىسەي بىلەن

ئېلىپقويدى، سۆزلەشتىم. مەن ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيىنىڭ كادىر - جەڭچىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، قوشۇنۇمنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتىم. ھەربىيچە قارا ماشىنا ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى شى پېڭ ۋە تىڭ دەيىۋەن قىزىل ئارمىيە قوشۇنى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلدى.

بىز كۈتۈۋالغان 500 نەچچە كىشى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى قىلىپ قۇزۇلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر ھەر خىل ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدى، بەزىلىرى زەمبىرەك ئېتىشنى، يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلارنى ئېتىشنى، ئات مىنىشنى، تانكا ھەيدەشنى ۋە خەۋەرلىشىشنى ئۆگەندى. ئۈرۈمچىدە تەلىم تەربىيە ئېلىش مەزگىلىدە، قىسقا ئوقۇغانلار تۆت - بەش ئاي، ئۇزاق ئوقۇغانلار (مەسىلەن، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىدىكىلەر) ئىككى - ئۈچ يىل ئوقۇدى. بۇ كىشىلەر كېيىن ئارقا-



ئارقىدىن يەنئەنگە قايتىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مۇھىم ھەربىي ئىشلار تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

**ئىلھام ۋەلى تەرجىمىسى**

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# شىنجاڭ «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى»① ھەققىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

ۋاڭ دېيۇ

1937 - يىلى ئۆكتەبىردە، شېڭ شىسەي دۆبەن مەھكىمىسى قارمىقىدىكى جىڭلى باشقارمىسى، ئادىيوناتلار باشقارمىسى، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى ۋە ئاپتوموبىل ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى. خىزمەتنى يېڭى باشلىغان مەزگىللەردە، بۇ ئور-

② مۇشۇ ئورگاندا ئىشلىگەن پېشقەدەم ئاپتورلار ئۆز ئەسلىمىلىرىدە بۇ ئورگاننىڭ نامىنى ھەر خىل ئاتىغان. مەسىلەن، بەزىلەر «مەركىزىي ترانسپورت كوللېگىيىسى» (中央运输委员会)، بەزىلەر «مەركىزىي ترانسپورت كوللېگىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى» (中央运输委员会新疆分会)، يەنە بەزىلەر «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كۈتۈۋېلىش كوللېگىيىسى» (中苏运输接待委员会) دەپ ئاتىغان. بىز بۇ كىتابىمىزدا ۋاقىتىنچە «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى» دېگەن نامنى قوللاندۇق. بۇ ئورگاننىڭ ھەقىقىي نامى توغرىسىدا داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

مۇھەررىردىن



گاندا جىڭلى باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ يۈفىن، ئاپتوموبىل ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن چېن خەنشىڭ، ئادىيوناتلار باشقارمىسىنىڭ ئادىيوناتى ۋاڭ گەنجيا، جاڭ گوخۇا قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىشخانا ئورنى دەسلەپتە دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قورۇسىدىكى غەربىي بىنا) ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى سىرتقا ۋىۋىسكا ئېسىلمىغانىدى. 1938 - يىلى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ مىللەتلەر بىرلەشمە جەمئىيىتى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك دېموكراتىيە يولى ئاشلىق پونكىتى) نىڭ ئورنىغا يۆتكەلدى. 1939 - يىلىغا كەلگەندە، ھازىرقى غالىبىيەت يولى دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئودۇلىغا يۆتكىلىپ كېلىندى.

بۇ خىزمەت باشلىنىپ 1938 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن بۇ ئورگاننىڭ نامى «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ مۇدىرلىقىنى شېڭ شىسەي قوشۇمچە ئۆتىدى (ئېسىمدە قېلىشىچە، 1943 —1944 - يىللىرى گۇ شىلياڭ مۇدىر ئىدى). كېيىن، مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى بەي يۈچى ئۆتىدى. باشقا ئەزالارنىڭ ئىسىملىرى ئېسىمدە قالماپتۇ. خىزمەتچى خادىملارنىڭ بىرقىسىملىرىنىڭ ئىسمى ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇلار: مالىيە بوغالتىرى جاڭ شۇفىن، تەپتىش ۋاڭ گۇەنجيا، جاڭ گوخۇا، كاتىپ چېن جيەنلەر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تەرجىمانلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئېسىمدە قالماپتۇ.

جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمەتگە مەسئۇل بولغانلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن مەسلىھەتچى چېپلىيەنكوۋ ۋە سوۋېتلىك ئىنستىرۇكتورلار بار ئىدى.

شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى جايلاردىن ئىلى، سۈيدۈڭ، جىڭ، شىخو، ماناس، ئۈرۈمچى، تۇرپان، پىچان، قۇمۇل، گۇ-

چۆچەك قاتارلىق مەمۇرىي رايون ۋە ناھىيىلەردە «جۇڭگو — سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىۋى» نىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. غۇلجا، شىخو، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئايروپىلان ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئۇلار ئاۋىئاتسىيە پونكىتى دەپمۇ ئاتىلاتتى. شىخو، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قۇمۇل، ئارا يولتۇز (شىڭشىڭشيا) قاتارلىق جايلاردا ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش ئورنىدىن 11 ى قۇرۇلدى. بۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ رايونلۇق، ناھىيىلىك ترانسپورت شۆبە كوللېكتىپىغا قارايتتى.

ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ ئۈچ ئورۇندا ئايروپىلان ئىستانسىسى بار ئىدى. بۇلاردىن بىرى — كونا ئايروپىلان ئىستانسىسى (ھازىرقى بەخت يولىدا)؛ ئىككىنچىسى — دۇتۇۋپۇ ئايروپىلان ئىستانسىسى (ھازىرقى خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومى)؛ ئۈچىنچىسى — ياۋروپا — ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومى (ھازىرقى داۋەن ئەتراپىدا) ئىدى. ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش ئورنى بىرلا جايدا (يەنى قىزىلتاغنىڭ جەنۇبى، ھازىرقى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بيناسى ۋە شەھەرلىك سودا ئىدارىسى قورۇسى ئەتراپىدا) ئىدى.

### «جۇڭگو — سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىپى» نىڭ شىخو شۆبىسىنى قۇرۇش

مەن 1935 — يىلى شىنجاڭ ھاكىمىيىتى ئىمتىھانىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولۇپ، ھاكىملىق تەربىيىسى ئېلىش ئورنىغا ئەۋەتىلدىم، 1937 — يىلى ئوقۇشنى تاماملىدىم ۋە ئۇزاق ئۆتمەي، دۇبەن مەھكىمىسى جەڭگىلى باشقارمىسى قارمىقىدىكى بوغالتىر بۆلۈمىدە



بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندىم. 1937 — يىلى 26 — ئۆكتەبىر كەچ سائەت 12 يېرىمدا، شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسى جەڭگىلى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چۇ جيېچېن، بوغالتىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شىيېڭ، بۆلۈم ئەزاسى شياۋ تيەنشەن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، مېنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بەنگۇڭتىڭىغا چاقىرتىپ كەلدى. بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ماڭا قاراپ: ھازىر ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلاندى، ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ تۈزۈلدى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزگە ياردەم ئۈچۈن ئەۋەتكەن ماددىي ئەشيالىرى توشۇلۇشقا باشلىدى. بۇ نەرسىلەر شىنجاڭ ئارقىلىق ئارا يولتۇز (شىڭشىڭشيا) دىن ئىچكىرىگە ئۆتۈپ، ئاندىن ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىدۇ. شۇڭا، بىز يول بويىدىكى ھەرقايسى جايلاردا «جۇڭگو — سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىۋى» نىڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ، كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بولۇشىمىز، ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى بىخەتەر، تېز سۈرئەت بىلەن ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەملىشىشىمىز لازىم؛ جەڭگىلى باشقارمىسى بوغالتىر بۆلۈمى كاسسىر بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ۋۇزىشيۇ بۈگۈن ئاخشام ئۆلكە پۇلىدىن 1 مىليون 500 مىڭ سەر تەييارلاپ، ياخشى ئوراپ — قاچىلاپ، بۇ پۇلنى شىخو ناھىيىسىدە شۆبە ترانسپورت بېكىتى قۇرۇش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن، ئەتە ئەتىگەن سائەت بەشتە ۋاڭ دېيۇگە تاپشۇرسۇن. شىخو ناھىيىسىدە ئايرودروم ۋە ئاپتوموبىل بېكەتلىرىنى قۇرۇش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. ۋاڭ دېيۇ جەڭگىلى باشقارمىسى بوغالتىرلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق خىزمىتىنى شياۋ تيەنشەنگە تاپشۇرسۇن، دېدى. ئەتىسى (27 — چېسلا) ئەتىگەندە، شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بەنگۇڭتىڭىدا

ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان ۋە ئۈستىگە «شېڭ شىسەي» دېگەن ئۈچ خەتلىك تامغا بېسىلغان بىر بۇيرۇقنى شەھەر مۇداپىئەسى باش قوماندانى ۋاڭ ياۋچىڭغا بېرىپ، مۇنداق دېدى: «تەكشۈرۈشمىزچە، شىخو ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سۈڭ بوشياڭ، مۇئاۋىن ھاكىمى سۈڭ يۈگۈ توپىلاڭچى ئىكەن، ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەش ئەنزىسىگە قاتنىشىپتۇ، ترانسپورت كالونلىرىنى كۈتۈۋېلىشنى رەت قىلىپتۇ. شۇڭا، سىز دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈڭ، مەزكۇر ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىنى ھازىرچە ۋاڭ دېيۇ ئۆتەپ تۇرسۇن!» مەن زىممەمگە ئېغىر بىر ۋەزىپىنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى بىلىپ، شۇئان: «مەن تېخى ئارانلا 25 ياشقا كىردىم، بەك ياش، بىلىمىم كەمچىل، تەجرىبەم يوق دېيەرلىك. شۇڭا مېنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئۆتىشىم ھەقىقەتەن قىيىن» دېدىم. شېڭ شىسەي: «سېنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپەڭ — شۆبە ترانسپورت بېكىتىنى ياخشى باشقۇرۇش، مۇستەھكەم ئارقا سەپنى ياخشى قۇرۇپ، خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنى قوغداپ، ئاممىنى تەشكىللەپ ۋە تەربىيىلەپ، بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش» دېدى. ئۇ يەنە تەھدىت ئارىلاش: «سىلەرنىڭ ھاكىملىق تەربىيىسى ئېلىش ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىڭلارنى كىم قولغا ئالدى، بىلەمسەن؟»، دەپ سورىدى. مەن دەرھاللا: «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. شېڭ شىسەي يەنە: «سەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بۇيرۇققا بويسۇنۇشۇڭ، ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلىشىڭ كېرەك؛ سەن 20 كۈن ۋەكالىتەن ئىش باشقۇرۇپ تۇر، مەن سېنى يەنە يۆتكەپ ئەكىلىۋالىمەن» دېدى. مەن بىردەم ئۈنسىز تۇرۇۋېلىپ، شېڭ شىسەيدىن يەنە: «مەن رەئىس



لى گە يولۇقمىدىممۇ؟» دەپ سورىدىم. شېڭ شىسەي دەرھال جاۋاب بېرىپ: «سەن كۆرۈشمىسەڭمۇ بولىدۇ، ئەتە مۇدىر شۈي يۇفۇ (دۇبەن مەھكىمىسىدىكى) رەئىس لى گە چۈشەندۈرۈپ قويسىلا بولىدى، سەن ھازىرلا ۋاڭ ياۋچىڭ بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا بارغىن»، دېدى.

ۋاڭ ياۋچىڭ ئۇن نەپەر مۇھاپىزەتچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان ئۈچ تونىلىق بىر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، يول بويلاپ سانجى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ليۇفۇۋۇ، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاۋگۇەنمىن، مۇئاۋىن ھاكىمى يۈ خۇيخېڭ، ماناسنىڭ سابىق ھاكىمى كاڭ بىڭلىن (يەنى كاڭ مىڭيۈەن، ئۇ چوڭ دوكتورنىڭ بىرى)، مۇئاۋىن ھاكىمى فەن شىنرۇ قاتارلىقلارنى «توپىلاڭچى» دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى ماناس ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. 28 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، مېنى شىخوغا يەتكۈزۈپ باردى، ئارقىدىنلا يەنە سۈڭ بۇشەن (سۈڭ نىيەنزى، يەنە بىر ئىسمى سۈڭ فۇياۋ، ئۇ چوڭ دوكتورنىڭ بىرى) بىلەن سۈڭ يىڭگۈنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەردى.

مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىلىرىنى، يەرلىك ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ۋە تەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ھەمدە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز توغرىسىدا دوكلات بەردىم. ئالتە چوڭ سىياسەت ۋە جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تاشقى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ياپون

ئاچاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم. يېقىندا كۆپچىلىك ئەينى چاغدىكى شىخو ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، قانداق قىلغاندا نۆۋەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەس - بەس بىلەن سۆزگە چىقىشتى.

ئەينى چاغدىكى شىخو ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق ئىدى:

پۈتۈن ناھىيىدە 10 مىڭدىن كۆپرەك نوپۇس بولۇپ، كۆپ قىسمى يېزا - كەنت ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىدى. شىخونىڭ ناھىيە بازىرىدىكى نوپۇس 5000 دىن ئاشمايتتى. شىخو قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا، ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە ۋە ئالتايغا بارىدىغانلارنىڭ ئۆتەر يولى ئىدى. ناھىيە چېگرىسى ئىچىدە كۈيتۈڭ دەرياسى، سىكىشۇخې (تۆت تۈپ دەرەخ دەرياسى) ۋە گورتۇ دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ دەريا بولۇپ، ئەگەر تاغدىن كەلكۈن كەلسىلا، تاشيوللارنى ئېقىتىپ كېتىپ، قاتناشنى ئۈزۈپ قوياتتى. شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى قوشنا ناھىيىلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 — 300 كىلومېتىر بولۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشكە قولايسىز ئىدى. شىخو ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا نەرسە - كېرەكلەر ناھايىتى كەمچىل ئىدى، ئۇ چاغدا پۈتۈن ناھىيە بازىرىدا ئارانلا 50 چە سودا - سانائەتچى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەنە كېلىپ كۆپ قىسمى يېرىم كۈنلا دۇكان ئاچاتتى. بەش تەك دەڭ، ساراي ۋە ئاشخانا، دۇكان قاتارلىقلار بار ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 20 دىن كۆپرەك ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئىشخانا ۋە ئولتۇراق ئۆيلىرى 30 ئېغىزدىن كۆپرەك بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان كونا، ۋەيرانە ئۆيلەر ئىدى. تېلېفون، توك



چىراغ دېگەن نەرسىلەر يوق ئىدى. مېنىڭ ئۈچۈن بەش ئات بولۇپ، ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پايدىلىنىدىغان قاتناش قورالى ئىدى.

بۇ چاغ سوغۇق چۈشكەن كۈنلەر بولۇپ، بىز شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن، مۇنۇلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتۇق:

ئورگان تەسىس قىلىندى: ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتى ۋە ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش پونكىتىدىن بىردىن قۇرۇش، تەخمىنەن ئالتە كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە بىر ئايروپىلان ئىستانسىسى قۇرۇپ چىقىش، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئايروپىلان توختاش مەيدانى، ئىشخانا، ئۇچقۇچىلار دەم ئېلىش ئۆيى، ياتاق، ئاشخانا، بولكىخانا، ئىسكىلات، ھاۋارايى پونكىتى، ماي ئىسكىلاتى، مۇزخانا، ماشىنا قويۇش ئۆيى، مۇنچا، ھاجەتخانا قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى، يەنە تېلېگراف ئىستانسىسى، تېلېفون ۋە ئېلېكتر چىراغ قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقىش.

شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا تۇرۇشلۇق سوۋېتلىك كىشىلەردىن پونكىت باشلىقى، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، رېمونتچى، ھاۋارايى خادىمى، دوختۇر، رادىست ۋە شوپۇر بولۇپ 20 دىن كۆپرەك ئادەم بار ئىدى.

شىخو شۆبە ترانسپورت ئاپتوموبىل بېكىتى يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى ئاساسىدا كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، دائىرىسى تەخمىنەن 2000 كىۋادرات مېتىر كېلەتتى. ئىچىدە يەنە ئىشخانا، ئاشخانا، ياتاق، ئىسكىلات، بولكىخانا قاتارلىقلار بار ئىدى.

كادىرلار سەپلەندى: ناھىيىلىك شۆبە ترانسپورت كوللېكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى مەن قوشۇمچە ئۆتىدىم، شىخودا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر جۇڭدۈيىنىڭ باشلىقى چېن ياۋ-

يۈن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جىيكۈي، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق 12 - شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى، شىخو ناھىيىلىك ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى، خەلق بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ياۋشياڭ، شىخو ناھىيىلىك خەلق بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ كەيدى، شىخو ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى نەسرىدىن، شىخو ناھىيىلىك خۇيزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ماجۇنچىڭ، شىخو ناھىيىلىك سودا جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئەن ۋېيشىن قاتارلىقلار كومىتېت ئەزالىرى بولدى. بوغالتىرلىقنى ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى لى يوشياڭ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، زاپچوزلۇق ھەم ئالدى - بەردى ئىشلارنى شىخو ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى ساۋ زۇڭشياڭ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ھەرقايسى مەھەللىلەرنىڭ باشلىقلىرى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى بېكىتىلدى: شۆبە ترانسپورت كوللېگىيىسىنىڭ ئىشخانىسىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىگە، ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتىنى كۈيتۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن شەھەر گىچە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ئايرودرۇم ئىچىگە، ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش بېكىتىنى شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي قوۋۇقى سىرتىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى ئىچىگە، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنى شىخو ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا قويۇش بەلگىلەندى.

تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى: كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆۋەندىكىدەك تۈزۈملەرنى بېكىتتۇق:



(1) كۈتۈۋېلىش ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش تۈزۈمى؛
(2) ئاشخانا، ياتاق تازىلىقى تۈزۈمى؛
(3) مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈمى؛
(4) بوغالتىرلىق تۈزۈمى.

شۆبە ترانسپورت كۈتۈۋېلىش خىزمىتىگە بېكىتىلگەنلەر يۈكسەك كۆرەش ئېڭى بىلەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئىرادىسىگە كېلىپ، تېزلىك بىلەن ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

## «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى» شىخو شۆبىسىنىڭ ئاساسىي پائالىيەتلىرى

1937 - يىل 29 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، شۆبە ترانسپورت ئەترىتى ئەزالىرىدىن (يەنى جۇڭگوغا ياردەم بېرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى توشۇغۇچى سوۋېت ئىتتىپاقلىق دوستلار) 120 دىن ئارتۇق كىشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ، داغ - دۇغا بىلەن شىخو ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئاپتوموبىل ئەترىتىدە ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، شوپۇرلاردىن باشقا نازارەتچى، دوختۇر، رېمونتچى قاتارلىقلار بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئاممىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ھەمدە يۇيۇنۇش، تاماق، ياتاق قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدىم. گەرچە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تىلى ئوخشىمىغانلىقتىن، سۆزلىشىشكە ئامالسىز بولساقمۇ، لېكىن ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇق مېھرىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى. ھەربىر قارشىمىز ۋە ھەربىر ھەرىكىتىمىزدىن كۆڭلىمىزدىكىلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ھەر كۈنى

دېگۈدەك جۇڭگوغا ياردەم بېرىلىدىغان بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيالار جىلك تەرەپتىن توشۇپ كېلىنىپ، شىخودا بىر ئاخشام تۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسى ماناس تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغان بولدى. 1937 - يىل 29 - ئۆكتەبىردىن تاكى 1939 - يىلى مەن شىخودىن يۆتكىلىپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئاپتوموبىل ئەترىتى جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە باشقا ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى مۇشۇ يول ئارقىلىق كېچە - كۈندۈز توختىماي ئالدىنقى سەپكە توشۇپ تۇردى.

1937 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى ۋاڭ لىيەنچۈينى شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ جۇڭگو تەرەپ پونكىت باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئايرودرومنى ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. ئايرودروم ئۈچۈن كۈيتۇڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بىر پارچە چۆللۈك تاللاندى. بىز ناھايىتى تېزلىك بىلەن 300 نەپەر ئىشچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئايرودروم ئورنىنى تەكشىلىسەك، يەنە بىر تەرەپتىن جىددىي ئېھتىياجلىق ئۆيلەرنى سالدۇق ۋە بىر قىسىم گەمە ئۆيلەرنى كولىدۇق. چارۋىچىلاردىن ئون ئېغىز كىگىز ئۆي ئارىيەت ئېلىپ ئايرودروم قورۇسىغا تىكتۇق. بۇ چاغدا قىش كىرىپ قالغان بولۇپ، ئىشچىلار قەھرىتان سوغۇقتا قايناق سۇ بىلەن لاي ئېتىپ قۇرۇلۇش قىلىپ، ئايرودرومنى مۇمكىنقەدەر تېزرەك پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىدى.

1937 - يىل 1 - نويابىر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ۋە ئاۋىئاتسىيە ئىنستىرۇكتورى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىخو ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئايرودروم



قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار يېتەكچىلىك خاراكتېرلىك پىكىرلىرىنى بەردى. مۇشۇ ئىشتىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ، جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان تۇنجى تۈركۈم ئايروپىلانلار شىخو ئايرو-دورومىغا قوندى.

تۇنجى تۈركۈم ئايروپىلاننىڭ شىخوغا ئۇچۇپ كېلىشى، شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ جاپالىق خىزمەتكە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. بۇ ئۇچقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرىلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئايروپىلانلارنىڭ دەل ۋاقتىدا ئۇچۇش - قونۇش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش، بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن كاپالەتلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئېھتىياجغا ئاساسەن، مەن ئۆلكىلىك دوبەن مەھكىمىسىدىكى ئادىيۇتانتلار باشقار-مىسى ۋە جىڭلى باشقارمىسىغا، ئىلى - كۈيتۇڭ باش مەھكىمىسى ئادىيۇتانتلار باشقارمىسى باشلىقى لىيۇ يۈلىڭگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. لىيۇ يۈلىڭ تېلېگ-راممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال غۇلجىدىن ئىككى نەپەر غەربچە تاماق ئۇستىسى ۋە بىر ماشىنا كۈتۈۋېلىش بۇيۇملىرى ئەۋەتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يوللاپتۇ، ئۇنىڭدا: ھازىرچە مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ئىشنى يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشىمىزنى، كېيىن كۈتۈۋېلىش بۇيۇملىرى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۆلكىنىڭ ئىككى مەھكىمىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تەرجىمان پەن ۋەنيۈەن، گاۋ يۈڭشۇ، ئادىيۇتانت ۋاڭ دىفۇ، لىيۇك تېمىن، مالىيە تەپتىش ھەيئىتى ئەزاسى شۈي لىيې قاتارلىقلارنى شىخو شۆبە ترانسپورت خادىملىرىنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن بىزگە ئەۋەتتى. يۇقىرىدىن يەنە ئايرودرومنىڭ كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش

ئۈچۈن، شۇ لىپىنى شىخو ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋە ئايرودرومدا مەخسۇس تۇرۇشلۇق خادىم قىلىپ بېكىتتى. شىنجاڭ جۇڭگو – سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىپى ئۈرۈمچى باش مەھكىمىسىدىن ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ يەن جېڭشىن بىلەن مايۇڭتۇڭنى شىخو شۆبە ترانسپورت كوللېكتىپىغا بوغالتىر قىلىپ ئەۋەتتى، بۇ چاغ دەل ئىلى كونەس ناھىيىسىنىڭ سابىق باج ئىشلار ئىدارىسى باشلىقى شۇ خەنچيۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىشىدا شىخوغا چۈشكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ شىخودا قېلىپ، شۆبە ترانسپورت كوللېكتىپىدا زاپخوزلۇق قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئىلىدىن شىخو شۆبە ترانسپورت كوللېكتىپىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئېيتتۇق. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شىخودا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بىر قىسىم يېمەكلىكلەر ئىلىدىن ئۈزۈلدۈرمەي يۆتكەپ كېلىندى.

بىز يەنە شىخودىن بىر قىسىم ياش كادىرلارنى تاللاپ، كۈتۈۋېلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردۇق، مەسىلەن: دۇڭ يۈلىن، ساڭ چىڭخې، ئابلەت، ياڭ ماۋلىن، گوچىخۋا، ياڭ شىنبيۇ، ۋاڭ چىخۋا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا تاللاپ چىقىلغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئامبارچى، بەزىلىرى كاسسىر، بەزىلىرى كۈتكۈچى بولدى ۋە خىزمەتلەرنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى. ناھىيىلىك شۆبە ترانسپورت كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىرى دائىم ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش بېكىتى بىلەن ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتى ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ خىزمەتلەرنى پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋە خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. مەسىلە سېزىلگەن ھامان، ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان قائىدە – تۈزۈم-



لەرنى تەدرىجىي ئورنىتىش ئارقىلىق شىخو شۆبە ترانسپورت كوللېكتىپى خىزمىتىنى ناھايىتى تېزلا ئىزىغا چۈشۈرۈۋالدى. مەيلى ھاۋا ئارقىلىق، مەيلى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق شىخوغا كەلگەن شۆبە ترانسپورت خادىملىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن، كەلگەن ۋاقتىنىڭ ئەتىگەن ياكى كەچ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىزمەتچى خادىملىرىمىز شىخوغا كەلگەن ھەربىر تۈركۈم سوۋېت ئىتتىپاقلىق مېھمانلارغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. مەيلى يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى ياكى قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرى بولسۇن، مەيلى كۈندۈز ياكى كېچە بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى كۈنلەر ياكى ھېيت – ئايەم كۈنلىرى بولسۇن، شىخو ناھىيىلىك شۆبە ترانسپورت كۈتۈۋېلىش ئورنى خىزمەتچى خادىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقلىق دوستلارغا باشتىن – ئاخىر باھاردەك ئىللىق پوزىتسىيىدە بولدى. شۆبە ترانسپورت كوللېكتىپى خىزمىتىگە مەسئۇل بىر قانچىمىز دائىم ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش بېكىتى بىلەن ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتىغا بېرىپ تۇراتتۇق، مەسىلە سېزىلگەن ھامان، ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتۇق، شۇنداق قىلىپ، مۇكەممەل بىر يۈرۈش خىزمەت تۈزۈمىنى ئورناتتۇق. بىز بىخەتەرلىك ۋە تازىلىق ئىشلىرىنى ناھايىتى چىڭ تۇتتۇق. شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ۋە ئىنستروك-تورىنىڭ كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈشى ۋە باھالىشى ئارقىلىق، شىخو پونكىتى خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئۆلكىنىڭ تېلېگرام ئارقىلىق ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەنىدى.

جۇڭگوغا ياردەم قىلىشقا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ يول ئۈستىدىكى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك شۆبە ترانسپورت كۈتۈۋېلىش ئورنى يول

ئۇستىدىكى ھەرقايسى بېكەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئايروپىلان ياكى ئاپتوموبىللار قوزغالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى بېكەتلەر بىلەن تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ۋاقتىدا تېلېگرام ئارقىلىق شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە يوللاپ تۇرىدىغان بولدى.

شىخو ناھىيىلىك شۆبە ترانسپورت كۆتۈرۈلۈش ئورنىنىڭ رەسمىي ۋەزىپىسى يوق ئىدى، خەت - ئالاقىلىرىمۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نامىدا ئەۋەتىلەتتى. 1938 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش مەھكىمىسى تەرىپىدىن «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كولىبىگىنىسى شىخو كۆتۈرۈلۈش ئورنى» دەپ نام بېرىلدى. جۈملىدىن بۇ ئورۇنغا ۋاڭ دېيۇنى مۇدىر، شۈي لىيېي، جېن ياۋيۈنىنى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ بېكىتتى. كۆتۈرۈلۈش ئورنىدا ئىشلىگەن باشقا خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسىمدە، خاتىرەمگە ئاساسەن، شىخو ناھىيىسى، ئىلى ۋە سۈيدۈڭ شۆبە ترانسپورت كۆتۈرۈلۈش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى تۆۋەندە ئېيتىپ ئۆتىمەن:

ۋاڭ دېيۇ، شىخو ناھىيىلىك شۆبە ترانسپورت كۆتۈرۈلۈش ئورنىنىڭ باشلىقى، 1937 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

شۈي لىيېي، مۇئاۋىن مۇدىر، 1938 - يىلى 5 - ئايدىن 1940 - يىلى × ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

جېن ياۋيۈن، مۇئاۋىن مۇدىر، 1937 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1940 - يىل × ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

ياڭ جېيكۈي، ئەزا، 1937 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1938 - يىلى × ئايغىچە ئىشلىگەن؛



جاۋ خەيلۇ، ئەزا، 1938 - يىلى × ئايدىن 1940 - يىلى × ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ۋاڭ دېفۇ، ئەزا، قوشۇمچە ئاپتوموبىل بېكىتىنىڭ باشلىقى، 1938 - يىلى 11 - ئايدىن 1940 - يىلى × ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ۋاڭ لىيەنشېڭ، ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ باشلىقى، 1937 - يىل 11 - ئايدىن 1938 - يىلىغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

پەن ۋەنيۈەن، تەرجىمان، 1937 - يىل 11 - ئايدىن 1939 - يىل 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

گاۋ يۈكشۇ، تەرجىمان، 1937 - يىل 11 - ئايدىن 1939 - يىل 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

لۇڭ تىمبېي، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئادىيۇتانتى، 1938 - يىل 1 - ئايدىن 1939 - يىلىغىچە ئىشلىگەن؛

سۇڭ × ×، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئادىيۇتانتى، 1938 - يىلى 1 - ئايدىن 1938 يىلى × ئايغىچە ئىشلىگەن؛

شۈي خەنچيۇ، زاپچوز، 1937 - يىل 11 - ئايدىن 1939 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ياڭ ماۋلىن، كۈتكۈچى، 1938 - يىلى 1 - ئايدىن 1939 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

يەن جېشىن، بوغالتېر، 1938 - يىلى 4 - ئايدىن 1940 - يىلىغىچە ئىشلىگەن؛

ما يۈكتۇڭ، بوغالتېر، 1938 - يىلى 8 - ئايدىن 1940 - يىلىغىچە ئىشلىگەن؛

لى يۈشياڭ، بوغالتېر، 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1938 - يىلى 9 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

دۇڭ يۈلىن، ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ ئامبارچىسى، 1937 - يىلى 11 - ئايدىن 194× - يىلىغىچە ئىشلىگەن؛

ساۋزۇكشياڭ، زاپچوز، 1937 - يىلى 11 - ئايدىن

**1938 - يىلى 3 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛**

ۋەن × ×، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى باشلىقى، 1939 - يىلى 7 - ئايدىن 1939 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

مېڭ جەنكۇي، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى باشلىقى، 1939 - يىلى 1 - ئايدىن 1939 - يىلى × ئايغىچە ئىشلىگەن؛

فېڭ چېڭجاڭ، تەرجىمان، 1939 - يىلى 8 - ئايدا ئىشقا قويۇلغان؛

جاڭ جۈن، مۇدىر، 1939 - يىلى 12 - ئايدىن 1940 - يىلى 3 - ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

ساڭ چېڭخې، ئامبارچى، 1938 - يىلى 4 - ئايدىن 194× - يىلىغىچە ئىشلىگەن؛

ياڭ شىنيۇ، ئاپتوموبىل بېكىتى ئامبارچىسى، 1938 - يىلى 1 - ئايدىن 1939 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ياۋ شيۇڭ، مۇدىر، 1938 - يىلى 4 - ئايدىن 1940 - يىلى 1 - ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

لى جيەنتاڭ، مۇدىر، 1940 - يىلى 1 - ئايدىن 1942 - يىلى 12 - ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

مېڭ جاۋدەي، ئەزا، 1939 - يىلى 3 - ئايدىن 1941 - يىلى 7 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ۋاڭ دېيۇ، ئەزا، 1941 - يىلى 7 - ئايدىن 1943 - يىلى 9 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ۋاڭ داۋرۇڭ، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى مۇدىرى، 1938 - يىلى 1 - ئايدىن 1943 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ۋېي مىن، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى باشلىقى، 1937 - يىلى 11 - ئايدىن 1943 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ليۇ چېڭشۈەن، ئەزا، 1937 - يىلى 11 - ئايدىن 1939 - يىلى 3 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ليۇ چېڭشۈەن، مۇدىر، 1939 - يىلى 3 - ئايدىن



1941 - يىلى 3 - ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

مېڭ جاۋدەي، مۇدىر، 1937 - يىلى 11 - ئايدىن 1939 - يىلى 3 - ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

ئەن داگۇي، مۇئاۋىن مۇدىر، 1937 - يىلى 11 ئايدىن 1941 - يىلىغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

شۆي تەيخې، 1938 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1941 - يىلى 3 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ياڭ يەنلىڭ، جىڭ ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، 1937 - يىلى 11 - ئايدا ئىشلىگەن؛

يەن زۇلىن، جىڭ ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، 1939 - يىلى × ئايدىن 1944 - يىلىغىچە ئىشلىگەن؛

يەن جۈنيىڭ، جىڭ ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، 1938 - يىللىرى ئىشلىگەن؛

سابىت، جىڭ ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، 1938 - يىللىرى ئىشلىگەن؛

جىڭ جېچۇڭ، ماناس ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، 1937 - يىلى 11 - ئايلاردا ئىشلىگەن؛

جىن گوجېن، 1937 - يىلى 11 - ئايدىن 1937 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىگەن؛

يەن چۈنشەن، 1937 - يىلى 11 - ئايلاردا ئىشلىگەن؛

بوداجىڭ، 1937 - يىلى 12 - ئايلاردا ئىشلىگەن؛

خۇاڭ داۋ، گۇچۇڭ ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، 1937 - يىلى 11 - ئايدىن 1937 - يىلى 12 - ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

جاڭ × ×، كاسسىر، 1938 - يىلى 4 - ئايدىن 1943 - يىلى × ئايغىچە ئىشلىگەن؛

ليۇ خۇڭجې، مۇدىر، 1940 - يىلى 3 - ئايدىن 194× - يىلى × ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

بۇ داجىيك، مۇئاۋىن مۇدىر، 1941 - يىلى × ئايدىن × 194 - يىل × ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن؛

## بىر قېتىملىق بەختسىزلىك

1939 - يىل فېۋرالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان بىر ترانسپورت ئايروپىلانى 20 نەچچە ئادەمنى ئېلىپ، ئالمۇتادىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندا، تاغلار ئېگىز، هاۋا تۇمانلىق بولغاچقا، تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ، نىلقا بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى بىر تاغ چوققىسىغا چۈشۈپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭخېيالىك دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى شىلىيەنكوۋ ئۇندىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىمنى باشلاپ شىخوغا تەكشۈرۈشكە كەلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە بولسا كېرەك، شىلىيەنكوۋ هەمراهلىرى بىلەن ناهىيىلىك هۆكۈمەتتە تاغ ئارىسىغا بېرىپ ئايروپىلاننى ئىزدەش تەييارلىقىنى قىلدى. يېپىنچا، يېمەكلىك، داۋالاش ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ، شىخونىڭ جەنۇبىي تاغلىرىدىن نىلقا تاغلىرى ئىچىگە كىرىپ ۋەقەگە يولۇققان ئايروپىلاننى ئىزدىمەكچى بولدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، شىلىيەنكوۋ ئايرودرومغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى تاپشۇرۇشقا كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە ئەمەلدارى قوشۇمچە گارنىزون قوماندانى ياۋشىيۇگۇدىن ماڭا تېلېفون كەلدى. ئۇ، تېلېفوندا: ئايروپىلان نىلقا چېگرىسى ئىچىدە هادىسىگە ئۇچراپتۇ، سىز مەسلىھەتچى شىلىيەنكوۋغا يەتكۈزۈپ قويىسىز، نىلقىغا بېرىپ ئىزدەش ۋە قۇتقۇزۇش ئىشىغا ئاتلىنىش ئۈچۈن تېزدىن غۇلجىغا كەلسە، دەپ خەۋەر بەردى. بىر سائەتتىن كېيىن شىلىيەنكوۋ ئايرودرومدىن ناهىيىلىك هۆكۈمەتكە قايتىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭغا ياۋشىيۇگۇنىڭ تېلېفوندا



ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەينەن يەتكۈزدۈم. ئويلىمىغان يەردىن، تەرجىمان مېنىڭ سۆزۈمنى مەسلىھەتچىگە خاتا تەرجىمە قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمدىن «مېنى ئايروپىلاننى ئىزدەش ئۈچۈن شىخونىڭ جەنۇبىي تېغىغا بېرىشنى خالىمايدىكەن» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭ كەيپى ئىنتايىن ئۇچتى - دە، ماڭا غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ: «ئۆلگەنلەر جۇڭگولۇق ئەمەس، شۇڭا سېنىڭ كارىڭ يوق!» دەپ جوزىغا بىرنى مۇشتلىدى ۋە: خوش ئەمىسە! دېگىنىچە، يەن تەرجىمان بىلەن كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، شىخونىڭ جەنۇبىي تېغى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. مەن ئامالسىز ئايرودرومغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن ئىنستروكتورى بىلەن كۆرۈشتۈم. بىز ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئىنستروكتورنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شىخو جەنۇبىي تېغىغا بېرىش قارارىغا كەلدۇق. بىر سائەتتىن كېيىن بىز جەنۇبىي تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بارساق، تاغ ئىچىگە كىرىدىغان ماشىنا يولى بولمىغاچقا، مەسلىھەتچى شىلىيەنكوۋ ناهايىتى جىددىيلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ بىزنىڭ دەرهال ئات تېپىپ كېلىشىمىزنى ئېيتتى. كۆپچىلىك ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ، ئاخىر ياغاچ ماتېرىياللىرىنى توشۇيدىغان ئاتتىن ئۈچىنى تېپىپ كەلدۇق. بىراق، ئېگەرى يوق ئىكەن، مەسلىھەتچى مەن بىلەن يەن تەرجىماننى ئېلىپ ئاۋۋال ماڭماقچى بولدى، قالغان ئون نەچچە هەمراهلىرىمىز ئات تاپالىغاندىن كېيىن ماڭىدىغان بولدى. بىز تاغ ئىچىدىن بىر يەرلىك موڭغۇل يول باشلىغۇچىنى تېپىپ، ئۇزۇن يىل ئېرىمىگەن مۇزلۇق داۋان — «مۇزات» داۋىنىدىن ئۆتتۇق. بىز يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، جەنۇبىي تاغنىڭ ئىچكىرى قىسمىغا يېتىپ باردۇق. ئاتلىرىمىزنىڭ بەزىسى قار - مۇزلۇق ئازگاللارغا چۈشۈپ كېتىپ، قانچە قىلىپمۇ چىقىرالمىدۇق. ئالدىمىزغا مېڭىش ئىمكانىيىتى زادىلا قالمىغانلىقتىن، مەسلىھەتچى شىلىيەنكوۋ شىخوغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدى.

مەن مەسلىھەتچى شايەنكوۋ، شوپۇر ۋە ئىنسترۇكتورغا ھەمراھ بولۇپ ماڭدىم. بىز ئۈچىمىز ماشىنىنى نۆۋەتلىشىپ ھەيدەپ، شىخوغا ناھايىتى تېزلا يېتىپ باردۇق ۋە ئۇ يەردىن ئۇدۇل غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتۇق. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ ھەقىقەتەن نىلقا ناھىيىسىگە تەۋە دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تاغ چوققىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. ھادىسىدە بەش ئادەم ئامان قاپتۇ. يارىلىنىش، سوغۇق ۋە ئاچلىق زەربىسىدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ئىكەن. ئۇلاردىن ئۈچەيلەن قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆتكەپ كېتىلىپتۇ. ئەمەلىيەت مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەسلىھەتچى شايەنكوۋغا قىلغان دوكلاتىمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. شايەنكوۋ شۇ چاغدا ماڭا ئورۇنسىز خاپا بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى بولغاي، ئۇ غۇلجىدىن بىر ئايروپىلاننى بەلگىلەپ، مېنى شىخوغا ئاپىرىپ قويدى.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1937 - يىلى 7 - ئايدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلاپ، 1938 - يىلى يازغىچە بولغان ئارىلىقتا شىخو، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلغان ماددىي ئەشيا 6000 تونىغا يېتىدىكەن. ئوتتۇرا ۋە ئېغىر تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە ئارقا سەپ گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار ئۆزلىرى ھەيدەپ ئېلىمىزگە كەلگەنىدى. قىرغۇچى ئايروپىلانلار ئاۋۋال قۇمۇلغا توپ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇراشتۇرۇلۇپ ۋە سىناق قىلىنىپ، ئاندىن ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا ئاپىرىلغانىدى. 1937 - يىلى 10 - ئايدىن 1939 - يىلى 9 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلغان 985 ئايروپىلان، 82 تانكا، 1300 دىن كۆپرەك زەمبىرەك، شۇنداقلا زور مىقداردىكى مىلتىق، ئوق - دورا ۋە باشقا ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى شىخو، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلدى. 1940 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى



ئېغىر تىپلىق 300 ئاپتوموبىلغا ئايروپىلان، زەمبىرەك، يېنىك ۋە ئېغىر تىپلىق ئاپتومات، بېنزىن، زاپچاس قاتارلىق نەرسىلەرنى بېسىپ، قۇمۇل تەرەپكە كىرىپ كەتتى. بۇ ئاپتوموبىللار قايتىشىدا، دۆلىتىمىز باھاغا سۇندۇرۇپ قايتۇرغان نەرسىلەردىن ۋولفرام، قەلەي قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى ۋە قوي يۇڭى، قوي تېرىسى، چاي، پاختا قاتارلىقلارنى بېسىپ قايتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەركىزىي ترانسپورت لىنىيىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماددىي ئەشيالىرى توشۇلغاندىن تاشقىرى، يەنە 1942 - يىلى ئەنگلىيە جۇڭگوغا ياردەم قىلغان بىر قىسىم ماددىي ئەشيالارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا توشۇلۇپ، ئاندىن ئىچكىرىگە يۆتكەلدى.

شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1938 - يىلىنىڭ باشلىرى قۇمۇلدا قىزىل 8 - تۇەننى تۇرغۇزدى، قىزىل 8 - تۇەن نامدا بىر تۇەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچى لۈيگە باراۋەر بولۇپ، ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەكلىرى تولۇق ئىدى. شەرقتە ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا)، ئارا تۇرۇك، باركۆلدىن تارتىپ تاكى جەنۇبتا لوپنۇرغىچە بولغان دائىرە قىزىل 8 - تۇەننىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ مۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا قول تىقىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ قاتنىشىنىڭ راۋان بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غەرب تەرەپتىن ئۆز دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن ساقلىنىش، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيە رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى مەقسەت قىلاتتى.

شۇبە ترانسپورت كوللېگىيىسى خىزمىتىگە قاتناشقان يولداشلار بۇ قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا تىرىشىپ ئىشلەپ، زور مىقداردىكى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلارنى ئەلۋەتتە ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە ياراتتى دېيىشكە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن خېلى كۆپلىرى بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كېيىن شىڭ شىسەي «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستى» گە قاتناشتى دەپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە سولىدى، ھەتتا ئىنتايىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئازادلىقتىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە چەتكە قېقىلىپ، دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈلدى ۋە كالا قوتىنىغا سولىنىپ ئازار يېدى. بىراق، بۇ يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ پايدا - زىيىنى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئۇلار ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ چوقۇم بىر كۈنى ئۆزلىرىنى چۈشىنىدىغانلىقىغا، تارىخنىڭ ئۆزلىرىگە ئادىل باھا بېرىدىغانلىقىغا، ئۆزلىرىنىڭ كالا قوتانلىرىدىن چىقىپ، جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا، ۋەتەننىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يەنىلا ئاكتىپ تۆھپە قوشماقتا. بۇ نېمىدېگەن قىممەتلىك روھ ھە!

ئۆرەش مەھمۇت تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىر: دىلدار ئېزىز



# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1952 - يىل

### 1 - ئاي

1 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1952 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنى داۋاملىق كۈچەيتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، تېجەش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى مەركەز قىلغان سەككىز تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئېلان قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئالتۇن - كۈمۈشنى ئوبوروت قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدا ئېلان» چىقاردى. «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

△ ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتىگە قاراشلىق ئېلېكتر چىراغ شىركىتى ئۈرۈمچى خەلق ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

4 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى بىلەن شەھەرلىك مەسلىھەت ھەيئىتى بىرلەشمە يىغىن ئۆتـ

كۆزلەپ، پۈتۈن شەھەردە خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

6 - كۈنى، ئۆلكە دەرىجىلىك تېجەش- تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئورگان، تەشكىلات كادىرلىرىنىڭ خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى، ۋاڭ جېن سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى.

7 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق سوتىغا رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى ھەرىكەتكە ماسلىشىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

8 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشچىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 1951 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن باشلاپ ياساشقا كىرىشكەن تىنچلىق ئۆستىڭىنى ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى، 13.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ ياسىلىپ بولدى.

9 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە، مىچۈەن ناھىيىسى چاڭشەنزى رايونىدىكى 1 -، 2 - يېزا ۋە شىبېي رايونىدىكى بىر يېزا ئىككىنچى مەزگىللىك يەر ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتىنى ئورۇنداپ بولدى.

14 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 94 مىليون 589 مىڭ 800 يۈەننى ئوغرىلىغان سانجى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ كوللېكتىپ دېلوسى پاش قىلىنىپ، جىنايەتچىلەر قولغا چۈشۈرۈلدى.

△ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ماگىزىنچىلار، قول سانائەت ئىشچىلىرى خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىشنى پاش قىلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزدى.



18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنىنىڭ ۋاقىتلىق تولۇقلانما بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا» نى ئېلان قىلدى.

19 - كۈنى، ئۆلكە دەرىجىلىك تېجەش - تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگان، تەشكىلات كادىرلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، پارتىيىسىز خادىملاردىن خىيانەتچىلىك قىلمىشى بارلارنىڭ چوقۇم چەكلەنگەن قەرەل ئىچىدە مەسىلىسىنى ئېنىق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

21 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خىيانەتچىلىككە، پارخورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا - سانائەت ساھەسىدىكى 64 كەسىپ ئىچىدە قانات يايدى.

مۇشۇ ئايدا، مەركىزىي سەھىيە مىنىستىرلىكى ئەۋەتكەن 14 نەپەر داۋالاش خادىمى ۋە ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى ئاجراتقان بىر قىسىم داۋالاش خادىملىرى ئۆلكىلىك سەھىيە داۋالاش چوڭ ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى.

△ مۇشۇ ئايدىن باشلاپ 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر ئۈچ شەھەردىكى سودا سانائەتچىلەر ئىچىدە «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدى؛ شىنجاڭدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلار ئىچىدە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

## 2 - ئاي

2 - كۈنى، دۆلەتنى 1 مىليارد 702 مىليون يۈەن زىيانغا ئۇچراتقان چوڭ خىيانەتچى، تارباغاتاي شۆبە سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئابدۇراخمان مەخسۇم قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

5 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەشكىللىگەن باداۋان كۆمۈر كان رايونىنىڭ ئامانلىقى ۋە تازىلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەت ئەترىتى كۆمۈر كان ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

12 - كۈنى، ئۈرۈمچى رايونلۇق پارتكوم ئورگىنى بۇيرۇق بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

△ ئۈرۈمچى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

△ ئۆلكە دەرىجىلىك مالىيە ئىقتىساد سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلار مۇشۇ كۈنگە قەدەر، ئون مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا خىيانەت قىلغان خىيانەتچىلەردىن 72 كىشىنى تۇتتى.

14 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك ئىككىنچى قېتىملىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى ئېچىپ، بۇ يىلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ فاڭجېن ۋە ۋەزىپىلىرىنى كونكرېت بېكىتتى.

15 - كۈنى، خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبە بان-



كىسى «ئالتۇن، كۈمۈشنى يىغىۋېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

22 - كۈنى، غۇلجىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە ئىلى رايونىدا ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

24 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە» نى چىقاردى.

29 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ غەربىي شىمال شۆبە ئۆمىكى؛ ۋە چاۋشيەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ غەربىي شىمال شۆبە ئۆمىكى، ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىغە دوكلات بەردى ھەم زىيارەتتە بولدى.

## 3 - ئاي

7 - كۈنى، ئۈرۈمچى كۆمۈر كېنى گاز ئۇشكە ئارقىلىق كۆمۈر قېزىشقا باشلىدى.

8 - كۈنى، ئۆلكىلىك مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى «دۆلەتنىڭ پۇل باشقۇرۇش قانۇنىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چىقاردى.

△ ئۆلكىلىك، شەھەرلىك مەسلىھەت ھەيئىتى كېڭەش يىغىلىشى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا ۋىرۇسلۇق قوراللارنى ئىشلىتىپ جۇڭگو خەلقىنى قىرغان ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ھاۋا تېررىـ

ۋورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلغان جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

11 - كۈنى، ئۆلكىلىك شەھەرلىك داۋالاش، سەھىيە خىزمەتچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ۋىرۇسلۇق قۇراللارنى ئىشلىتىشىپ مەملىكىتىمىز خەلقىنى قىرغان ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ھاۋا تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلغان جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

14 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېجەش، تەكشۈرۈش كومىتېتى شەھەر بويىچە ھەرقايسى كەسىپ سودا - سانائەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىپ، 1296 نەپەر قانۇنسىز سودا - سانائەتچىنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.

15 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان 1 - ماي دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

18 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چارۋا - ماللارنى ئۆلتۈرۈش بېجىنى تەكشۈرۈپ ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

19 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «كىم تېرىسا شۇ يىغىۋېلىش سىياسىتى توغرىسىدىكى ئېلان» نى چىقىرىپ، يەر ئىسلاھاتىدىن بۇرۇن تېرىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى يىغىۋېلىش ھوقۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش پرىنسىپىنى بېكىتتى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق قەرز ھەيئىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1952 - يىللىدىكى دېھقانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

20 - كۈنى، ئۈرۈمچى خەلق ئۇن زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى



ئاياغلىشىپ، ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، شىڭ لەنشىڭ ئىش باشلاش لېنتىسى كەستى.

21 - كۈنى، ئۆلكىلىك ئىشلەپچىقىرىش، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

24 - كۈنى، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى «مەكتەپ مائارىپىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە» نى چىقاردى.

25 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئىستېمال ئالاھىدە قىلىنىش بېجىنى تەكشۈرۈپ ئېلىش ۋاقىتىنچە چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

26 - كۈنى ۋە 30 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە 550 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

27 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسمى تۆتتە زامانىۋىلاشقان، ماشىنىلاشقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ چىقتى.

29 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ماشىنا، پاراخوت ئىشلىتىدىغان نومۇر بېجىنى تەكشۈرۈش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

1952 - يىلى باھاردا، ئۆلكىمىز توققۇز ۋىلايەتنىڭ 18 يېزىسىدا ئالدى بىلەن يەر ئىسلاھاتىنىڭ نۇقتىلىق سىنىقىنى ئېلىپ باردى.

## 4 - ئاي

2 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاقسۇ، ئاقسۇ كونا شەھەر ئىككى ناھىيىدىكى ئامبار خىزمەتچىلىرىنىڭ كوللېكتىپ

ھالدا ئومۇمنىڭ ئاشلىقىنى ئوغرىلىغانلىق دېلوسى پاش قىلىنىپ قولغا چۈشتى.

7 - كۈنى، جۇڭگو گۈللۈك داكا رەخت شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى.

9 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە لىيۇ لياڭجېن (ئازادلىقتىن بۇرۇن ئالتىنچى رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئازادلىقتىن كېيىن غەربىي شىمال ھەربىي سىياسىي كومىتېتى قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان)، ۋۇشەندۇ (ئازادلىقتىن بۇرۇن ئالتىنچى رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلكىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قاتناش نازارىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى قوشۇمچە پىلان تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان) قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 60 نەچچە كىشىنىڭ كوللېكتىپ خىيانەتچىلىك دېلوسىنى پاش قىلدى.

10 - كۈنى، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 2 - تومى ئۈرۈمچىدە تارقىتىلىشقا باشلىدى. «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 1 - توم ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئون خىل كىتابچىسىمۇ تارقىتىلىشقا باشلىدى.

14 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ۋە «بەشكە قارشى تۇرۇش» دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىككى خەلق سوتى قۇرۇلدى.

19 - كۈنى، ئۆلكە، شەھەرلىك رادىئو گىمناستىكىسىنى يولغا قويۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

23 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېجەش - تەكشۈرۈش ھەيئىتى شەھەر بويىچە سودا سانائەتچىلەر يىغىنى ئېچىپ، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە بىر تەرەپ قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئېلان قىلدى.



24 - كۈنىدىن، 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ھەم ناخشا - ئۇسۇل كۆرىكى ئۇيۇشتۇردى.

25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتى بۇ يىل «لەنغا ئۇرۇقلۇق قويى» ئارقىلىق يەرلىك ئۇرۇق قويىدىن 90 مىڭنى نەسىللەندۈرۈشنى قارار قىلدى.

△ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى رادىئو گىمناستىكا پروگراممىسىنى ئاڭلىتىشنى باشلىدى.

مۇشۇ ئايدا، ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى تەشكىللىگەن خىزمەت ئەترىتى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ ھەمكارلىق كوپېراتىپلارنى قۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم 4 - نۆۋەتلىك ناھىيە، تۈمەندىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 5 - ئاي

1 - كۈنى، ئازادلىق ئارمىيە بىر يىل يەتتە ئايدا ياسىغان خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى ئومۇمىي قۇرۇلۇشىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تۈگەتتى.

2 - كۈنى، ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە بولغان تېلېگرامما كەسپىنى باشلىدى.

2 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەھىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە 5 - كورپۇسنىڭ داۋالاش خادىملىرىدىن بولۇپ 140 كىشى تەشكىللىنىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق 18 ناھىيىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا سەھىيە تەشۋىقاتى ۋە داۋالاش خىزمىتى ئېلىپ باردى.

4 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مالىيە بۆلۈم باشلىقلىرى، بوغالتىر، مۇپەتتىشلەر ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيە خادىملىرى قاتناشقان ئىككىنچى قېتىملىق كەسپىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

6 - كۈنى، ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتى بىلەن خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى «قول سانائەتچىلەر قەرز پۇلىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»نى چىقىرىپ، شىنجاڭ دائىرىسىدە 7 مىليارد 200 مىليون يۈەن سانائەت قەرز پۇلى تارقىتىشنى قارار قىلدى.

△ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئالتىنچى رايون تۇرپان يۈزىدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

9 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى دېموكراتىك قۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك «بەشكە قارشى تۇرۇش» خەلق سوتى ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم ئوغرى، جىنايەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى.

23 - كۈنى، دۆلەتلىك مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى غۇلجا،



قەشقەر شەھىرىنى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا سانائەتچىلەر ئىچىدە قانات يايدۇرۇلغان «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى 130 كۈن ئېلىپ بېرىلىپ ئاياغلاشتى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى شىمالىي شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش خىزمىتى ھەققىدە كۆرسەتمە چىقاردى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى دىڭلىچۈن بىلەن گۇباۋنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ‹ۋەخپە› يەر مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك مەخسۇس ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاغىلىق، يەكەن، پوسكام، قەشقەر كوناشەھەر، مارالبېشى، كۇچا، باي، ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلەردە زىيانلىق ھاشارات ۋە بوران ئاپىتى يۈز بەردى.

30 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلۇش قىسمى ئۈرۈمچىدە قۇرغان 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر زاۋۇتى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى تۈركۈم پولات ماتېرىياللىرىنى پىروكاتلاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قەدەملىك قۇرۇلۇش ئاياغلاشتى.

31 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 22 - بىڭتۇەنگە قاراشلىق ساۋەن، شىخەنزە قاتارلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ھاشارات ئاپىتى يۈز بەردى.

مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەم تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بوران، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى؛ گۈچۈڭ، جىمسار، مورى قاتارلىق جايلاردىكى زىرائەتلەر ئۈششۈككە ئۇچرىدى.

## 6 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۈسمۈرلەر ئەترىتى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى، 25 چوڭ ئەترەت، 102 ئوتتۇرا ئەترەت، 218 كىچىك ئەترەت تەشكىل قىلىنىپ، 13 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4669 نەپەر ئوغۇل - قىزلار ئەترەتكە قوبۇل قىلىندى.

2 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى لۇرۇڭ «مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسى»نى ئۆزگەرتىپ سىناق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى خې جېڭجياڭ ئىككى يوللۇق كېۋەز تېرىش ماشىنىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى.

△ ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېڭىنە بىلەن داۋالاش ئۆيى كېسەل كۆرۈشنى باشلىدى.

4 - كۈنى، گۇما ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تازغۇندا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ قاتارلىق يەتتە ۋىلايىتىنىڭ 19 ناھىيىسىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ۋىلايەتتىكى 12 ناھىيىنىڭ توققۇزىدا چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئېتىزلارنىڭ كۆلىمى 354 مىڭ 800 مودىن ئېشىپ كەتتى، 25 مىڭ مو مايسا زىيانغا ئۇچرىدى.

9 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئازادلىق ئارمىيە



مەلۇم قىسمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى ئىجاد قىلىپ ياسىغان ئۈچ چىشلىق زىرائەت تېرىش ماشىنىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

9 - كۈندىن 13 - كۈنگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى.

12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپەتنى قوغلىشىش توغرىسىدا جىددىي كۆرسەتمە» چىقارغاندىن كېيىن، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى چېكەتكە يوقىتىشنى مەركىزىي خىزمەت قاتارىغا كىرگۈزدى؛ ھەرقايسى جايلار 27 مىڭ 500 دىن ئارتۇق كىشىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 88 مىڭ 598 مو يەردىكى چېكەتكىنى يوقاتتى.

13 - كۈنى، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 140 - سانلىق يىغىنى ژاۋ جېڭشىننى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىقىغا؛ خۇ سىنگۇڭ، يۈجەنلىن ۋە نۇسرەتنى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

17 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلاردىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تېلېگرام يوللاپ، جايلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تېزلىكتە چېكەتكە يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

22 - كۈنى، ئۆلكىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى «ئۆلكە بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازى

لىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىپى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئازادلىق ئارمىيە مەلۇم قىسىمدىكى ماۋەنشى يېڭى تىپتىكى قوش يوللۇق كېۋەز تېرىش ماشىنىسىنى ئىجاد قىلىپ ياساپ چىقتى.

25 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا كۆرسەتمە»نى چىقاردى، ئۆلكىلىك سودا شىركىتى 1500 توننا تۆمۈر ئاجرىتىپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ بىر تۇتاش پىششىقلاپ ئىشلەشكە مەسئۇل بولۇپ كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، جوتو قاتارلىق دېھقانچىلىق قوراللىرىدىن بىر مىليوننى ياساشقا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى 714 مىليون 274 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق قوراللىرى قەرز پۇلى ئاجرىتىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇردى.

△ شۇ ئايدا، ئۈرۈمچى ليۇداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ رامانۋىلاشقان بىرىنچى كان قۇدۇقى قۇرۇلۇپ ئىشقا چۈشتى.

## 7 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» 1 - سېمونت زاۋۇتى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

△ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى.

△ «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نەشىر قىلىندى.

5 - كۈنى، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى



پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى قوشۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلدى.

5 - كۈندىن 7 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە پېرىكازچىكلار بىلەن قول سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پېرىكازچىكلار ئۇيۇشمىسى ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەركەز ئۆلكىمىزنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە دېھقانچىلىق دورا ماشىنىلىرى ئۈچۈن 60 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى.

△ شىنجاڭ «1 - ئىيۇن» پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، بۇرھان شەھىدى لېنتا كەستى.

14 - كۈنى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 46° قا چىقتى.

15 - كۈندىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار»، «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا قارار»، «چوڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يېڭىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلىپ، ۋاڭ ئېنماۋنى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 1 - شۇجىلىقىغا، شۈلىچىڭنى 2 - شۇجىلىقىغا، جاڭ باڭيىڭنى 3 - شۇجىلىقىغا، سەيپىدىن ئەزىزىنى 4 - شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى شى جۇڭشۈننىڭ غەربىي

شىمال ھەربىي - سىياسىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن دوكلاتى — «بەش ئايلىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر»نى قايتا ئېلان قىلدى.

19 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرى يېرىم يىلدىن بۇيان 176 يېڭى ئۆستەڭ ياسىدى، چوڭ - كىچىك 6430 كونا ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلدى، 733 كارىزنى يېڭىدىن قازدى ۋە رېمونت قىلدى، 3131 بۇلاق قازدى، چوڭ - كىچىك 144 سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياسىدى؛ سۇغىرىش دائىرىسى 660 مىڭ موغا يەتتى.

21 - كۈنى، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شېكەركۆل رايونىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

26 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەسىپلىرى يىغىنىنى ئاچتى.

31 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۆلەت پۇلى بىلەن داۋالاش، ئالدىنى ئېلىشنى يولغا قويۇشنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

## 8 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى قۇرۇلدى.

△ قۇمۇل «قىزىل بايراق» 1 - ئۆستەڭگە سۇ باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

△ قاراشەھەر «ئازادلىق» 1 - ئۆستەڭگە سۇ باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

4 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خەلق بانكىسى



نىڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەخسىي ئىگىلىكتىكى سودا سانائەتكە قەرز پۇلى تارقاتتى.

6 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان دۆلەت پۇلى بىلەن داۋالىنىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يولغا قويۇش چارىسىغا ئاساسەن، ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت دۆلەت كادىرلىرى دۆلەت پۇلى بىلەن داۋالىنىش ئەۋزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى.

8 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقان - چارۋىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. يىغىن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى ماقۇللىدى؛ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە چىقاردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقتى.

9 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - نۆۋەتلىك ۋالىي - ھاكىملار بىرلەشمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

13 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق سوت خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

15 - كۈنى، بۇ يىل ئەتىيازدا پىدائىيى قىسىملارنىڭ دۆلەتكە قايتقان ۋەكىللىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ھەر مىللەت خەلقىگە دوكلات بەرگەن خۇي يەن چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىدىن «قەدىردان ئانا — ئوغۇلنىساخانغا» دېگەن تېمىدىكى ئالاھىدە خېتىنى ئېلان قىلدى. 103 ياشلىق ئۇيغۇر موماي ئوغۇلنىساخان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۆلگىسى بولۇپ، ئۆزى

نىڭ ئېگىلىگەن يېپىلىرى ۋە تېرىگەن بۇغداي باشاقلىرىدىن كىرىم قىلىنغان پۇلىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىئانە قىلىپ، قەھرىمان ئوغۇل - قىز پىدائىيلار قىسمىغا ياردەم بەرگەندى.

17 - كۈندىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد قۇرۇلۇش كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

21 - كۈندىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

22 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ زومىگەرلەرنىڭ ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش جىنايى قىلمىشى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

22 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن «(جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايونلاردا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تېزىسى) نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا قارار»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلاردىكى سىنىپىي تەركىبىنى ئايرىش توغرىسىدا تولۇقلىما بەلگىلىمە» ماقۇللاندى. يىغىن يەنە، بۇ يىل قىش - كېلەر يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدا دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش، زور كۈچ بىلەن چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاسراش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي رايونلاردا ئاپتونومىيىنى ئاكتىپلىق بىلەن يولغا قويۇش؛ بۇ يىلقى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش



ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنى كۈچەيتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تەييارلىق قىلىش؛ مەدەنىيەت - مائارىپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى قارار قىلدى.

25 - كۈنى، ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان قاراشەھەر ۋىلايىتى خېجىڭ ناھىيىسىدىكى موڭغۇل دىنىي ساھە ۋەكىلى گىگەن توققۇزىنچى گوڭمىڭ شىنجاڭ شۆتەبيۇروسى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا «خادا» ۋە لەۋھە تەقدىم قىلدى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى «مىللىي سىياسەت ۋە ئاممىۋى ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

30 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى پاختەكلى يېزىسىدىكى بارلىق دېھقان يولداشلارغا جاۋاب خەت يېزىپ: «3 - ئايدا سىلەرنىڭ يەر ئىسلاھاتى غەلىبە قازانغانلىقىنى تەبرىكلىگەن ۋاقىتتا ماڭا يازغان خېتىڭلارغا رەھمەت، سىلەر پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئودallıq يەر ئىگىلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇڭلار، سىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىش شۇئارى ئاستىدا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىڭلارنى ھەم مۇشۇ ئاساستا ئۆزۈڭلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن» دېدى.

مۇشۇ ئايدا، ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 - مۇئاۋىن كومىسسارى، مۇۋەققەت كومىسسارى بولدى.

△ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 1 - تومىنىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشىر قىلىندى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان چىقىرىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خىزمەتنى ھەققىي ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى سىياسەتلەرنى قايتا تەكىتلىدى: قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تارىخىي جىنايىتى ۋە بۇرۇن باندىت بولۇپ، ھازىر توغرا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار، ھازىرمۇ باندىتلىق قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ بۇرۇنقى قىلمىشلىرى بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ؛ بۇندىن كېيىن داۋاملىق توپلىشىپ قوراللىق توپىلاڭ بىلەن شۇغۇللانغانلار قەتئىي ئاغدۇرۇلۇپ، قولغا ئېلىنىپ، قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ؛ چارۋىچىلار ۋە چارۋىدارلارنىڭ چارۋىلىرى ھەم باشقا مال - مۈلكى قوغدىلىپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىمايدۇ؛ چارۋىدارلارغا ياللانغان چارۋىچىلار چوقۇم چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەڭ پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ توختام تۈزۈپ، تۇرمۇش ئەھۋالىنى مۇۋاپىق ياخشىلىسا بولىدۇ؛ چارۋىچىلىق رايونىدىكى خەلقنىڭ باراۋەر، ئەركىن سودىسىنى قوغدىلىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە قىسىملارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا توپلىنىپ قوراللىق توپىلاڭ قىلغانلاردىن باشقىلارنى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي ئۆز ئالدىغا تېتىشىغا، شەخسىي مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا بولمايدۇ.



## 9 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ياز كىرگەندىن بۇيان، ئالتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، خوتەن ئىككى ۋىلايەتنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشى ھەممىدىن ئېغىر بولدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى خوتەن ۋىلايىتىدە بىر موخو كېسەللىكى دوختۇرخانىسى، ئىككى موخو كېسەلكەنتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

△ پوچتا مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ئومۇمىي ئېلان چىقىرىپ: شىنجاڭدىكى ھەرقايسى پوچتا-تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ بىردەك ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەت، تېلېگراممىلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

6 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىسى بۇ يىل قىش- كېلەر يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك رايون، يېزىلىق پوچتا ئورۇنلىرى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى.

12 - كۈنى، ئۈرۈمچى پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى شاخچە بىلەن بولغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسىنى باشلىدى.

12 - كۈندىن 23 - كۈنگىچە، ئۆلكىلىك تەپتىش

مەھكىمىسى ۋىلايەتلەر تەپتىش باشلىقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ، ئۆلكىمىز تەپتىش خىزمىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى.

15 - كۈنى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يەر ئىسلاھاتى رايونلىرى تەشكىللىگەن 20 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ئارقا - ئارقىدىن يېزىلارغا چۈشۈپ، يەر ئىسلاھاتىنىڭ سىناق خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

18 - كۈنى، ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە مەمەت تاتلىق ئىجاد قىلغان دراما «يېتىمنىڭ بېشى» نى ئوينىدى.

20 - كۈندىن 29 - كۈنگىچە، جوڭگو پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ رايونلۇق ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئەزالار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە جوڭگو پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

21 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ۋىلايەت، ناھىيىلەردە يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتى قۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

23 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ماددىي ئەشيالار ئالماشتۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

24 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شەرقىي شىمال خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى، ئۆلكىمىزدىن 200 تۇياق لەنخا قويى زاكاز قىلدى، جوڭگو-سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۇنى



ئايروپىلان بىلەن شەرقىي شىمالغا يۆتكەپ بەرگەندىن كېيىن كىنگە يېتىلمەكچى بولدى.

28 - كۈنى، ماۋزېدۇڭ: تيانشان - لەنجۇ تاش يولىدا ماشىنا قاتنىغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن، تىرىشىپ تيانشان - لەنجۇ تاش يولىنى ياساشنى داۋاملاشتۇرايلى! دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى زېڭ شىڭتىڭنىڭ شىنجاڭنىڭ «ئۈچ يىلدىن بۇيانقى چارۋىچىلىقى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى خې شىڭۋاڭنىڭ «ئۈچ يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

30 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى «ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يىغىنى» كەسپىنى سىناق قىلدى.

مۇشۇ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى رۇس تىلى تېخنىكا مەكتىپىنى تەسىس قىلدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كومىتېتى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلدى.

△ مۇشۇ ئايدىن 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى يەر ئىسلاھاتىنى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتۇرۇپ، فېئودالىق يەر ئىگىلىكىنى بىكار قىلىپ، 7 مىليون 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلدى ھەم بۇ

يەرلەرنى يەرسىز ياكى يېرى كەم 2 مىليون 100 مىڭ كەمبەغەل دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى.

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى لەنجۇ تۆمۈر يول بېكىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

△ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتى، غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

4 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتى قۇرۇلدى ھەم بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

6 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئورگانلاردىكى كادىرلارنى سىياسىي ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى.

11 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە، جەنۇبىي جۇڭگو غەربىي، شىمال مىللىي مائارىپ ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى ئۆلكىمىزنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

12 - كۈنى، ئۆلكىمىزنىڭ 1 - موخو كېسەللىك كەنتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە قۇرۇلدى.

14 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەت تونۇش ھەرىكىتى ھەيئىتى قۇرۇلدى.

17 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە، ئۆلكىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك چارۋىچىلىق بېجى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

18 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى



«قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئاغرىق، يارىدار، مېيىپ، كۆزى ئاجىزلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

20 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ «كىتاب - ژۇرناللارنى نەشر قىلىش، بېسىش، تارقىتىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» ۋە «پەسىللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش ۋاقىتلىق چارىسى» نى يولغا قويدى.

△ «ئازادلىق بىناسى» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى سېلىش قۇرۇلۇشى ئاياغلاشتى.

20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت - كانلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق سانائەت ستاتىستىكا يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

21 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: جۇڭگو خەلق ئىستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ئىككى يىلدىن بۇيان غۇلجا، تارباغاتايدا تارماق شىركەت قۇردى؛ قورغاستا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇردى، قۇمۇل، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى 25 ئورۇندا ۋەكالەت ئورنى ھەم ئالاھىدە ۋەكالەت ئورنى قۇردى؛ يەرلىك كادىرلاردىن 106 كىشىنى قوبۇل قىلدى، كەسپىي كادىرلاردىن 254 نى تەربىيىلىدى؛ ئوت، ئادەم، مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى، ماددىي ئەشيا توشۇش سۇغۇرتىسى، يېزىلاردىكى چارۋا سۇغۇرتىسى قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويدى.

23 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «شىنجاڭنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىنى تەرتىپكە سېلىش خىز-

مىتى توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭ بويىچە ئىككى يىلدىن بۇيان چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىدىن ھال سوراشقا ئىئانە قىلغان پۇل 10 مىليارد 480 نەچچە مىليون يۈەنگە، قورال - ياراققا ئىئانە قىلىپ دۆلەت بانكىسىغا كىرگەن پۇل 56 مىليارد 170 نەچچە مىليونغا يەتكەن.

27 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنى ئېچىلدى.

29 - كۈنى، مىچۈەن مىڭجىن سۇ ئامبىرىنىڭ 1 - پەسىللىك قۇرۇلۇشى ئاياغلاشتى.

## 11 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەييارلىق ھەيئىتى «ئۈرۈمچى ئىشچىلىرى» گېزىتىنى «شىنجاڭ ئىشچىلىرى» گېزىتىگە ئۆزگەرتىشنى ھەم ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىشنى قارار قىلدى.

12 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتى تۇنجى قېتىم سۈنئىي نەسىللەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆلكىمىزدە ئىنچىكە يۇڭلۇق سورتلۇق لەنخا قويىنى كېڭەيتىش، قوي سورتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىدە بۇ ئىشنى نۇقتىلىق ئېلىپ باردى.



19 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: غەربىي شىمال رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ئۆلكىمىز تەنتەربىيە كوماندىسى ئاياللار تۈرى بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا ۋە 400، 800 مېترلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى، ئەرلەر تۈرى بويىچە 1600 مېترلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

22 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

مۇشۇ ئايدا، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «شىنجاڭنىڭ يەر ئىسلاھاتىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ يەر ئىشلىتىشىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا چارە» ئېلان قىلدى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىردى. ۋاڭ ئىنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى «شىنجاڭنىڭ مالىيە-ئىقتىسادىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات»، جاڭ شىچېن «قىسىملارنىڭ كەسىپ ئالمىشىشىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلات»، ياڭ جيېي «قوشۇنلارنىڭ 1952 - يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن خۇلاسە ۋە 1853 - يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى توغرىسىدا دوكلات» بەردى.

## 12 - ئاي

10 - كۈنى، شىخو چېپەيزى سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاياغلاشتى.

12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىشسىزلارنى تىزىملاش چارىسىنى يولغا قويۇش قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى.

13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، مالىيە نازارىتى ئۈچ دەرىجىلىك مالىيە خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى.

16 كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

30 - كۈنى، مەركەز ۋە دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى بۇيرۇق چىقىرىپ، 1952 - يىلدىكى 1 - تۈركۈم دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇكاپاتلانغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى.

30 - كۈنىدىن 1953 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى، تۇنجى نۆۋەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

مۇشۇ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى شتاتىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى باشلىدى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملار قۇرۇپ چىققان ليۇ داۋان كۆمۈر كېنى، 1 - ئىيۇن پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، 1 - ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتى، ئۆكتەبىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، ئۇلانباي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق 25 چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت، كان، كارخانىلار، ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ بىر قىسمى ۋە 800 ماشىنا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشكە باشلاندى. يەنە سانائەت، كان، كارخانىلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ بې-



رىلگەن كادىر، ئەسكەر ۋە ئىشچى، خىزمەتچىلەر 10 مىڭ 700 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سانائەت مەكتىپى تارقىتىۋېتىلدى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىدىن جەمئىي 8400 دىن ئارتۇق كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار 4400 كىشى) ھەرقايسى يەرلىك پارتكوم ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرى خىزمىتىگە ئالماشتى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

شۇ يىلى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تولى مەركىزىي رايونىنى تولى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى.

△ ئۆلكىلىك ئايال - بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ئورنى قۇرۇلدى.

△ جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك مېتاللار شىركىتى ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتىپى تەسىس قىلدى.

△ ئۆلكىمىزنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 73 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 58 مىليون 920 مىڭ يۈەن، قالدۇقى 14 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولدى.

△ خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى ھەر خىل قەرز پۇلدىن 14 مىليارد 785 مىليون يۈەن تارقاتتى (كونا پۇل).

△ پۈتۈن شىنجاڭدا 16 مىليون 735 مىڭ تۇياق

چارۋا ـ ماللار بار.

△ پۈتۈن شىنجاڭدا 23 مىليون 890 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇ يىل 21 مىليون 440 مىڭ مو يەر تېرىلدى. ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۈچ مىليارد 152 مىليون 300 مىڭ جىڭ، مايلىق دان 141 مىليون 270 نەچچە مىڭ جىڭ، چىگىتلىك پاختا 22 مىليون 545 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 187 جىڭ، مايلىق دان 115 جىڭ، چىگىتلىك پاختا 31 جىڭ (قىسىملار تېرىغان يەر ۋە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ) بولدى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دىن ئېلىندى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (34)
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168مم 1/32
باسما تاۋىقى: 10 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2.100
ISBN 7—228—02375—7/K·238
باھاسى: 2.70 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

主编：哈力克·沙克
副主编：阿不力孜
编辑：司·艾斯哈尔
迪丽达尔
吐尔洪

**新疆文史资料选辑（34）**（维文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 10印张 2插页
1993年8月第1版 1993年8月第1次印刷
印数：1—2，100

ISBN7—228—02375—7/K·238 定价：2.70元